# شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى

# 新疆社会科学

1—85





رەسىم: «تۈركى تىللار دىۋانى»نىڭ ئاپتورى مەھمۇت قەشقەرى مازىرى

# مۇندەرىجە


1 سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئىلمىي يەكۈنى ............ تۆمۈر داۋامەت

شىنجاڭدا سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ يىللىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى

ئىككى يېرىم قاتلاشتىكى ئىستراتېگىيە مەسىلىسى توغرىسىدا مۇھاكىمە ......

...................................................... جۇجۇچۈن

3 جۇمەخۇن تەرجىمىسى

شىنجاڭ ئىقتىسادىنى قاتلاش ئىستراتېگىيىسىدىكى مەبلەغ مەسىلىسى ... رىن تىڭگۇي

14 جۇمەخۇن تەرجىمىسى

يېزا ئىقتىسادىي ئىسلاھاتىدىكى زور ئىلگىرىلەش ۋە ئۇنىڭ يېزا ئىقتىسادىي

28 قۇرۇلمىسىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ............ رازاق تۆمۈر

4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش جەريانىدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتى مەسىلىسى ھەققىدە

دەسلەپكى مۇلاھىزە ............ چى ۋېنلى

39 ئېزىز يۇسۇپ تەرجىمىسى

يولداش خۇچياۋمۇنىڭ «ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە ياتلىشىش مەسىلىسى» دىگەن

56 ئەسىرىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن ............ ئىمىن ئاببas

بېزەكلىكتىن يېڭى تېپىلغان قەدىمقى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەر توغرىسىدا

64 تەتقىقات ............ دولقۇن قەمبىرى، ئىسراپىل يۇسۇپ

ئىدىقۇت گاۋچاڭ ۋاڭلىقى تۆھپە مەڭگۈ تېشىنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇرچە تېكىستى

86 ئۈستىدە سېلىشتۇرما ۋە تەتقىقات ............ قاھار بارات، لىيۇ يىڭشېڭ

مەنچىلىك خانلىقى دەۋرىدە بېيجىڭدا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار ........ جاڭ يۇشىن

125 روزى تۇردى تەرجىمىسى

غەربىي تۈرك ۋە غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى تارىخىغا

ئائىت بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا ............ دۇەن ليەنچىن

139 ئابلەت نۇردۇن تەرجىمىسى

تاڭجارىق ۋە ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ھازىرقى زامان قازاق ئەدەبىياتىدىكى ئورنى

155 ............ قاۋسىلقان قامىجان

169 ئوغۇزنامە ھەققىدە مۇلاھىزە ............ غەيرەتجان ئوسمان

184 دىكتورلۇق ھەققىدە بەزى چۈشەنچىلىرىم ............ تۇرسۇن ئىلمۋالىدى

تۇغلۇق تۆمۈرخان ھەققىدە قىسقىچە بايان (مۇشتىرىلار خېتىگە جاۋاپ) ......

188 ............ ماخمۇت يۇسۇپ

# سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئىلمىي يەكۈنى

## — «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارى»نى ئۆگىنىش تەسىراتىم

تۆمۈر داۋامەت

پارتىيىمىزنىڭ 12- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارى» — ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشتىكى زور تەدبىر بولۇپ، ئېلىمىز ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ ئىستىقبالىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇ، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك تەرەققىيات يولىدىكى يېڭى ناماياندە.

«جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارى» — دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى 35 يىللىق سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئىلمىي يەكۈنى، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ ئۇلۇغۋار پىلانى. ئۇ، پىروگراممىلىق خاراكتېرلىق ھۆججەت بولۇپ، زور رېئال ئەھمىيەتكە ۋە چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە، كۈچلۈك نەزەرىيىۋىلىككە، ئىلمىيلىككە ۋە مەنتىقىغە ئىگە. ئۇنىڭدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىقتىسادىي نەزەرىيە مەسىلىلىرى بىر يېڭىلىق، ئۇنىڭدا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنىڭ مودېلى ئىلمىي سۆزلەر بىلەن سۆرەتلەپ بېرىلگەن، ئۇ— ماركسىزم- لېنىنىزمنىڭ زور تەرەققىياتى. «قارار»دا، ھەم ماركسىزمنىڭ تۈپ قائىدىلىرىدە چىڭ تۇرۇلغان، ھەم جۇڭگونىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ ئىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇلغان؛ ھەم ئۆزىمىزنىڭ تەجرىبىلىرى ئەستايىدىل يەكۈنلەنگەن، ھەم چەتئەللەرنىڭ ياخشى تەجرىبىلىرى قوبۇل قىلىنغان ۋە ئەينەك قىلىنغان. ئۇنىڭدا ئېلىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى سىياسىي ۋەزىيىتى ۋە ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى مۇپەسسەل تەھلىل قىلىنغان، پىلانلىق ئىگىلىك ۋە تاۋار ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىق نۇرغۇن زور مەسىلىلەر نەزەرىيە جەھەتتىن يىغىنچاقلانغان، ئىلگىرى ساقلانغان ئىللەتلەر كۆزدە تۇتۇلۇپ، «قارار»دا ئېلىمىز ئىقتىسادىي تۈزۈلمە

ئىسلاھاتى توغرىلىق بىر قاتار فاڭجېن ۋە سىياسەتلەر بەلگىلىگەن، ئىقتىسادىي ساھەدىكى «سول» چىللىقنىڭ تەسىرى ئۈزۈل-كېسىل تۈزىتىلىپ، ئىقتىسادىي قانۇنىيەتكە ئەمەل قىلىنغان. بۇنىڭ بىلەن ماركسىزم-لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئىلمىي يولى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ئېلىمىزدە سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن يول تازىلاندى، بۇ، ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ نەزەرىيە غەزىنىسىگە قوشۇلغان يېڭى تۆھپە. «قارار» ئىدىيىنى ئازات قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇ ماركسىزملىق سىياسى ئىقتىسات ۋە ئىلمىي سوتسىيالىزم تەلىماتىنى بېيىتتى. «قارار» دا، پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنى بەلگىلىگەن ئىدىيىۋى لۇشيەن، سىياسى لۇشيەن ۋە تەشكىلىي لۇشيەن ئىزچىللاشتۇرۇلدى، 12-قۇرۇلتايدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان باش ۋەزىپە، باش نىشان گەۋدىلەندۈرۈلدى، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئارزۇسى ۋە تەلىۋى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلدى

ئىشىنىمەنكى، بۇ «قارار» نى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى قەتئى تۈردە مۇشۇ «قارار» نىڭ روھى بويىچە ئىسلاھ قىلىدىغانلا بولساق، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى چوقۇم زور دەرىجىدە ئازات بولىدۇ، پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىدە چوقۇم بىر قېتىم چوڭ سەكرەش بارلىققا كېلىدۇ. پارتىيە 12-قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئۇلۇغۋار نىشان چوقۇم بالدۇر ئىشقا ئاشىدۇ، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم ئۆزىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق نامايەن قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كوممۇنىزم ھەرىكىتىگە ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە مۇھىم بىر تۆھپە قوشقان بولىمىز.

نۆۋەتتە «قارار» نى ئەستايىدىل ياخشى ئۆگىنىپ، تونۇشىمىزنى «قارار» ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، سىياسى جەھەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن قەتئى بىردەك بولۇشىمىز لازىم. ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدىغان ئىدىيىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇشىمىز، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىشىمىز، باتۇرلۇق بىلەن ئىسلاھاتنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرۇپ، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، يېڭى تەجرىبىلەرنى ئۆزلۈكسىز تېپىپ چىقىشىمىز ۋە ئومۇملاشتۇرۇشىمىز، ئىسلاھ قىلالايدىغان ئىختىساسلىق خادىملارنى دادىل ئىشلىتىشىمىز، ئۇلارنىڭ ئۆز ئىقتىدارىنى تولۇق ئىشقا سېلىشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ بېرىشىمىز، يېڭىلىق يارىتىش روھىغا باي، شىجائەتلىك، قابىلىيەتلىك كىشىلەرنى ئۆزلۈكسىز تۈردە تېخىمۇ كۆپلەپ يېتىشتۈرۈپ، ئىسلاھاتقا يول ئاچقۇچىلاردىن قىلىشىمىز كېرەك. بىز يەنە رىقابەتلىشىشكە جۈرئەت قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئەۋزەللىكىنى

(داۋامى 4-بەتتە)

# شىنجاڭدا سانائەت، يېزا ئىگىلىگىنىڭ يىللىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى ئىككى يېرىم قاتلاشتىكى ئىستىراتېگىيە مەسىلىسى توغرىسىدا مۇھاكىمە

جۇ جىزچۈن

بۇ يىل 8 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق 3 - نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ 3 - قېتىملىق ( كېڭەيتىلگەن ) ئومۇمىي يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ يىغىن 12 - قۇرۇلتاينىڭ روھىنى قىبلىنامە قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئازاتلىقتىن بۇيانقى، بولۇپمۇ يېقىنقى بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيانقى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش تەجرىبىلىرىنى ئومۇمىي يۈزلۈك يەكۈنلەپ، ئاپتونوم رايونلۇق 3 - نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ شىنجاڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئىستىراتېگىيىلىك نىشانى توغرىسىدا تەسەۋۋۇرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ تەلەپلەرنىڭ بىرىنچىسى، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا سانائەت، يېزا ئىگىلىگىنىڭ يىللىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى ئىككى يېرىم قاتلاش، يەنى 2000 - يىلغا يەتكەندە ئاپتونوم رايوننىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى 42 مىليارت يۈەنگە يەتكۈزۈش. ئىككىنچىسى، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە، ئۇزاق تارىختىن قېپقالغان ئىقتىسات، مەدەنىيەت جەھەتتىكى قالاقلىقنى ئۆزگەرتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسات، مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەرەققىياتىنى مەملىكەت بويىچە يۇقىرىغا مايىل ئوتتۇرا ھال سەۋىيىگە يەتكۈزۈش، ھەتتا ئىلغارلار قاتارىغا ئۆتكۈزۈش. بۇ ئۇلۇغۋار پىروگرامما شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئۇلۇغ ئىستىراتېگىيىلىك نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ ۋە سەپەرۋەر قىلىدۇ!

رايون ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئىستىراتېگىيىلىك نىشانى — رايون ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستىراتېگىيىسىنىڭ ئاساسى ۋە يادروسى، ئۇ بىر رايوننىڭ مەلۇم مەزگىلدىكى ئاساسىي ھۇجۇم نىشانىنى، تەرەققىيات كۆلىمىنى، ئەمەلىي كۈچىنىڭ ئۆسۈشىنى ۋە ئىستىراتېگىيىلىك نىشان ئەمەلگە ئاشقاندىن كېيىن ئاھالىنىڭ ماددىي، مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ قانچىلىك ئۆسىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئىستىراتېگىيىلىك

نىشانىنىڭ توغرا تاللىنىشى ـ تاللانماسلىقى رايون ئىقتىسادى تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئىستراتېگىيىلىك نىشانىنى بەلگىلەشتە، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى، مەركەزنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن ئوبدان بىرلەشتۈرۈپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە كەمچىلىكىنى، ئىككى يېرىم قاتلاشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە ئىمكانىيىتىنى، ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ يولى ۋە ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرلىرىنى ئومۇمىي يۈزلۈك تەھلىل قىلىپ، ئۇنى پۈتۈنلەي ئىلمىي ئاساسقا دەسسىتىش لازىم. پارتىيىنىڭ 12 ـ قۇرۇلتىيى 20 يىل ئىچىدە مەملىكەت بويىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى ئىككى قاتلاشنى ئوتتۇرىغا قويسا، ئاپتونوم رايونىمىز ئىككى يېرىم قاتلاشنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بۇنىڭغا مۇنۇ ئالاھىدە ئامىللار سەۋەب بولدى: (1) شىنجاڭ بولسا ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى، 46 ئاز سانلىق مىللەت بار، مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەت ئەڭ كۆپ جايلاشقان رايون. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەمەلىيەتتىكى تەڭسىزلىكنى تۈگىتىش پارتىيىنىڭ يېڭى مەزگىلدىكى مىللىي خىزمىتىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسى. ئازاتلىقتىن بۇيان شىنجاڭنىڭ ئىگىلىكى ناھايىتى كۆپ تەرەققىي قىلدى. 1949 ـ يىلغا سېلىشتۇرغاندا، 1984 ـ يىلى سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 9.2 ھەسسە، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 7.7% ئاشتى، لېكىن تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن شىنجاڭنىڭ ئىگىلىكى، پەن ـ تېخنىكىسى ھېلىمۇ بىر قەدەر ئارقىدا. مۇشۇ ئاساستا، 2000 ـ يىلغىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئىككى قاتلانغان يەنى 7 مىليارد يۈەندىن 28 مىليارد يۈەنگە يەتكەندىمۇ، شىنجاڭنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىقتىسادىي ئورنى ھېچقانچە ئۆزگەرمەيدۇ، يەنىلا 1% چامىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ يەر كۆلىمى جەھەتتە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ

---

تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىلگىرى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارغا يېتىشىۋېلىشىمىز، 2000-يىلغا بارغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سانائەت ـ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى ئىككى يېرىم قاتلاشنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز لازىم. بىز چوقۇم ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ئىسلاھ قىلىش خىزمىتىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى ئىشلەپ، شەھەر ـ يېزا ئىقتىسادىنىڭ گۈللەپ ياشنىشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، دۆلىتىمىزنىڭ گۈللەپ قۇدرەت تېپىشى ۋە خەلقىمىزنىڭ بېيىپ بەختلىك بولۇشى ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشىمىز لازىم.

6 دىن بىرىنى تەشكىل قىلىدىغان شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىغا ماس كەلمەيدۇ. ( 2 ) ئازاتلىقتىن بۇرۇن، تارىختىكى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشى، ئېزىشى ئارقىسىدا، ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى ناھايىتى ئاستا كۆپەيگەن. ئازاتلىقتىن كېيىن، پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ نۇرى ئاستىدا ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى ناھايىتى تېز كۆپەيدى. 1964 - يىلدىكى 2 - قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈشتىن 1982 - يىلدىكى 3 - قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈشكىچە، مەملىكەت بويىچە ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 68%، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2·09% تىن كۆپەيگەن؛ شۇ مەزگىلدە مەملىكەت بويىچە خەنزۇلارنىڭ نوپۇسى ئاران 46·24%، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2·1% كۆپەيگەن. 1964 - يىلدىن 1982 - يىلغىچە، شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشى پۈتۈن مەملىكەتنىڭكىدىن تېز بولۇپلا قالماي، مەملىكەت بويىچە باشقا ئازسانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭكىدىنمۇ تېز بولۇپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3·3% كە يەتكەن. يۇقۇرقىدەك سەۋەبلەردىن كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى بىلەن كۆرسىتىلىدىغان ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسىدە، شىنجاڭ بىلەن پۈتۈن مەملىكەت ئوتتۇرىسىدىكى پەرق چوڭىيىپ بارماقتا. 1949 - يىلى شىنجاڭدا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 96·37 يۈەن بولغان بولسا، پۈتۈن مەملىكەتتە 86·03 بولۇپ، شىنجاڭدا پۈتۈن مەملىكەتتىكىدىن 12·01% يۇقۇرى ئىدى. 1981 - يىلى مەملىكەت بويىچە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 751·84 يۈەن، شىنجاڭدا 575·59 بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكىدىن 23·44% تۆۋەن بولۇپ قالدى. قېرىنداش ئۆلكە، شەھەر، رايونلار بىلەن بولغان پەرقنى كىچىكلىتىش ئۈچۈن، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭكى بىلەن تەڭ قىلىپلا قالماستىن، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن تېز قىلىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا، شىنجاڭنى ئاندىن مەملىكەت بويىچە ئىلغار رايونلار قاتارىغا ئۆتكۈزگىلى بولىدۇ. ( 3 ) شىنجاڭ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېتىگە جايلاشقان، ئۇنىڭ شەرق تەرىپى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن، جەنۇب تەرىپى ھىندىستان، پاكىستانلار بىلەن، غەرب تەرىپى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا قىسمى بىلەن چېگرىداش. چېگرا سىزىقى 5 مىڭ 391 كىلومېتىر بولۇپ، مەملىكەت بويىچە ئومۇمىي چېگرا سىزىقىنىڭ 4 تىن بىرىنى تەشكىل قىلىدۇ، مەملىكەت بويىچە چېگرا سىزىقى ئەڭ ئۇزۇن ئۆلكە - رايونلارنىڭ بىرى ھېساپلىنىدۇ. شىنجاڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماددىي، مەدەنىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى دۆلەت ئىچىدىكىلا ئەمەس، خەلقئاراغا، خۇسۇسەن خوشنا رايونلارغا ۋە ئىسلام

دۆلەتلىرىگىمۇ مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرق قىسمىدىكى رايونلار ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن بۇرۇن ئىقتىسادىي جەھەتتە بەك ئارقىدا ئىدى. ئۇلارنىڭ يەر كۆلىمى پۈتۈن سوۋېت زېمىنىنىڭ 2 دىن بىر قىسمىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلسىمۇ، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئاران 1·5% (1927 - يىلى) نى ئىگىلەيتتى. شەرقتىكى رايونلارنىڭ ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش، شەرقتىكى رايونلارنىڭ مول تەبىئىي بايلىقىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى شەرقتىكى رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىپ، ئۇ يەرلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سۈرئىتىنى غەربتىكى رايونلارنىڭكىدىن ئاشۇرۇۋەتتى. 1980 - يىلى پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقىدا كۆمۈرنىڭ 53·8% ىنى، نېفىتنىڭ 55% ىنى، تەبىئىي گازنىڭ 63·8% ىنى شەرقتىكى رايونلار يەتكۈزۈپ بەردى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى 5 ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى بۇرۇن ئىقتىسادىي جەھەتتە ئارقىدا ئىدى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، بۇ رايونلارنىڭ ئىقتىسادى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى. قازاقىستاننى ئالساق، 1913 - يىلى ئاران 90 مىڭ توننا كۆمۈر ئىشلەپچىقىراتتى، كۆمۈر مەھسۇلاتى سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە 0·3% نى تەشكىل قىلاتتى. 1980 - يىلى كۆمۈر مەھسۇلاتى 115 مىليون 400 مىڭ تونناغا يېتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە كۆمۈر مەھسۇلاتىنىڭ 16% ىنى تەشكىل قىلدى. توك مىقدارى 1913 - يىلى 1 مىليون 300 مىڭ كىلوۋات سائەت بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە توك مىقدارىنىڭ 0·06% ىنى تەشكىل قىلاتتى. 1980 - يىلى 61 مىليارت 500 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە توك مىقدارىنىڭ 4·7% ىنى تەشكىل قىلدى. 1979 - يىلى قازاقىستاندا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئاشلىق 2·35 تونناغا يەتتى. شۇڭا شىنجاڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئىستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئويلاشقان ۋە تۈزگەندە، دۆلەت ئىچىدىكى ئىلغار رايونلار بىلەن بولغان پەرقنى كىچىكلىتىش ئۈچۈن تىرىشىپ قالماي، خوشنا دۆلەتلەر بىلەن، بولۇپمۇ خوشنا دۆلەتلەر-نىڭ چېگرىداش رايونلىرى بىلەن بولغان پەرقنى كىچىكلىتىش ئۈچۈنمۇ تىرىشىشىمىز لازىم. بۇ — شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان تارىخىي ۋەزىپە.

شىنجاڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئىستراتېگىيىلىك نىشانىنى بەلگىلەشتە، ئىككى يېرىم قاتلاشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى نەزەردە تۇتقاندىن باشقا، ئىككى يېرىم قاتلاشنىڭ ئىمكانىيىتىنىمۇ ئويلىشىش كېرەك. نىشان ئاكتىپ، ئىشەنچلىك، ئىمكانىيەت قالدۇرۇلغان بولسۇن.

30 نەچچە يىللىق قۇرۇلۇش ئارقىسىدا شىنجاڭنىڭ ماددىي، تېخنىكىۋى شارائىتى كۆپ ياخشىلاندى. 1980 - يىلى ئاپتونوم رايوندا سانائەتنىڭ تۇراقلىق مۈلكى

5 مىليارت 80 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇ — ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئىستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم ماددىي ئاساسى. تېخىمۇ مۇھىمى، شىنجاڭنىڭ تەبىئىي بايلىقى مول، مەملىكەت بويىچە تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان كان بايلىقى 147 خىل بولسا، بۇنىڭ 117 خىلى شىنجاڭدا. بولۇپمۇ شىنجاڭ مەملىكەت بويىچە ئېنېرگىيە بايلىقى ئەڭ مول رايونلارنىڭ بىرى. جۇڭغار، تارىم، تۇرپاندىن ئىبارەت ئۈچ ئويمانلىقتا نېفىت زاپىسى جايلاشقان يەرنىڭ كۆلىمى 700 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرگە يېتىدۇ، شىنجاڭ دۆلىتىمىز بويىچە ئەڭ مۇھىم نېفىت ۋە نېفىت خىمىيە سانائىتى بازىلىرىدىن بىرى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. كۆمۈرنىڭ يىراق مەنزىرىلىك زاپىسى مەملىكەت بويىچە ئۆلچەنگەن كۆمۈر زاپىسىنىڭ تەخمىنەن 4 تىن بىرىدىن 3 تىن بىرىگىچە بولغان قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ، رەڭلىك مېتال بىلەن كەم ئۇچرايدىغان مېتاللارنىڭ زاپىسىمۇ ناھايىتى مول، تەكشۈرۈلۈپ ئېنىقلانغان بېرىلليي، لىتىي زاپىسى مەملىكەت بويىچە 1 - ئورۇندا تۇرىدۇ. سېزىي 3 - ئورۇندا تۇرىدۇ، تانتال، نىئوبىي 7 - ۋە 8 - ئورۇندا تۇرىدۇ. ئالتۇن كانلىرى كەڭ تارقالغان، مەركەزلەشكەن كان رايونىدىن بىر نەچچىسى بار. ئالتۇن مەھسۇلاتىنىڭ ئىستىقبالى كەڭ. باشقا رەڭلىك مېتال ۋە غەيرى مېتال رۇدىلىرىنىڭ زاپىسىمۇ ناھايىتى مول. تەبىئىي بايلىق — شىنجاڭنىڭ ئاساسىي ئۈستۈنلۈكى، شۇنداقلا مەبلەغ جۇغلاشنىڭ ئاساسىي مەنبەسى ۋە ئىقتىسادىي ئۆرلەشنىڭ ئاساسىي تۈۋرۈكى. شىنجاڭنىڭ تەبىئىي بايلىق، بولۇپمۇ نېفىت، رەڭلىك مېتال ۋە كەم ئۇچرايدىغان مېتال، غەيرى مېتال جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش — ئىككى يېرىم قاتلاشنىڭ ئەڭ مۇھىم كاپالىتى.

1981 - يىلىدىن بېرى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى ناھايىتى ياخشى بولدى، ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى. ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئىستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ياخشى مۇقەددىمىسى باشلاندى. ئىستاتىستىكىغا قارىغاندا، 1983 - يىلى سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 9 مىليارت 399 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1980 - يىلىدىكىدىن 34.57% ئاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەتنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليارت 349 مىليون يۈەن بولۇپ، 1980 - يىلىدىكىدىن 37.54%، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارت 50 مىليون يۈەن بولۇپ، 30.86% ئاشقان. بۇ 3 يىلدا سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 10.3% تىن ئاشقان، بۇ، مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى (9.1%) دىن 1.2% يۇقىرى، ئىككى يېرىم قاتلاش تەلەپ قىلغان يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش سۈرئىتى (9.4%) دىنمۇ 0.9% يۇقىرى. مۇشۇنداق ياخشى

ۋەزىيەتنى داۋاملاشتۇرىدىغان ۋە راۋاجلاندۇرىدىغانلا بولساق، ئىككى يېرىم قاتلاش تامامەن مۇمكىن.

دەرۋەقە، بۇنداق ئۇلۇغۋار ئىستراتېگىيىلىك نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئاسان ئىشمۇ ئەمەس، نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا يولۇقۇش مۇمكىن: 1) مەبلەغ يېتىشمەيدۇ. 1950-يىلدىن 1980-يىلغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 16 مىليارد 300 مىليون يۈەن، سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليارد 180 مىليون يۈەن ساپ ئاشتى، سېلىنغان مەبلەغدىن ھاسىل قىلىنغان قىممەتنىڭ كوئېففىتسېنتى 0·317. 2000-يىلغا بارغاندا، سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 42 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، 1980-يىلدىكىدىن 33 مىليارد يۈەن ئاشىدۇ، ئەگەر مەبلەغنىڭ قىممەت ھاسىل قىلىش كوئېففىتسېنتى 0·317 دە توختاپ قالسا، 100 مىليارد يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق كۆپ مەبلەغنى غەملەش قىيىن، شۇڭا مەبلەغنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئۈستىدە قاتتىق باش قاتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇندىن كېيىن پەن-تېخنىكىنىڭ يۈكسىلىشى، يېڭى تېخنىكا، يېڭى ھۈنەر-سەنئەت، يېڭى ماتېرىياللارنىڭ كەڭ تۈردە قوللىنىلىشى، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى ۋە باشقۇرۇش ۋاستىلىرىنىڭ زامانىۋىلىشىشى ئارقىسىدا، مەبلەغنىڭ ئۈنۈمى خېلى كۆپ ئۆسىدۇ. 1953-يىلدىن 1981-يىلغىچە مەملىكەت بويىچە سېلىنغان مەبلەغنىڭ قىممەت ھاسىل قىلىش كوئېففىتسېنتى 0·86 بولدى، ئەگەر تىرىشىپ شىنجاڭنىڭ مەبلەغىنىڭ قىممەت كوئېففىتسېنتىنى 0·317 دىن 0·6 نىڭ يۇقىرىسىغا كۆتۈرەلىسەك، ئىككى يېرىم قاتلاش ئۈچۈن 50 مىليارد يۈەنچە مەبلەغ بولسا يېتىدۇ. 2) ئاساسىي ئەسلىھەلەر ئاجىز، قاتناش جىددىي، خەۋەرلىشىش ۋاستىلىرى قالاق، بۇ — شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ تۇرىدىغان ئاساسىي ئامىللار. شىنجاڭنىڭ 1 مىليون 600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر زېمىنى بار، لېكىن پويىز يولى ئاران 1 مىڭ 400 كىلومېتىردىن كۆپرەك بولۇپ، ھەر يۈز كىلومېتىرغا ئاران 93 مېتىردىن تۆمۈر يول توغرا كېلىدۇ. دېمەك، شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىڭ زىچلىقى جەھەتتە شىزاڭدىن قالسا ئەڭ تۆۋەن تۇرىدىغان ئۆلكە-رايونلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ھازىر شىنجاڭنىڭ ئىچكىرى بىلەن ئالاقە قىلىدىغان بىردىن-بىر غول قاتناش يولى — لەنجۇ-شىنجاڭ تۆمۈر يولى، لەنجۇ-شىنجاڭ تۆمۈر يولىدا يىلىغا توشۇلۇۋاتقان يۈك 10 مىليون توننىدىن ئاشىدۇ، چېكىگە يېتەي دەپ قالدى. مەملىكىتىمىزنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، يۈك توشۇش مىقدارى ئادەتتە ساناەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ مەھسۇلات قىممىتىدىن ئاستا ئۆسىدۇ، مەسىلەن، 1950-يىلدىن 1981-يىلغىچە مەملىكەت بويىچە ساناەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي

مەھسۇلات قىممىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 12.9% تىن، يۈك توشۇش مىقدارى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 8.7% تىن ئاشقان. بۇندىن كېيىنكى 12 يىلدا، شىنجاڭنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 5 ھەسسە ئاشىدۇ، يۈك توشۇش مىقدارى ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ئاشمىسىمۇ، لېكىن 3 - 4 ھەسسىدىن تۆۋەن بولماس. شۇڭا يالغۇز لەنجۇ-شىنجاڭ تۆمۈر يولى يېتىشمەيدۇ، لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈر يولىنى تېخنىكا جەھەتتىن ئۆزگەرتىش بىلەن بىللە، شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىڭ قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، تاشيول تىرانسپورتى، تۇرۇبا تىرانسپورتى ۋە خەلق ئاۋىئاتسىيىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بىر نەچچە خىل تىرانسپورتنى تەڭ يولغا قويۇپ، رايون ئىچى بىلەن رايون سىرتىنى، شەھەر بىلەن يېزىنى تۇتاشتۇرىدىغان، تەرەپ-تەرەپكە سوزۇلغان تىرانسپورت تورىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش لازىم. شۇنداق قىلغاندا، شىنجاڭنىڭ ئېھتىياجىغا ئالدىن ئۇيغۇنلاشقىلى بولىدۇ. 3) پەن - تېخنىكا كۈچى كەملىك قىلىدۇ. ئازاتلىقتىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ئۆزىدە تەربىيىلەش، قېرىنداش ئۆلكە - رايونلار ۋە دۆلەت ياردەم بېرىش يولى بىلەن شىنجاڭنىڭ پەن - تېخنىكا قوشۇنى تېز زورايتىلدى. 1981 - يىلى شىنجاڭدا ئومۇمىي خەلق مۈلكىچىلىكىدىكى ئورۇنلاردىكى تەبىئىي پەن - تېخنىكا خادىملىرى 1,20 مىڭ 277 نەپەر بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىنژېنېر - تېخنىك خادىملار 31 مىڭ 669 نەپەر، يېزا ئىگىلىك تېخنىك خادىملىرى 15 مىڭ 370 نەپەر، تېببىي تېخنىك خادىملار 44 مىڭ 840 نەپەر، پەن تەتقىقات خادىملىرى 3 مىڭ 816 نەپەر، ئوقۇتۇش خادىملىرى 24 مىڭ 582 نەپەر بولۇپ، غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكە-ئاپتونوم رايون ئىچىدە شەنشىدىن قالسا 2 - ئورۇندا تۇرسىمۇ، شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇش ئېھتىياجىدىن يەنىلا كۆپ يىراقتا تۇرىدۇ. بەزىلەر دۆلىتىمىزنىڭ ۋە چەتنىڭ، شىنجاڭنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ ئىختىساسلىق خادىملارغا بولغان تەلەپ كوئېففىتسېيېنتىنى 0.66 بولىدۇ دەپ مۆلچەرلىگەن ۋە شۇنىڭغا ئاساسلىنىپ، 2000-يىلغا يەتكەندە شىنجاڭغا ھەر خىل ئىختىساسلىق خادىملاردىن 600 كىشى كېرەك بولىدۇ، دېگەن ھېساپنى چىقارغان. بۇنداق ھېساپلىغاندا قانچىلىك توغرا بولىدۇ، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، لېكىن ئادەمنىڭ كۆپ كېتىدىغانلىقى سەل قاراشقا بولمايدىغان پاكىت. شۇڭا مائارىپ تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، مائارىپ قۇرۇلۇشىنى تەڭشەپ، كۆپ خىل، كۆپ قاتلاملىق مائارىپ سىستېمىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈشنى تېزلىتىش شىنجاڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئىستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئىقتىسات، مەدەنىيەت جەھەتتە تارىختىن قېپقالغان قالاقلىقنى تۈگىتىپ، شىنجاڭنى تېزدىن يۇقۇرىغا مايىل ئوتتۇرا ھال سەۋىيىگە يەتكۈزۈش، مەملىكەت بويىچە ئىلغار رايونلار

قاتارىغا ئۆتكۈزۈش — شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مۇشۇ ئەسىردىكى تىرىشىش نىشانى. خوش، يۇقۇرىغا مايىل ئوتتۇرا ھال سەۋىيىگە يېتىشنىڭ ئۆلچىمى نېمە؟ قانداق بولسا ئاندىن ئىلغار رايونلار قاتارىغا ئۆتكەن بولىدۇ؟ بۇنىڭغا ھازىرچە بىرلىككە كەلگەن ئۆلچەم يوق، كۆپرەك، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى بىلەن (ياكى مىللىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئومۇمىي قىممىتى، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن مىللىي دارامەت بىلەن) كۆرسىتىلىۋاتىدۇ. 1980 - يىلى دۇنيا بانكىسى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن مىللىي دارامەت 330 ئامېرىكا دوللىرىغا يەتمىگەن دۆلەت ۋە رايونلارنى تۆۋەن دارامەتلىك دۆلەت ۋە رايون قاتارىغا، 7 مىڭ 590 ئامېرىكا دوللىرىدىن ئاشقان دۆلەت ۋە رايونلارنى يۇقۇرى دارامەتلىك دۆلەت ۋە رايون قاتارىغا كىرگۈزدى. دۆلىتىمىز بۇرۇندىن سانائەت، يېزا ئىگىلىكنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى كۆرسەتكۈچ قىلىپ كەلگەن ئىدى. بۇ يىل گوۋۇيۈەن مىللىي دارامەتنىمۇ كۆرسەتكۈچ قىلىپ قوشۇشنى قارارقىلدى. چۈنكى مىللىي دارامەت مۇئەييەن مەزگىلدە يېڭىدىن يارىتىلغان قىممەتنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، ئۇنىڭدا سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى ھېساپلاشتا تەكرار ھېساپلىنىدىغان ئامىللار چىقىرىۋېتىلگەن بولىدۇ، شۇڭا ئۇ رايون ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنى بىرقەدەر دەل ئەكس ئەتتۈرىدۇ. لېكىن دۆلەت بويىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى كۆرسەتكۈچ قىلىنىۋاتقاندىن، كۆرسەتكۈچنى سېلىشتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن جايلارمۇ سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدىن ئىبارەت كۆرسەتكۈچنى قوللانماقتا. مەملىكەت بويىچە يۇقۇرىغا مايىل ئوتتۇرا ھال سەۋىيىگە يېتىش ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرا ھال سەۋىيىدىن ئاشۇرۇۋېتىش لازىم. 12 - قۇرۇلتايدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىستراتېگىيىلىك نىشان بويىچە ھېساپلىغاندا، 2000 - يىلغا بارغاندا، مەملىكەت بويىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 280 مىليارت يۈەن ئۆپچۆرىسىدە، نوپۇس 1 مىليارت 200 مىليون، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 2 مىڭ 333 يۈەن بولىدۇ. شىنجاڭ — كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى 2 مىڭ 333 يۈەندىن ئاشۇرۇۋەتكەندە ئاندىن مەملىكەت بويىچە يۇقۇرىغا مايىل ئوتتۇرا ھال سەۋىيىگە يەتكەن بولىدۇ. لېكىن يالغۇز كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىلا كۆرسەتكۈچ قىلغاندا، ئۇمۇ خېلىلا چەكلىمىلىككە ئىگە بولۇپ، كۆپ ھاللاردا بىر رايوننىڭ ئەمەلىي

ئىقتىسادىي سەۋىيىسىنى دەل ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. مەسىلەن، 1981 - يىلى شىنجاڭنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 576 يۈەن بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 28 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايون ئىچىدە 14 - ئورۇنغا ئۆتۈپ، خۇنەن (573 يۈەن)، شەنشى (541 يۈەن)، جىياڭشى (508 يۈەن)، خېنەن (497 يۈەن)، سىچۈەن (471 يۈەن) قاتارلىق ئۆلكىلەردىن ئېشىپ كەتتى. بۇلار ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى شىنجاڭدىن يۇقىرى، ئاساسەن ئوتتۇرا ھال سەۋىيىگە كىرىدىغان ئۆلكىلەر. شىنجاڭنى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى جەھەتتە بۇ ئۆلكىلەردىن سەل ئۈستۈن تۇرغىنىغا قاراپ يۇقىرىغا مايىل ئوتتۇرا ھال سەۋىيىگە يەتتى، ھەتتا مەملىكەت بويىچە ئىلغار رايونلار قاتارىغا ئۆتتى دېگىلى بولمايدۇ. كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن مىللىي دارامەت بويىچە ھېساپلايدىغان بولساق، 1982 - يىلى مەملىكەت بويىچە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن مىللىي دارامەت 421 يۈەن، شىنجاڭنىڭ 420 يۈەن، بىر يۈەنلا كەم، بۇنداقتا شىنجاڭ مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرا ھال سەۋىيىگە يەتكەن بولىدۇ. شۇڭا بىر رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسىنى ئۆلچەشتە، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى ياكى مىللىي دارامەتنى ئۆلچەم قىلغاندىن باشقا، يەنە تېخنىكا ئۇسكۈنىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى، مەدەنىيەت - مائارىپ سەۋىيىسىنى، ئاھالىلەرنىڭ كىرىمىنى، ساقلىقنى ساقلاش ئەھۋالىنى كۆرسىتىدىغان قوشۇمچە كۆرسەتكۈچلەرمۇ بولۇشى، ئومۇملاشتۇرۇپ كۆرسىتىدىغان كۆرسەتكۈچ سىستېمىسى تۇرغۇزۇلۇشى لازىم. شۇنداق قىلغاندا، بىر رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسىنى ئاندىن توغرىراق ئەكس ئەتتۈرگىلى بولىدۇ.

دۆلىتىمىز — سوتسىيالىستىك دۆلەت، بىزدە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تۈپ مەقسىتى — ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈنسېرى ئېشىۋاتقان ماددىي، مەدەنىي تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش بۇ — سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ئىقتىسادىي قانۇنى، شۇنداقلا شىنجاڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئىستراتېگىيىلىك نىشانىنى بەلگىلەشنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە تۈپ چىقىش نۇقتىسى. شىنجاڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئىستراتېگىيىلىك نىشانىنىڭ تەدرىجىي ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قىياپىتىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىش ھاسىل بولىدۇ. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماددىي، مەدەنىي تۇرمۇش سەۋىيىسى كۆپ ئۆسىدۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى زور دەرىجىدە كۈچىيىدۇ، شىنجاڭ ئىقتىسات، پەن - مەدەنىيەت جەھەتلەردە قالاق ھالەتتىن قۇتۇلۇپ، پەيدىن - پەي مەملىكەت بويىچە ئىلغارلار قاتارىغا ئۆتىدۇ. شىنجاڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى جەھەتتە مەملى-

كەت بويىچە ھازىرقى 25 - ئورۇندىن 22 - ئورۇنغا ئۆتىدۇ. مۇتلەق سان جەھەتتە سەلشى، فۇجيەن، ئىچكى موڭغۇلدىن ئىبارەت 3 ئۆلكە، رايوننىڭ 1981 - يىلىدىكى سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ جەمئىسىدىن ئېشىپ كېتىدۇ. تيەنجىن شەھىرىنىڭ 1981 - يىللىق سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئازغىنا كەم ئىككى باراۋەرىگە تەڭ كېلىدۇ. 2000 - يىلى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1980 - يىلىدىكى 545 يۈەندىن 2 مىڭ 372 يۈەنگە يېتىپ، 3 ھەسسە كۆپەيسە، مەملىكەت بويىچە 14 - لىكتىن 10 - لىققا كۆتۈرۈلىدۇ. كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن مىللىي دارامەت پۈتۈن مەملىكەتنىڭكىدىن 15% ئۈستۈن بولسا، مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتۈپ، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن مىللىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 800 — 1000 ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن ھاللىق سەۋىيىگە ئېرىشىش مۇمكىن. بەزى ئاساسلىق سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى زور ھەجىمدە ئاشىدۇ. شىنجاڭ مەملىكەت بويىچە نېفىت چىقىدىغان ئاساسلىق ئۆلكە - رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. چارۋىچىلىق خېلى تەرەققىي قىلىدۇ، قوي ۋە چوڭ چارۋا جەھەتتە رايونىمىز مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتۈپ، دۆلەتنىڭ مۇھىم چارۋىچىلىق ۋە ھايۋانات ئاقسىل بازىسىغا ئايلىنىدۇ.

ئىشلەپچىقىرىشنىڭ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى خېلى زور دەرىجىدە ياخشىلىنىدۇ. ئازاتلىقتىن بۇيان، بولۇپمۇ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، شىنجاڭدا ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى خېلى جىق كۆپەيدى، 1980 - يىلى مەملىكەت بويىچە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلارنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق ئىش ھەققى 812 يۈەن بولسا، شىنجاڭنىڭ 935 يۈەن بولۇپ، مەملىكەتنىڭكىدىن 15·14% يۇقىرى. شىنجاڭ ئىش ھەققى جەھەتتە مەملىكەت بويىچە 28 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايون ئىچىدە شىزاڭ، چىڭخەيدىن قالسا 3 - ئورۇندا تۇرىدۇ. مال باھاسى جەھەتتىكى ئامىلنى چىقىرىۋەتكەندە، مەملىكەت بويىچە يۇقۇرىغا مايىل ئوتتۇرا ھال سەۋىيىگە توغرا كېلىدۇ.

3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىرىمى تېز كۆپەيدى. 1981 - يىلى مەملىكەت بويىچە يېزا خەلق گۇڭشېلىرىدىكى ئاساسىي ھېساۋات بىرلىكلىرىنىڭ ساپ دارامىتىدىن ئەزالارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلگىنى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 101·32 يۈەن بولسا، شىنجاڭدا 113·99 يۈەن بولۇپ، مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرىچە ساندىن 12·5% يۇقىرى. 28 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايون ئىچىدە 12 - ئورۇندا بولۇپ، ئوتتۇرا ھال سەۋىيىگە توغرا كېلىدۇ، جېجياڭ، خۇنەن، خۇبېي ئۆلكىلىرىگە

يېقىنلىشىپ كېتىدۇ. 1983 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئىستاتىستىكا ئىدارىسى شىنجاڭ بويىچە 16 ناھىيىدە 480 ئۆيلۈك دېھقاننىڭ ئائىلە كىرىمىنى نۇقتىلىق تەكشۈرگەندە، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىم 307.28 (دۈيدىن تەقسىم قىلىنغان دارامەت بىلەن ئائىلە كىرىمى قوشۇلۇپ) يۈەن بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ سەۋىيىسىدىن يۇقىرى. ئىستراتېگىيىلىك نىشان ئەمەلگە ئاشقاندىن كېيىن، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىرىمى خېلى جىق ئاشىدۇ. بەزى ئۆلكە، رايونلاردىن بالدۇرراق ھاللىق سەۋىيىگە يېتىپ قېلىشىمىز مۇمكىن. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 2 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ساپ دارامىتى 1000 — 800 يۈەنگە يېتىپ، مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرا ھال سەۋىيىگە ئېرىشىشىمىز مۇمكىن. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كىرىمىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ئىستېمال مەزمۇنى ۋە ئىستېمال قۇرۇلمىسىمۇ بىر قەدەر كۆپ ئۆزگىرىدۇ. كىرىم تۆۋەنرەك بولغان ئەھۋالدا، كىشىلەر ئاۋال ئاش-نان بىلەن كىيىمنىڭ غېمىنى قىلىدۇ، ئاش - نان بىلەن كىيىم - كېچەك مەسىلىسى ھەل بولغاندىن كېيىن، ئاندىن ھوزۇر - ھالاۋەت ۋاستىلىرى بىلەن تەرەققىيات ۋاستىلىرىنى ئويلايدۇ. ھاياتلىق ۋاستىلىرى ئىچىدە يېمەك - ئىچمەك ئەڭ چوڭ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇندىن كېيىن خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، ئىستېمال قۇرۇلمىسىدا يېڭى ئۆزگىرىش بولىدۇ. يەيدىغان نەرسىلەرنىڭ سۈپىتى ئۆسىدۇ، مەسىلەن، گۆش 1980 - يىلدىكى 5.9 كىلودىن 30 نەچچە كىلوغا چىقىدۇ، سۈت، يېمەكلىكلەر، قەن - شېكەر قاتارلىقلارنىڭ ئىستېمال مىقدارىمۇ ھازىرقىدىن جىق كۆپىيىدۇ، لېكىن يېيىش ئۈچۈن قىلىنىدىغان چىقىمنىڭ ئىستېمال قۇرۇلمىسىدىكى سالمىقى تۆۋەنلەيدۇ. كىيىم - كېچەك ۋە لازىمەتلىك ئۈچۈن قىلىنىدىغان چىقىم كۆپىيىدۇ، بولۇپمۇ ھوزۇر - ھالاۋەت ۋە تەرەققىيات ئۈچۈن قىلىنىدىغان چىقىم جىقراق كۆپىيىدۇ.

مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىدۇ، پۈتۈن شىنجاڭدا باشلانغۇچ مائارىپ، ئوتتۇرا مائارىپ ئومۇملىشىدۇ. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ھازىرقىدىن بىر نەچچە ھەسسە كۆپىيىدۇ، ئىشتىن سىرتقى مائارىپ، تېلېۋىزىيە مائارىپى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر مائارىپى خېلى كۆلەمگە ئىگە بولىدۇ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھەر 100 مىڭ كىشى ئىچىدە ئىگىلەيدىغان سانى مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرا ھال سەۋىيىگە يېتىدۇ. داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش شارائىتى خېلى كۆپ ياخشىلىنىدۇ.

قىسقىسى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئىستراتېگىيىلىك نىشانىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭ تارىختىن قېپقالغان ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتىكى قالاقلىقتىن قۇتۇلۇپ، مەملىكەت بويىچە يۇقىرىغا مايىل ئوتتۇرا ھال سەۋىيىلىكلەر، ھەتتا ئىلغارلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ، سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ئۆز تۆھپىسىنى قوشىدۇ.

جۇمە خۇن. تەرجىمىسى

# شىنجاڭ ئىقتىسادىنى قاتلاش ئىستراتېگىيىسىدىكى مەبلەغ مەسىلىسى

رېن تىڭگۇي

قۇرۇلۇش مەبلىغى مەسىلىسى — سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى سەل قاراشقا بولمايدىغان گەۋدىلىك مەسىلە. چۈنكى، مەلۇم مىقداردا مەبلەغ (ماددىي ئەشيا) سالمىغىچە، مۇناسىپ مىقداردا ماددىي ئەشيا (مەبلەغ) ئۇندۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ. بۇ، ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكىسىنى ئاساس قىلغان زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت ھېسابلىنىدۇ. قۇرۇلۇش مەبلىغى مەسىلىسى ھەل قىلىنمىسا، ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇن ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىقتىسادىي تەرەققىيات پىلانى ۋە بىر قەدەر ياخشى يىللىق تەرەققىيات پىلانى بولغان بىلەنمۇ، ئەمەلگە ئاشمىقى تەس.

## I

ئاپتونوم رايونلۇق 3 - نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيى شىنجاڭنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈش توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويغان ئۇلۇغۋار ئىستراتېگىيىلىك نىشان ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش شەرتى ئاستىدا، 1990 - يىلغا بارغاندا سانائەت يېزا ئىگىلىكىنىڭ يىللىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى 1980 - يىلدىكى ئاساستا 14 مىليارت يۈەنگە يەتكۈزۈش، 2000 - يىلغا بارغاندا تىرىشىپ ئىككىدىن ئارتۇق قاتلاپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەھەتتە مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرا ھال سەۋىيىگە يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت. مۆلچەرگە قارىغاندا، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەھەتتە مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرا ھال سەۋىيىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن، 2000 - يىلغا بارغاندا سانائەت - يېزا ئىگىلىكىنىڭ يىللىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى ئىككى يېرىم قاتلاپ، 42 مىليارت يۈەنگە يەتكۈزۈش كېرەك. 42 مىليارت يۈەنلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى بىلەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتىنىڭ قانچىلىكتىن سالماقنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى ئىلگىرىلەپ تەھلىل قىلىشقا توغرا كەلگەندە، رايونىمىزنىڭ تەبىئىي بايلىقى، ھازىرقى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ۋە ئىقتىسادىي

تەرەققىياتىنىڭ ئۆتكەللىك يولۇلۇشىنى نەزەردە تۇتۇش كېرەك. مېنىڭچە، رايونىمىزدا سانائەتنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى يېزا ئىگىلىكىنىڭكىدىن تېز، سانائەتنىڭ سالمىقى يېزا ئىگىلىكىنىڭكىدىن چوڭ بولۇشى لازىم. لېكىن يېزا ئىگىلىكى رايونىمىزدا خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسى بولغانلىقى، چارۋىچىلىق بىلەن سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇشقا چوڭ تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۆزى تەبىئىي شارائىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدىغانلىقى ئۈچۈن، يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتە يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

تارىخىي ئەھۋالدىن قارىغاندا، 2000 - يىلىغا بارغاندا شىنجاڭدا سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى سانائەت - يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 65% چامىسىنى ئىگىلەپ، 27 مىليارت يۈەنگە، يېزا ئىگىلىكىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى سانائەت - يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 35% چامىسىنى ئىگىلەپ، 15 مىليارت يۈەنگە يەتسە بىر قەدەر مۇۋاپىق بولىدۇ، دەپ ھېسابلايمەن. شۇنداق بولغاندا، سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى ئىككى يىلدىن كۆپرەك قاتلىنىدۇ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى ئىككىدىن كۆپرەك، ئىككى يىلدىن ئازراق قاتلىنىدۇ. بۇ ئىقتىسادىي تەرەققىيات نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئىمكانىيىتى قانداق؟ مېنىڭچە، ئىشەنچىمىز چىڭ، ئۇسۇلىمىز توغرا بولسا، بىلىمگە، ئىقتىسادلىق كىشىلەرگە، ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي قانۇنىيەتكە ھۆرمەت قىلساق، توغرا سىياسەتكە، زامانىۋى پەن - تېخنىكىغا تايانساق، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان بارلىق تۈزۈملەرنى ئىسلاھ قىلىپ، سەپەرۋەر قىلىشقا بولىدىغان بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى سەپەرۋەر قىلىپ، تىرىشىپ ئىشلەيدىغانلا بولساق، بۇ ئۇلۇغۋار نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدا 5 كونكرېت ئاساس بار: 1) مول تەبىئىي بايلىق — بۇ ئۇلۇغۋار ئىستراتېگىيىلىك نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ماددىي ئاساسى. 2) 30 نەچچە يىللىق سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ماددىي - تېخنىكىۋى ئاساسى بار. 3) مىللەتلەر ئىتتىپاقلاشقان، ئىقتىسات گۈللەنگەن، سىياسىي جەھەتتە تىنچ بولغان چوڭ ياخشى ۋەزىيەت بار. 4) پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى ۋە قېرىنداش ئۆلكە - رايونلارنىڭ كۈچلۈك ياردىمى بار. 5) ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى بار.

ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادىنى قاتلاشقا زادى قانچىلىك مەبلەغ كېتىدۇ؟ بۇنى ھېسابلاشتا ئۈچ خىل ئۇسۇل بار: 1) پىلاننى يىغىنچاقلاش ئۇسۇلى. ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلاندا بەلگىلەنگەن تەرەققىيات تۈرلىرى بىلەن كونا كارخانىلارنىڭ چوڭ- چوڭ يوشۇرۇن كۈچلىرىنى قېزىش، ئىسلاھ قىلىش. ئۆزگەرتىش تۈرلىرىنى تەخمىنەن

باھا بويىچە ھېساپلاش ئارقىلىق، كېتىدىغان مەبلەغ بىلەن ھاسىل بولىدىغان قىممەتنى چىقىرىپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىكى بويىچە ئايرىم - ئايرىم يىغىنچاقلىغاندا، سېلىنىدىغان مەبلەغ بىلەن ھاسىل بولىدىغان قىممەتكە دائىر سانلىق ئاساس كېلىپ چىقىدۇ. 20) تارىخىي ئەھۋالغا قاراپ يىغىنچاقلاش ئۇسۇلى. مەلۇم مەزگىل ئىچىدە ئەمەلىيەتتە سېلىنغان ھەرخىل قۇرۇلۇش مەبلىغى بىلەن ئەمەلىيەتتە ھاسىل بولغان سانائەت - يېزا ئىگىلىك ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتى (مۇئامىلە خىراجىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نى مۇناسىۋەتلىك تۈرلەر بويىچە سېلىشتۇرۇپ، ھەر يۈز يۈەنلىك سانائەت - يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتىنى ھاسىل قىلىشقا كېتىدىغان مەبلەغنىڭ نىسبىتىنى تارىخىي ئاساس قىلىپ، پىلان مەزگىلدە يېتەكچى بولغان ئىقتىسادىي نىشانغا ئاساسەن تۈرلەر بويىچە ھېساپلاپ، كېتىدىغان مەبلەغنى تېپىپ چىقىش، ئاندىن پىلان مەزگىلدە چىقىم بىلەن چىقىمغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللاردىن قوشىدىغاننى قوشۇپ، چىقىرىۋېتىدىغاننى چىقىرىۋەتكەندە، يېڭى ئىقتىسادىي نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كېتىدىغان مەبلەغ كېلىپ چىقىدۇ. بۇ 3 خىل ئۇسۇلنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئۆزىگە لايىق ئارتۇقچىلىقى ۋە كەمچىلىكى بار، لېكىن ئۇلارنى ئۆز ئارا سېلىشتۇرۇ.. قايسىنىڭ ئەمەلىيەتكە يېقىنلىقىنى كۆزەتكىلى بولىدۇ.

تارىخقا سېلىشتۇرۇپ يىغىنچاقلاش ئۇسۇلى بويىچە ھېساپلىغاندا، ئاپتونوم رايوندا سانائەت - يېزا ئىگىلىكىنىڭ يىللىق ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتىنى ئىككى يېرىم قاتلاشتىن ئىبارەت ئىستىراتېگىيىلىك نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن 47 مىليون 596 مىليون يۈەن مەبلەغ كېتىدۇ، بۇنىڭدىن ئىلگىرى سېلىنغان 19 مىليارت 100 مىليون يۈەننى چىقىرىۋەتكەندە، 68 مىليارت 496 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىنكى 17 يىل ئىچىدە كارخانىلارنىڭ ئومۇمى مەبلىغىنىڭ ئۆرگىنىڭ قۇرۇلۇشىنىڭ ئۆسىدىغانلىقى ۋە مال باھاسى كۆرسەتكۈچىنىڭ ئۆزگىرىدىغانلىقىغا ئوخشاش ئامىللارنى ھېساپقا ئالغان (ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن 1.2% ئۆرلەيدۇ دەپ ھېساپلاندى، باشقا پايدىلىق ئامىل بىلەن پايدىسىز ئامىل تەڭ بولىدۇ) دىن باشقا، يەنە 20% ئىشەنچلىك كوئېففىتسېنتىنى قوشقاندا، جەمئىي 82 مىليارت 195 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىشقا توغرا كېلىدۇ. ھەر 100 يۈەنلىك سانائەت - يېزا ئىگىلىك ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتىنى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن 252 يۈەن مەبلەغ كېتىدۇ (ئىشەنچلىك كوئېففىتسېنتىنى قوشمىغاندا 210 يۈەن كېتىدۇ). بۇنىڭدىن 27 مىليارت يۈەن سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن 63 مىليارت 299 مىليون يۈەن مەبلەغ كېتىدۇ. ئىلگىرى سېلىنغان 12 مىليارت 540 مىليون يۈەننى چىقىرىۋەت-

كەندە، يەنە 50 مىليارت 759 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىشقا توغرا كېلىدۇ، مال باھاسىغا كېتىدىغان 20%، يەنى 60 مىليارت 911 مىليون يۈەن ئىشلەنچىلىك كوئېففىتسىيېنتىنى قوشقاندا، ھەر 100 يۈەنلىك سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن 281 يۈەن مەبلەغ كېتىدۇ، بۇ، ئوتتۇرىچە سەۋىيىدىن يۇقۇرى. 15 مىليارت يۈەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتىنى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن 24 مىليارت 297 مىليون يۈەن مەبلەغ كېتىدۇ، ئەلگىرى سېلىنغان 6 مىليارت 560 مىليون يۈەننى چىقىرىۋەتكەندە، يەنە 17 مىليارت 737 مىليون يۈەن كېتىدۇ، مال باھاسىغا 20%، يەنى 21 مىليارت 284 مىليون يۈەن ئىشلەنچىلىك كوئېففىتسىيېنتنى قوشقاندا، ھەر 100 يۈەنلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتىنى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن 194 يۈەن مەبلەغ كېتىدۇ. بۇ، ئوتتۇرىچە سەۋىيىدىن تۆۋەن. پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىنى قاتلاش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن 52 مىليارت 766 مىليون يۈەن تۇراقلىق مەبلەغ، 34 مىليارت 830 مىليون يۈەن كۆچمە مەبلەغ كېتىدۇ، ئىلگىرى سېلىنغان مەبلەغنى چىقىرىۋېتىپ، ئىشلەنچىلىك كوئېففىتسىيېنتىنى قوشقاندا، يەنە 49 مىليارت 711 مىليون يۈەن تۇراقلىق مەبەغ، 32 مىليارت 484 مىليون يۈەن كۆچمە مەبلەغ سېلىشقا توغرا كېلىدۇ، ئاپتونوم رايوننىڭ يىللىق سانائەت - يېزا ئىگىلىك ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتىنى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن، مالىيە تارماقلىرى 52 مىليارت 766 مىليون يۈەن تۇراقلىق مەبلەغ سېلىشى، ئىلگىرى سالغان 11 مىليارت 340 مىليون يۈەننى چىقىرىۋېتىپ، مال باھاسىغا 20% ئىشلەنچىلىك كوئېففىتسىيېنتىنى قوشقاندا، يەنە 49 مىليارت 711 مىليون يۈەن تۇراقلىق مەبلەغ سېلىشى كېرەك. ئاپتونوم رايوننىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئىقتىسادىي نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، 34 مىليارت 830 مىليون يۈەن كۆچمە مەبلەغ كېتىدۇ (نورمىلىق كۆچمە مەبلەغ ۋە بانكىدىن بېرىلىدىغان قەرزنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ئىلگىرى سېلىنغان 7 مىليارت 760 مىليون يۈەننى چىقىرىۋەتكەندە يەنە 27 مىليارت 69 مىليون يۈەن كېتىدۇ، مال باھاسىغا قوشۇلىدىغان 20% ئىشلەنچىلىك كوئېففىتسىيېنتىنى قوشقاندا 1983 - يىلىدىكى ئاساستا يەنە 32 مىليارت 484 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىشقا توغرا كېلىدۇ، بۇنىڭدىن 18 مىليارت 852 مىليون يۈەننى سودا - سانائەت بانكىسى، 9 مىليارت 703 مىليون يۈەننى يېزا ئىگىلىك بانكىسى بېرىدۇ، 3 مىليارت 929 مىليون يۈەننى كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر چىقىرىدۇ.

رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسلانغاندا، سانائەتنى تەرەققى قىلدۇرۇش ئۈچۈن كېتىدىغان مەبلەغ يېزا ئىگىلىكىنىڭكىدىن كۆپ بولىدۇ، سانائەتتە، نېفىت سانائىتى بىلەن يېڭىتۈەننىڭ سانائەت، كانچىلىق ئىشلىرىنىڭ ھەر 100 يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتىگە

مەبلەغ سېلىش سەۋىيىسى تۆۋەنرەك، بېكىتىلگەن زاۋۇت - كارخانىلارنىڭ، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىش سەۋىيىسى ئەڭ تۆۋەن. يېزا ئىگىلىكىدە بېكىتىلگەننىڭ يېزا ئىگىلىكىگە سالىدىغان مەبلىغى يەرلىك دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنىڭكىدىن تۆۋەن. شۇڭا، قۇرۇلۇش مەبلىغىنى تېجەپ، مەبلەغنى ئاز سېلىپ، قىممەتنى كۆپ ھاسىل قىلىش، مەبلەغنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى يۇقۇرىراق قىلىش ئۈچۈن، كونكرېت سېستىما، كەسىپ ياكى كارخانىلارغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، كونكرېت تەكشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ مەبلەغ ئۈنۈمىنى، مەبلەغ ئىشلىتىش ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىپ، ئىجتىمائى مەبلەغنىڭ قۇرۇلمىسىنى بەلگىلەپ، خەلق ئىگىلىكىنى سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ئىقتىسادىي قانۇنى، پىلان، نىسبەت بويىچە تەرەققىي قىلدۇرۇش تەلىپىگە ۋە شىنجاڭنىڭ كونكرېت ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن تېگىشلىك تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك، بۇنى ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلان تۈزۈشتە ئەستايىدىل ئويلىشىپ ھەل قىلىش لازىم.

## I

بۇنىڭدىن كېيىنكى 17 يىلدا شىنجاڭ ئىقتىسادىنى ئىستىراتېگىيىلىك تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، يەنە ئىككى خىل مەبلەغ يەنى 82 مىليارت 195 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىشقا توغرا كېلىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ قۇرۇلۇش مەبلىغى غەملەشتىكى ئاساسىي يولى ۋە ھازىرقى مۇناسىۋەتلىك سىياسەت - بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، مالىيە تارماقلىرى 49 مىليارت 711 مىليون يۈەن تۇراقلىق مەبلەغ، بانكا سېستىمىسى 28 مىليارت 555 مىليون يۈەن كۆچمە مەبلەغ بېرىشى، بۇنىڭدىن 18 مىليارت 852 مىليون يۈەننى سودا — سانائەت بانكىسى، 9 مىليارت 703 مىليون يۈەننى يېزا ئىگىلىك بانكىسى بېرىشى، 3 مىليارت 929 مىليون يۈەن مەبلەغنى كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر چىقىرىشى كېرەك. ھەر قايسى سېستىمىلارنىڭ مەبلەغ چىقىرىش ئىقتىدارى قانچىلىك؟ ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئومۇمىي ئېھتىياجىنى قاندۇرالامدۇ؟ ھېساۋات تۆۋەندىكىچە:

(1) مالىيە تارماقلىرىنىڭ تۇراقلىق مەبلەغ بېرىشتىكى ئومۇمىي مىقدارى توغرىسىدىكى ھېساۋات.

1950 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە ئاپتونوم رايوننىڭ جەمئى مالىيە كىرىمى 26 مىليارت 100 مىليون يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە مەركەزنىڭ مالىيە جەھەتتە سەپلەپ بەرگىنى جەمى 13 مىليارت 770 مىليون يۈەن بولۇپ، 53% نى تەشكىل قىلىدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆزىنىڭ مالىيە كىرىمى جەمى 12 مىليارت 330 مىليون يۈەن بولۇپ، 47% نى

تەشكىل قىلىدۇ؛ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىم 360 مىليون يۈەن. 1980 - يىلدىن
1983 - يىلغىچە بولغان 4 يىل ئىچىدە، ئاپتونوم رايوننىڭ ئومۇمى مالىيە كىرىمى 6 مىليارت
980 مىليون يۈەن، ئۇنىڭ ئىچىدە مەركەزنىڭ سەپلەپ بەرگەن ئومۇمى سوممىسى 5 مىليارت 541
مىليون يۈەن بولۇپ، 77.5% نى تەشكىل قىلىدۇ، ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن يىلىغا 1 مىليارت
350 مىليون يۈەندىن توغرا كېلىدۇ؛ ئاپتونوم رايوننىڭ ئومۇمى مالىيە كىرىمى 1 مىليارت
570 مىليون يۈەن بولۇپ، 22.5% نى تەشكىل قىلىدۇ. ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن يىلىغا 390 مىليون
يۈەندىن توغرا كېلىدۇ. دۆلەتمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، مەركەزنىڭ مالىيە جەھەتتە
سەپلەپ بەرگەن ئومۇمى پۇلى 13 مىليارت 770 مىليون يۈەن. ئەگەر بۇ پۇل پۈتۈنلەي
ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ قىلىپ سېلىنغان بولسا، ئاپتونوم
رايون ئىككى خىل مەبلەغ (19 مىليارت 100 مىليون يۈەن) نىڭ 72.1% نى تەشكىل
قىلغان، ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيە كىرىمى ئومۇمى مەبلەغنىڭ 27.9% نى تەشكىل
قىلغان، مەركەز مالىيە جەھەتتە سەپلەپ بەرگەن ئومۇمى سومما ئاپتونوم رايوننىڭ
ئومۇمى تۇراقلىق مەبلىغى (12 مىليارت 540 مىليون يۈەن) دىن 1 مىليارت 230
مىليون يۈەن كۆپ بولغان بولاتتى. يۇقۇرقى تارىخىي نىسبەتلەرگە ئاساسلانغاندا،
ئەگەر مالىيە مەبلىغى پۈتۈنلەي تۇراقلىق مەبلەغ قىلىپ ئىشلىتىلسە، بۇندىن كېيىنكى
17 يىلدا سېلىنىدىغان تۇراقلىق مەبلەغ (يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان كارخانىلارنىڭ ئاساسىي
قۇرۇلۇشى بىلەن كونا كارخانىلاردا يوشۇرۇن كۈچنى قېزىش، تېخنىكا يېڭىلاشقا، تېخنىكا
ئۆزگەرتىشكە سېلىنىدىغان مەبلەغنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) 49 مىليارت 711 مىليون
يۈەن بولىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە مەركەزنىڭ سەپلەپ بېرىدىغىنى 35 مىليارت 842 مىليون
يۈەن بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن يىلىغا 2 مىليارت 110 مىليون يۈەندىن توغرا
كېلىدۇ. ئاپتونوم رايون مالىيىسىنىڭ ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغىنى 13 مىليارت 869 مىليون
يۈەن بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن يىلىغا 820 مىليون يۈەندىن توغرا كېلىدۇ. ئەگەر
مەركەز مالىيە جەھەتتە سەپلەپ بېرىدىغان پۇلنى پىلان بويىچە يىلمۇ - يىل ئاجرىتىپ
بەرسە، ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيىسى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك قىسمىنى بېرەلەمدۇ؟
مېنىڭچە، تۇراقلىق مەبلەغدە، تىرىشچانلىق كۆرسەتكەندىن كېيىنمۇ تەمىنلەش بىلەن
ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئەگەر مالىيە تۈزۈلمىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك
ئىسلاھ قىلىنسا، مالىيىنى باشقۇرۇش سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلسە، تەڭپۇڭلۇق ئەمەلگە ئېشىشى
مۇمكىن. بۇنىڭ ئاساسلىرى:

1. ئاپتونوم رايوننىڭ 1983 - يىللىق مالىيە كىرىمى شۇ يىلقى سانائەت -
يېزا ئىگىلىك ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 6% نى تەشكىل قىلىدۇ، سانائەت - يېزا

ئىگىلىگىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى 1990 - يىلى 14 مىليارت يۈەنگە، 1995 - يىلى 28 مىليارت يۈەنگە، 2000 - يىلى 42 مىليارت يۈەنگە يېتىدۇ دەپ پەرەز قىلىپ، ئىككى يېرىم قاتلاش نىشانى بويىچە ھېساپلىساق، ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 23 مىليارت 880 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن يىلىغا 1 مىليارت 400 مىليون يۈەندىن توغرا كېلىدۇ. تارىختىكى سانلىق ئاساسلارغا قارىغاندا، ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆزىنىڭ مالىيىسىدىن قۇرۇلۇش مەبلىغى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن قىسمى 44.2% نى تەشكىل قىلىدۇ، مۇشۇ نىسبەت بويىچە ھېساپلىغاندا، جەمئىي 23 مىليارت 880 مىليون يۈەن مالىيە كىرىمى ئىچىدە قۇرۇلۇش مەبلىغى قىلىپ ئىشلىتىلىدىغىنى تەخمىنەن 10 مىليارت 316 مىليون يۈەن بولۇپ، يەرلىك مالىيىدىن چىقىرىشقا تېگىشلىك 13 مىليارت 869 مىليون يۈەن مەبلەغدىن 3 مىليارت 553 مىليون يۈەن كەم، دېمەك ئېھتىياجنىڭ تەمىنلەشتىن ئېشىپ كېتىشىدىن ئىبارەت زىددىيەت مەۋجۇت.

2. ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيە كىرىمىنىڭ سانائەت - يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە ئىگىلىگەن سالمىقى 1983 - يىلى 6% بولۇپ، مەملىكەت بويىچە شۇ مەزگىلدىكى سەۋىيە (13.2%) تىن تۆۋەن. ئەگەر مالىيە باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، مالىيە تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش ئارقىلىق مۇناسىۋەتلىك نىسبەت 8 - 10% كە ئۆستۈرۈلىدىغان بولسا، مالىيە كىرىمى كۆپىيىشى، مالىيىنىڭ قۇرۇلۇش مەبلىغى يەتكۈزۈپ بېرىش ئىقتىدارى مۇناسىپ ھالدا ئۆسۈشى مۇمكىن.

3. تۇراقلىق مەبلەغ مەنبەسى توغرىسىدىكى يۇقۇرقى ھېساۋات 1) مەركەزنىڭ مالىيە جەھەتتىكى ياردىمىنىڭ تەلەپنى قاندۇرۇشىنى؛ 2) ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيە كىرىمىنىڭ كۈتكەندەك ئورۇنلىنىشىنى ئاساس قىلىدۇ. ئەگەر بۇنىڭ ئىچىدىكى بىرەر ئامىلدا پايدىسىز ئۆزگىرىش بولۇپ قالسا، ئېھتىياج بىلەن تەمىنلەش ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭسىزلىقنى كېڭەيتىپ قويىدۇ، شۇنىڭدەك ئاۋال مەبلەغ سېلىش، ئاندىن ماددى ئەشيا ھاسىل بولۇش جەريانىمۇ مەبلەغ سېلىش بىلەن ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتكە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىلدۇر.

(2) بانكا ۋە مۇناسىۋەتلىك ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ كۆچمە مەبلەغ يەتكۈزۈپ بېرىش ئىقتىدارى توغرىسىدىكى ھېساۋات.

1. سودا - سانائەت بانكىسىنىڭ كۆچمە مەبلەغ ئۈچۈن قەرز بېرىش ئىقتىدارى توغرىسىدىكى ھېساۋات.

1980 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە سودا - سانائەت بانكىسىغا قويۇلغان تۈرلۈك ئامانەتلەرنىڭ ساپ كۆپەيگەن سوممىسى 4 يىلدا ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن

شۇ مەزگىلدىكى سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 82.54% نى تەشكىل قىلدى. مۇشۇ تارىخىي سان بويىچە ھېسابلىغاندا، بۇنىڭدىن كېيىنكى 17 يىلدا سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 21 مىليارد 651 مىليون يۈەن كۆپىيىشى كېرەك. سودا - سانائەت بانكىسىدىكى تۇرغۇن ئامانەت پۇلنىڭ قالدۇقى مۇناسىپ ھالدا 17 مىليارد 871 مىليون يۈەن ساپ كۆپىيىشى مۇمكىن، بۇ سان يەتكۈزۈپ بېرىشكە تېگىشلىك كۆچمە مەبلەغ (18 مىليارد 852 مىليون يۈەن) دىن 981 مىليون يۈەن كەم.

سودا - سانائەت كارخانىلىرى بۇنىڭدىن كېيىن ئىگىلىك باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئىقتىسادىي ھېساۋاتنى تەكىتلەپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈپ، مەبلەغ ئوبوروتىنى تېزلىتىپ بارىدۇ، شۇڭا بانكىدا قويۇلىدىغان ئامانەت بىلەن سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئۆسۈش نىسبىتى تۆۋەنلەپ بېرىشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مالىيە خاراكتېرلىك ئامانەتنىڭ ئۆسۈشى بۇنىڭدىن تېز بولمايدۇ، ئىشچى ئامانەت كۆپىيىپ بارىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىش ھەققىدە تۇتىدىغان نىسبىتى ئىستېمال سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى ئارقىسىدا تۆۋەنلەيدۇ. بۇلار ئامانەت پۇلنىڭ ساپ ئېشىش مىقدارى بىلەن سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنىڭ نىسبەت مۇناسىۋىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا بۇ نىسبەتنى 60% ئەتراپىدا قىلىپ تەخمىنلىگەندە ئەمەلىيەتكە - يېقىنراق بولىدۇ. تەخمىنلىگەندىن كېيىنكى نىسبەت بويىچە ھېسابلىغاندا، بۇنىڭدىن كېيىنكى 17 يىلدا چىقىرىشقا مۇمكىن بولغان مەبلەغ 12 مىليارد 991 مىليون يۈەن بولۇپ، چىقىرىشقا تېگىشلىك كۆچمە مەبلەغ قەرزىدىن 5 مىليارد 861 مىليون يۈەن كەم.

2. يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ كۆچمە مەبلەغ ئۈچۈن قەرز بېرىش ئىقتىدارى توغرىسىدىكى ھېساۋات.

1) 1980 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە بولغان 4 يىلدا، ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 220 مىليون يۈەن ساپ كۆپەيدى، شۇ مەزگىلدە يېزا ئىگىلىك بانكىسىغا قويۇلغان تۇرغۇن ئامانەت پۇل 940 مىليون يۈەن ساپ كۆپەيدى. بۇ ساپ كۆپەيگەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 78% نى ئىگىلەيدۇ، مۇشۇ تارىخىي سان بويىچە ھېسابلىغاندا، بۇنىڭدىن كېيىنكى 17 يىلدا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 10 مىليارد 950 مىليون يۈەن ئاشىدۇ، يېزا ئىگىلىك بانكىسىدىكى ئامانەت پۇل شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا 8 مىليارد 541 مىليون يۈەن ساپ ئاشىدۇ، بۇ پۇل كېرەكلىك كۆچمە مەبلەغ قەرز پۇلى (9 مىليارد 703 مىليون يۈەن) دىن 1 مىليارد 162 مىليون يۈەن كەم

2) يېزىلاردا ھەر خىل ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مەبلىغى تەييارلىشىغا توغرا كېلىدىغانلىقى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ باھاسى تەڭشىلىدىغانلىقى، يېزىلارنىڭ مالىيە سېلىقى بارا - بارا تەڭشە-

لىدىغانلىقى، يېزىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە دېھقانلارنىڭ ئىستېمال سەۋىيەسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن خىراجىتىنىڭ كۆپەيمىدىغانلىقى ئۈچۈن، بانكا ئامانىتىنىڭ كۆپىيىش ھەجمى كىچىكلەيدۇ. شۇڭا تارىخىي نىسبەت 55% كە چۈشۈرۈلسە مۇۋاپىق بولار. مۇشۇ نىسبەت بويىچە ھېساپلىغاندا، بۇندىن كېيىنكى 17 يىلدا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 10 مىليارت 950 مىليون يۈەن ئاشسا، يېزا ئىگىلىك بانكىسىغا قويۇلىدىغان ھەر خىل ئامانەت پۇل شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا 6 مىليارت 230 مىليون يۈەن ساپ ئاشىدۇ، بۇ سان يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ كۆچمە مەبلەغ ئۈچۈن بېرىشكە تېگىشلىك قەرز پۇل (9 مىليارت 703 مىليون يۈەن) دىن 3 مىليارت 680 مىليون يۈەن كەم.

3) يېزا - بازارلاردىكى كوللېكتىپ بىلەن «ئىككى ئائىلە» نىڭ ئىشلەپچىقىرىش مەبلىغى چىقىرىش ئىقتىدارى توغرىسىدىكى ھېساۋات.

1983 - يىلى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارت 50 مىليون يۈەنگە يەتكەندە، يېزىدىكى كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر سالغان ئىشلەپچىقىرىش مەبلىغى 900 مىليون يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 22.22% نى تەشكىل قىلغان ئىدى، مۇشۇ نىسبەت بويىچە ھېساپلىغاندا، بۇندىن كېيىنكى 17 يىلدا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 10 مىليارت 950 مىليون يۈەن ئېشىشى، يېزىلاردىكى كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر سالىدىغان مەبلەغ 2 مىليارت 433 مىليون يۈەن بولۇشى كېرەك. شۇندىلا كېرەكلىك مەبلەغ (3 مىليارت 290 مىليون يۈەن) دىن 1 مىليارت 496 مىليون يۈەن كەم بولىدۇ. ئەگەر كوللېكتىپ بىلەن شەخسلەر سالىدىغان مەبلەغنىڭ نىسبىتىنى 30% كە كۆتۈرسەك، سېلىنىدىغان ئىشلەپچىقىرىش مەبلىغى 3 مىليارت 285 مىليون يۈەن يەنى كېرەكلىك مەبلەغدىن 644 مىليون يۈەن كەم بولىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، بۇندىن كېيىنكى 17 يىلدا قۇرۇلۇش مەبلىغىگە بولغان ئومۇمىي ئېھتىياج بىلەن ئېھتىياجنى قاندۇرۇش ئوتتۇرىسىدا تەڭشەلمىگەنلىك مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، بەلكى بۇ زىددىيەت گەۋدىلىك بولىدۇ. ئۈمىتنى مەركەزنىڭ مالىيە جەھەتتە تەلەپكە لايىق ياردەم بېرىشكە باغلىغاندىن باشقا، ھېساۋاتقا قارىغاندا، ئاپتونوم رايون ئۆزى غەملەيدىغان 46 مىليارت 353 مىليون يۈەن ئىككى خىل مەبلەغدىن 32 مىليارت 850 مىليون يۈەن يەنى 70.3% نى غەملىيەلىشى مۇمكىن. كەم قىسمى 13 مىليارت 772 مىليون يۈەن بولۇپ، 29.7% نى تەشكىل قىلىدۇ.

## I

شىنجاڭنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈش، ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئىستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، قۇرۇلۇش مەبلىغى مەنبەسى مەسىلىسىنى ھەل

قىلىش كېرەك. بىز بۇرۇن قۇرۇلۇش مەبلىغى غەملەشتە، ئاساسەن مالىيە، بانكا، كوللېكتىپ ياكى شەخس مەبلەغ سېلىش ۋە چەتئەلنىڭ مەبلىغىنى قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت 4 خىل چارىگە تايانغانىدۇق. بۇندىن كېيىن داۋاملىق شۇنداق قىلىمىز. لېكىن يەنە ئىدىيەنى ئازات قىلىپ، ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇپ، سىياسەتنى كەڭ قويۇۋېتىش، نامۇۋاپىق باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ۋە تۈزۈملەرنى ئىسلاھ قىلىش كېرەك. يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتە «سول» خاتالىقلارنىڭ تەسىرىنى تۈگىتىپ، تۈرلۈك يوللار بىلەن بارلىق ئۈنۈملۈك چارىلارنى قوللىنىپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن قۇرۇلۇش مەبلىغى توپلاش، بىرەر چارە بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، دادىل ئويلاپ، مەبلەغ جۇغلاشنىڭ يېڭى يول، يېڭى چارىلىرىنى تېپىش لازىم. ھازىرچە مۇنداق 8 بىرلەشتۈرۈشنى پەرەز قىلىش مۇمكىن:

1. يۇقىرى بىلەن تۆۋەننى بىرلەشتۈرۈش. رايونىمىز ئىقتىسادىي تەرەققىي تاپمىغان، چېگرىغا جايلاشقان، كەمبەغەل ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇزۇن-دىن بۇيان مالىيە جەھەتتە مەركەزنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ كەلدى. بۇندىن كېيىنكى 17 يىلدىمۇ مەركەزنىڭ ياردىمىگە تايىنىمىز. شۇڭا مەركەزگە ئوبدان دوكلات قىلىپ، مەركەزنىڭ مەبلەغ جەھەتتە پىلان بويىچە ياردەم بېرىشىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە ۋىلايەت، ناھىيىلەرنى ئۆز مەبلىغى بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك قۇرۇلۇشقا قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، مەركەز بىلەن ئاپتونوم رايوننى، ئاپتونوم رايون بىلەن ۋىلايەت، ناھىيىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، ھەممەيلەن تەڭ كۈچ چىقىرىپ، مەبلەغ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش لازىم.

2. رايون ئىچى بىلەن رايون سىرتىنى بىرلەشتۈرۈش. رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش پىلانى ۋە ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش تەدبىرىگە ئاساسەن، ئىچكىرىدىكى قېرىنداش ئۆلكە-رايونلارنىڭ مەبلىغى، تېخنىكىسى، ئىختىساسلىق كىشىلىرىنى ۋە چەتئەلنىڭ مەبلىغى، تېخنىكا - ئۈسكۈنىسى، سۈپەتلىك ئۇرۇقى، پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى دادىل كىرگۈزۈپ، رايونىمىزنىڭ قۇرۇلۇش پىلانىنى ۋاقتىدا ئورۇنلىشىمىز لازىم.

3) مالىيە بىلەن بانكىنى بىرلەشتۈرۈش. بۇندىن كېيىن رايونىمىز قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىغا ئاساسەن، مالىيە، بانكا تارماقلىرىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئۇلارنى بىر - بىرىگە يار - يۆلەك قىلىش، ئۆز ئارا ھەمكارلاشتۇرۇش، مالىيە، باج، ئامانەت - قەرز، پايدا نىسبىتى قاتارلىقلارنىڭ ئىقتىسادىي پىشاڭلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، ئۇلارنى خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك راۋاج-لىنىشىغا يار - يۆلەك قىلىش لازىم.

4) دۆلەت ئىگىلىكى، كوللېكتىپ ئىگىلىك، خۇسۇسىي ئىگىلىكتىن ئىبارەت كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبنى بىرلەشتۈرۈش. يېزا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدا، شەھەرنىڭ

جامائەت پاراۋانلىقى ئىشلىرىدا، ماتارىپ ئىشلىرىدا ئاممىنى مەبلەغ سېلىشقا سەپەرۋەر قىلسا بولىدۇ. لېكىن چوقۇم ئىقتىسادىي چارە بىلەن ئىش كۆرۈش، مەمۇرىي چارىنى ئاز قوللىنىش كېرەك.

5) مەبلەغ جۇغلانمىسى بىلەن ئەمگەك جۇغلانمىسىنى بىرلەشتۈرۈش. بەزى قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە مەبلەغ سەپەرۋەر قىلىش، ئۇيۇشتۇرۇشنى ئاساس قىلىش مۇمكىن. بەزىلىرىدە، مەسىلەن، دەرەخ تىكىش، ئوت - چۆپ تېرىش، ئېتىز - ئېرىق سۇ قۇرۇلۇشى قاتارلىقلاردا ئەمگەكنى سەپەرۋەر قىلىپ، مەبلەغنى تېجەش مۇمكىن.

6) يېڭى كارخانا قۇرۇش بىلەن كونا كارخانىلاردا يوشۇرۇن كۈچنى قېزىش، تېخنىكا يېڭىلاش، تېخنىكا ئۆزگەرتىشنى بىرلەشتۈرۈش. مەبلەغنى تېجەش ۋە مۇۋاپىق، ئۈنۈملۈك ئىشلىتىش ئۈچۈن، بۇندىن كېيىن يېڭى كارخانىلارنى پايدىلىق بولسا قۇرۇش، پايدىسىز بولسا قۇرماسلىق كېرەك. كونا كارخانىلارنى ئۆزگەرتىش پايدىلىق بولسا ئۆزگەرتىش، پايدىسىز بولسا ئۆزگەرتمەسلىك كېرەك. قۇرۇشقا تېگىشلىكلىرىنى قۇرۇش، ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىكلىرىنى ئۆزگەرتىش لازىم.

7) ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، مۇئامىلىنى جانلاندۇرۇش بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈش. ئىشلەپچىقىرىشتىمۇ، مۇئامىلىدىمۇ ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. مەبلەغ قۇرۇلمىسىدىمۇ، سانائەت قۇرۇلمىسىدىمۇ مۇۋاپىق جايلاشتۇرۇش، نىسبەت بويىچە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىش كېرەك.

8) مەبلەغ مەنبەسىنى كۆپەيتىش بىلەن مەبلەغنى تېجەشنى بىرلەشتۈرۈش. ھەم مەبلەغ جۇغلاشنىڭ يېڭى يوللىرىنى ئېچىش، ھەم تېجەشكە بولىدىغانلىكى مەبلەغنى تېجەش، ھەممە ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇش، مەبلەغنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئاز مەبلەغدىن كۆپ قىممەت ئۇندۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىش كېرەك. بۇ جەھەتتە يوشۇرۇن كۈچ ناھايىتى كۆپ، ئىشلەپچىقىرىش، مۇئامىلىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، زىياننى پايدىغا ئۆزگەرتىش ۋە تۇراقلىق مەبلەغنىڭ قىممەت يارىتىش نىسبىتىنى، پۈتۈن مەبلەغنىڭ پايدا، باج نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

مەبلەغ جۇغلاش يولىنى كېڭەيتىش ئۈستىدە مۇنۇ پەرەزلەردىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ:

1) مالىيە مەبلىغىنى جۇغلاش، تەشكىللەش جەھەتتە مۇنۇ نۇقتىلارنى ئويلىشىپ كۆرۈش مۇمكىن:

1) مەركەزنىڭ مالىيە جەھەتتە بېرىدىغان ياردىمىنى چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىلەشتۈرۈش كېرەك.

2) ئاپتونوم رايوندا مالىيە ئىسلاھاتىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىش. مالىيە باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئوبدان بىرلەشتۈرۈپ، بايلىق يارىتىش، بايلىق توپلاش، بايلىقنى ئىشلىتىش يوللىرىنى تەتقىق قىلىش كېرەك. ئاۋال ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيە كىرىمىنىڭ سانائەت - يېزا ئىگىلىكىنىڭ يىللىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدىكى نىسبىتىنى 1982 — 1983 - يىللىرىدىكى 6.0% — 5.2 تىن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ شۇ مەزگىلدىكى سەۋىيىسى (% 13.7 — 13.2) گە ئۆستۈرۈش، ھېچ بولمىغاندا 10% — 8 گە ئۆستۈرۈش لازىم.

3) دۆلەت ئىناۋەتلىك قەرزى شەكلىنى يولغا قويۇش، يەنى تېز پۈتىدىغان، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ياخشى قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ چەكلىك ھەسسىدارلىق شىركىتى چارىسىنى قوللىنىپ، پاي چېكى تارقىتىش يولى بىلەن مەبلەغ توپلىشىغا يول قويۇش، جامائەت پاراۋانلىقى قۇرۇلۇشىدا مالىيەدىن زايوم بېلەتى تارقىتىپ مەبلەغ توپلاشنى ئويلىشىپ كۆرۈشكە بولىدۇ. 1983 - يىلىنىڭ ئاخىرى ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەر - يېزىلىرىدا شەخسلەرنىڭ قولىدىكى پۇل 685 مىليون يۈەنگە يەتكەن، يەرلىك زايوم بېلەتى تارقىتىش يولى بىلەن مەبلەغ توپلاشقا ئاساس بار.

4) مالىيەدىن ئىگە بولۇپ بىر قىسىم ئېچىش خاراكتېرىدىكى تۈرلەر بويىچە ئىچكىرىدىكى قېرىنداش ئۆلكە رايونلاردىن ۋە چەتئەللەردىن قىسمەن مەبلەغ كىرگۈزۈشكە تەشكىللەش.

5) قۇرۇلۇش مەبلىغىنى ھەقسىز بېرىش چارىسىنى تۆلەملىك مەبلەغ سېلىش ياكى بانكىدىن قەرز بېرىشكە ئۆزگەرتىش كېرەك. لېكىن ئۇنىڭ ئىچىدىكى جامائەت پاراۋانلىقى ئىشلىرىغا ۋە مەبلەغ كۆپ كېتىدىغان، ئۇزۇندا پۈتىدىغان نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارغا يەنىلا مالىيەدىن مەبلەغ سالغان ياخشى.

6) بانكىنىڭ كۆچمە مەبلەغ ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا، ئارتۇق مەبلەغنى كونا كارخانىلارنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىش، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە ياكى يېڭىدىن ئېلىپ بېرىلىدىغان قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىشكە ھەمدە پىلاننى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە باج جەھەتتە ئېتىۋار بېرىشكە يول قويۇش كېرەك.

2. كۆچمە مەبلەغ جۇغلاش جەھەتتە مۇنۇ نۇقتىلارنى ئوبدان تۇتۇش كېرەك:

1) بانكىنىڭ مەبلەغ جۇغلاش جەھەتتىكى ئەنئەنىۋى چارىسىنى داۋاملىق قوللىنىش لازىم. جانلاندۇرۇش، كەڭ قويۇۋېتىش، ئىسلاھ قىلىش روھىغا ئاساسەن، ئۇنىڭ ئىچىدىكى يېڭىچە ۋەزىيەتنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىناۋەتلىك قەرز، ھېساۋات ۋە نەق پۇل باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى، پايدا نىسبىتى، پىرووۋوت نىسبىتى قاتارلىقلارنى تەڭشەپ

سىياسەت جەھەتتە ھەقىقىي تۇردە كەڭ بولۇپ، ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش ۋە ئىسلاھات تەلەپلىرىنى قوللاش كېرەك.

2) ھەر خىل ۋاكالەتلىك كەسىپنى، مەسىلەن، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ پۇلىنى ۋاكالىتەن بېرىپ قويۇش، ئىش ھەققىنى ۋاكالىتەن بېرىپ قويۇش، سۇ پۇلى، توك پۇلى ۋە ئۆي ئىجارىسىنى ۋاكالىتەن يىغىپ بېرىش، يېزا ئىستېراخوۋانىيىسىنى ئۆزى باشقۇرۇش ياكى ۋاكالىتەن باشقۇرۇش، ۋاكالىتەن پاي چېكى، يەرلىك زايوم بېلىتى تارقىتىش، شۇنىڭدەك باشقا ۋاكالەتلىك كەسىپلىرىنى باشقۇرۇش يولى بىلەن مەبلەغ مەنبەسىنى كېڭەيتىش كېرەك.

3) چوڭ قىممەتلىك قەرەللىك، قەرەلسىز ئامانەت كىنىشكىسى تارقىتىش كېرەك.

4) چەك ئېلىم - بېرىم كەسپى ۋە زۆرۈكلەق قەرز بېرىش چارىسىنى يولغا قويۇپ، پاي چېكى، زايوم بېلىتى ئىگىلىرىنىڭ مەبلەغ كېرەك بولغاندا زايوم بېلىتىگە بانكىدىن نەق پۇل تېگىشىشكە يول قويۇپ ياكى زۆرۈكلۈق قەرز بېرىپ، ئۇلارنىڭ دادىل مەبلەغ سېلىشىغا مەدەت بېرىش لازىم.

5) بانكا سىستېمىسى ھازىر ھەر يىلى باش بانكىغا قويۇۋاتقان زور مىقداردىكى ئامانەت مەبلەغنى قانداق ياخشى ئىشلىتىش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىشى لازىم. مەركىزىي بانكا پىلانىنى بوشىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەخسۇس بانكىلار ئۇيۇشتۇرغان ئامانەت مەبلەغلىرىنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىشكە رۇخسەت قىلىشى، قەرز بېرىش پىلانىنى ئارقىلىق كونترول قىلماسلىقى لازىم.

6) بانكا مەلۇم نىسبەتتە مەبلەغ ئاجرىتىپ، شىنجاڭنى ئېچىش خاراكتېرىدىكى بەزى قۇرۇلۇشلارغا ئىشلىتىشى لازىم.

7) مالىيە بىلەن بانكىنىڭ ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، پىلاندىكى ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ياخشى، ئەمما مالىيە مەبلەغ سېلىشقا ھازىرچە ئاجىزلىق قىلىۋاتقان قۇرۇلۇشلارغا بانكا ئىناۋەتلىك قەرز مەبلىغى بىلەن يار- يۆلەك بولسا بولىدۇ، مەبلەغ سېلىش جەھەتتىكى قىيىنچىلىقنى مالىيىنىڭ كېپىللىكى بىلەن ھەل قىلىپ، مەبلەغنىڭ ماكان جەھەتتىكى ئۈنۈمىنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم.

8) ئاپتونوم رايوننىڭ ئىناۋەتلىك قەرز مەبلىغىنى نۇقتىلىق. ھالدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 9 تۈرۈندىكى نۇقتىلىق ئىقتىسادىي تۈۋرۈك ۋە 10 چوڭ بازا قۇرۇلۇشىنى قوللاشقا ئىشلىتىشنى ئاساس قىلىش لازىم. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى قوللاشتا، يەرلىك ئورۇن بىلەن بىڭتۇەنگە تەڭ ئېتىبار بېرىش، كەسىپ ئائىلە بىلەن كۆتىرە ئالغۇچى ئائىلىگە تەڭ ئېتىبار بېرىش، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن يېزا - بازار كارخا-

ئەللىرىگە تەڭ ئېتىۋار بېرىش، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش بىلەن كۆپ خىل ئىگىلىككە تەڭ ئېتىۋار بېرىش، تېرىش-يىغىش كەسپى بىلەن پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپىگە تەڭ ئېتىۋار بېرىش، بارلىق ئۈنۈملۈك يەن — تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىش يولىدىكى مۇھىم تەدبىرلەرنى قوللاش ئارقىلىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ ۋە بېلىقچىلىقنىڭ ئومۇمىي يۈزلۈك راۋاجلىنىشىنى، يېزا ئىگىلىك، سانائەت، سودىنىڭ ئۇنىۋېر-سال باشقۇرۇلۇشىنى قوللاش، ئىناۋەتلىك قەرز، پايدا نىسبىتى قاتارلىق ئىقتىسادىي پىشاڭ ئارقىلىق رايونىمىزنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىنى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىش لازىم.

9) دۆلەت مەبلىغىنى تېجەش ئۈچۈن، يېزىدىكى كەسپىي ئائىلە، كۆتىرە ئالغۇچى ئائىلىلەرنى ۋە يېزا - بازار كارخانىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، ئەستايىدىل مەبلەغ جۇغلاشقا، يېنىدىكى پۇلنى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇشقا سەرپ قىلىشقا ۋە تېگىشلىك دەرىجىدە جۇغلانما جۇغلاشقا ئەستايىدىل سەپەرۋەر قىلىش كېرەك. بۇ جەھەتتە يوشۇرۇن كۈچ ناھايىتى چوڭ.

10) قۇرۇلۇش مەبلىغى جۇغلايدىغان ھەر دەرىجىلىك ئاپپاراتلارنى، مەسىلەن، شەھەر، يېزىلاردا خەلق ئامانەت توپلاش ھەيئىتى، يەرلىك زايوم سېتىۋېلىشقا سەپەرۋەر قىلىش ھەيئىتى، بانكىلار كوللېكتىۋىنى قۇرۇش لازىم.

يىغىپ ئېيتقاندا، شىنجاڭنى ئېچىش — گۈللەندۈرۈش، شىنجاڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئىستىراتېگىيىلىك نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدا مەبلەغكە بولغان ئېھتىياج بىلەن تەمىنلەش ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت بار، مەبلەغ يېتىشمەسلىك مەسىلىسى گەۋدىلىك بولىدۇ، لېكىن ئىشەنچنى چىڭىتىپ، ئىدىيىنى ئازات قىلىپ، سىياسەتتە كەڭ قويۇۋېتىپ، ئەستايىدىل ئىسلاھات ئېلىپ بارىدىغان، ئىگىلىكنى جانلاندۇرىدىغان، «سول» چەكلىمىنى يېڭىپ، مۇمكىن بولۇشچە چارە ئىزدەيدىغان بولساق، ھەل قىلغىلى بولىدۇ. يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتە مەبلەغ جەھەتتىكى زىددىيەت بىلەن چىرمىشىپ قېلىشقىمۇ بولمايدۇ، بىپەرۋالىق قىلىشقىمۇ بولمايدۇ. بۇ، 3 - نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ ئۇلۇغۋار نىشانىنىڭ ئېھتىياجى؛ بىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان ۋەزىپىمىز، بۇنى چوقۇم ئورۇنلىشىمىز لازىم.

جۇمەخۇن تەرجىمىسى

# يېزا ئىقتىسادىي ئىسلاھاتىمىزدىكى زور ئىلگىرىلەش ۋە ئۇنىڭ يېزا ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىغا كۆرسەتكەن تەسىرى

رازاق تۇمۇر

( 1 )

بىر قانچە يىلدىن بۇيان، يېزىلاردا ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ئىسلاھ قىلىش ئارقىلىق
يېزا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش
مۇناسىۋىتى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ كونكرېت تەلىپىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمە
ئورنىتىلىشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن ھەممىدىن ئاۋال مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدە يېڭىلىق بولدى.
ئىلگىرى يېزىلاردا، نوقۇل كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنىلا تەكىتلەپ، كوللېكتىپ
مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدە چىڭ تۇرغانلىق سوتسىيالىزمنىڭ يېزا جەبھىسىنى ئىگىلىگەنلىك
دەپ قاراپ، باشقا ئىقتىسادىي شەكىللەرنى چەتكە قاقىدىغان ھەتتا ئۇنى قىرقىپ تاشلاي-
دىغان نۇقتىئىنەزەر ئۇزۇن مەزگىل ھۆكۈم سۈرگەن ئىدى. شۇڭا، ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى
بىلەن تەشكىلىي كۆلىمىنى ئۆز ئارا ئارىلاشتۇرۇۋېتىدىغان، «قانچە چوڭ بولسا شۇنچە
ئومۇمىي بولىدۇ» دېگەن سول يېتەكچى ئىدىيىنىڭ ئاستىدا، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدىن
ئىشلەپچىقىرىش دادۈيىگە، ئىشلەپچىقىرىش دادۈيىدىن گۇڭشېغا ئۆتىدىغان بىرلا قېلىپ
شەكىللەنگەن ئىدى. ئىسلاھات ئارقىلىق بۇ قېلىپ بۇزۇپ تاشلىنىپ، ئومۇمىي خەلق مۈلۈك-
چىلىكى يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدىغان، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكتىكى ھەمكارلىق ئىگىلىك زور
كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلىدىغان، يەككە ئىگىلىككە مۇۋاپىق ياردەم بېرىلىدىغان، كۆپ
خىل ئىقتىسادىي شەكىل بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان، ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپ-
چىقىرىشنىڭ تەلىپىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرىدىغان، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەلىپىگە
ئۇيغۇن كېلىدىغان سوتسىيالىستىك مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسى ئورنىتىلدى؛ ئۇنىڭدىن قالسا،
باشقۇرۇش شەكلى ئۆزگەردى، ئىلگىرىكى توپلىشىپ ئەمگەك قىلىدىغان، ئىشلەپچىقىرىش
ۋاستىلىرى بىلەن ئەمگەكچىلەر بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىلىدىغان، ئۇلارنىڭ باشقۇرۇش

ھوقۇقى كاپالەتلەندۈرۈلمەيدىغان، باشقۇرۇشنى ئارتۇقچە مەركەزلەشتۈرۈۋېتىدىغان ئىگىلىك شەكلى ئىسلاھ قىلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىق قىلىنىشتا چىڭ تۇرۇش ئاساسىدا، كوللېكتىپ بىر تۇتاش باشقۇرۇش بىلەن ئائىلە بويىچە تارقاق باشقۇرۇش ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلگەن يېڭى تىپتىكى ھەمكارلىق ئىگىلىك يولغا قويۇلدى. ئۇنىڭدا كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ قانۇنىي ئىگىسى سۈپىتىدە ئىگىلىكنىڭ بىرىنچى قاتلىمى بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۇھىم تەرىپى ۋە ھالقىلىرىنى تەڭشەش ۋە نازارەت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ، ئەمما ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئاساسىي جەھەت- تىن بىۋاستە ئىشلەتمەيدۇ. ھەمكارلىق ئىگىلىكنىڭ ئىككىنچى قاتلىمى بولغان دېھقانلار ئائىلىسى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى بىۋاستە ئىشلىتىپ ۋە باشقۇرۇپ، باشقۇرۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىنى بىۋاستە ئورۇنلاشتۇرىدۇ. بۇ يەردە ئېيتىلغان ئائىلە، يېزىلاردا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. شۇنىڭدەك يېڭى تىپتىكى ھەمكارلىق ئىگى- لىكنىڭ ۋەكىلى بولغان ھۆددىگەر ئائىلە، كەسپىي ئائىلە، نۇقتىلىق ئائىلىلەرنى، ئۇلار شەكىللەندۈرگەن بىرلەشمە گەۋدىلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن سوتسىيالىزم شارائى- تىدا ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى بىلەن باشقۇرۇش، ئىشلىتىش ھوقۇقىنى مۇۋاپىق ئايرىش، شۇ ئارقىلىق ئەمگەكچىلەر بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئور- گانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈش نىسبەتەن ئوڭۇشلۇق ئىشقا ئاشتى. ئۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچ- لىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا ئاجايىپ كۈچلۈك رول ئوينىدى. ئەڭ ئاخىرىدا، تەقسىماتنىڭ شەكلى ئۆزگەردى. ئىلگىرىكى گۇڭ باھالاپ، نومۇر خاتىرىلەپ، يىل ئاخىرىغا بارغاندا ئىشلەپچىقىرىش كوللېكتىپىنىڭ شۇ يىللىق نومۇرىنى جەملەپ ئۇنىڭغا ئاساسەن گۇڭنىڭ ئورتاق قىممىتىنى ھېسابلاپ چىقىپ، تەقسىمات قىلىدىغان، «چوڭ قازان- نىڭ ئېشى» نى يەيدىغان تەڭ تەقسىماتچىلىق ئۇسۇلى ئۆزگەرتىلىپ، ئۆلچەملىك مەھ- سۇلات قىممىتىنى، ئۆلچەملىك مەھسۇلات مىقدارى، ئۆلچەملىك ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىنى ھېسابلاپ چىقىپ، شۇ بويىچە ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى ھۆددىگە بېرىش توختىمى ئارقىلىق، ئائىلىلەرگىچە يەر بېشىدا ئەمەللەشتۈرىدىغان، «دۆلەتكە تېگىشلىكىنى تولۇق تاپشۇرىدى- غان، كوللېكتىپقا تېگىشلىكىنى يېتەرلىك قالدۇرىدىغان، قالغىنى ئۆزىگە تەۋە بولىدىغان» تەقسىمات ئۇسۇلى يولغا قويۇلدى. بۇنىڭ بىلەن ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش نىسبەتەن ياخشى ئىزچىللاشتى. تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا، ئوخشاش بولمىغان كەسىپ ۋە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەسپىي ئائىلە، كەسپىي يېزا، كەسپىي مەھەللە بارلىققا كېلىپ، ئىش تەقسىماتى راۋاجلاندۇرۇلدى. ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەخسۇسلىشىشى،

تاۋارلىشىشى، ئىجتىمائىيلىشىشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى. نەتىجىدە كەسپىي يۆنىلىش ئوخشايدىغان ياكى ئوخشىمايدىغان ۋە مۈلۈكچىلىك دائىرىسىدىن تارماق، رايوندىن ھالقىغان ئىقتىسادىي بىرلەشمە گەۋدە. ياكى يېزا ئىگىلىك، سانائەت، سودا بىرلەشمە كارخانىلىرى بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. يېزىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كەسپىي قۇرۇلمىسىدىمۇ ئۆزگىرىش بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يېڭى كەسپىي تارماقلىرى بارلىققا كەلدى. ھازىر يېزا ئىقتىسادىدا ھەقىقەتەن «ئىككى چوڭ ئۆزگىرىش» بارلىققا كېلىپ، ئىشلەپچىقىرىش تېز راۋاجلانماقتا ۋە يېزا ئىقتىسادى كەڭلىكتە، چوڭقۇرلۇقتا قاراپ تەرەققىي قىلماقتا. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى تېخنىكا ئىسلاھاتىغا يۈزلىنىپ، ئەسلىدىكى قوپال باشقۇرۇش ۋە تاشقى ئامىلدىن كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئورنىنى تەدرىجىي تۈجۈپلەپ باشقۇرۇش ۋە ئىچكى ئامىلدىن كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىش باسقانلىقى ئۈچۈن، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم يىلمۇ-يىل ئۆسۈپ، يېزا ئىقتىسادى بارغانسېرى گۈللەنمەكتە، شەھەر بىلەن يېزا يېقىنلاشماقتا. شۇڭا، ھەممە تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى راۋانلاشقان ۋە بىر-بىرىگە ماھىيەتلىك باغلانغان، شەھەر بىلەن يېزىنىڭ ئىقتىسادىي ئالاقىسى قويۇقلاشقان، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە يېزا ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىنىڭ ئاساسىي شەكلى ھازىر بارلىققا كەلدى دېيىشكە بولىدۇ. بۇنداق دېگەنلىك يېزا ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش بىر يەرگە بېرىپ قالدى، ئەمدى توختىتىش كېرەك دېگەنلىك ئەمەس، يېزا ئىسلاھاتى پۈتكۈل ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنىڭ ئالدىدا ماڭغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ نۇرغۇن تەرەپلىرى پۈتكۈل ئىقتىسادىي تۈزۈلمىگە چېتىشلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، تېخى يورۇشلىشىپ كەتمىدى. يەنە بەزىلىرى ئەمدىلا سىناق باسقۇچىدا تۇرىۋاتىدۇ. «ھازىر يېزا ئىقتىسادىي ئىسلاھاتى داۋاملىق تەرەققىي قىلىپ، يېزا ئىقتىسادى مەخسۇسلىشىشقا، تاۋارلىشىشقا، زامانىۋىلىشىشقا قاراپ ئۆزگەرمەكتە. بۇ خىل ۋەزىيەت شەھەر بىلەن يېزىنىڭ ئوبوروت يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، كۈنسايىن كۆپىيىۋاتقان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىغا بازار ئېچىپ بېرىشنى جىددىي تەلەپ قىلىدۇ.[1]» ئالايلى: «1979-يىلدىن 1982-يىلغىچە بولغان 4 يىل ئىچىدە، يېزىلاردىكى تۇرالۇق كەسىپلەرنىڭ تاۋار نىسبىتى 59.9% دىن 65.9% گە چىققان؛ جۈملىدىن دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ تاۋار نىسبىتى 51.5% دىن 56% گە چىققان.»[2] تاۋار ئالماشتۇرۇلىدىغان مەھسۇلات بولغاچقا، تاۋار مەھسۇلاتلىرى كۆپەيگەندىن كېيىن، بازار تېخىمۇ مۇھىم بولۇپ قالدى. بەزى جايلاردا ھەتتا سېتىش قىيىن بولۇش مەسىلىسى يۈز بەردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاۋار ئىشلەپچىقىرىش راۋاجلىنىپ، دېھقانلار بېيىغاندىن كېيىن، ئۇلار تېخىمۇ كۆپ سانائەت بۇيۇملىرىغا مۇھتاج بولدى. شۇڭا بەزى جايلاردا سېتىۋېلىش قىيىن بولۇش مەسىلىسىمۇ يۈز بەردى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋالدۇكى، يېزا سودا

تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش ھازىرقى تووار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا يېتىشەلمەيۋاتىدۇ. شۇڭا، ئىسلاھاتنى يەنىمۇ تېزلىتىپ، توۋارنىڭ ئوبورت يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇش، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىغا كەڭ بازار ئېچىپ بېرىش لازىم. ھازىر دېھقانلار «سانائەت بىلەن شۇغۇللانغاندا باي بولغىلى بولمايدۇ، سودىغا سەل قارىغاندا ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرغىلى بولمايدۇ» دەپ قاراۋاتىدۇ. بۇ تامامەن توغرا. چۈنكى يېزا ئىگىلىكىنى زامانۋىلاشتۇرۇشتا، ئاۋۋال يېزىلارنى سانائەتلەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ — ئوبيېكتىپ مۇقەررەرلىك. شۇڭا، يېزا سودىسى ئۆزىنىڭ سېتىش مۇلازىمىتىنى ياخشىلاپ، تېخىمۇ كۆپ سانائەت بۇيۇملىرىنى يېزىلارغا ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرىپ، دېھقانلارنىڭ تووار ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدىكى سانائەت بۇيۇملىرىغا بولغان ئېھتىياجىنى ياخشى قاندۇرۇشى لازىم. ئۇنىڭدىن قالسا، پىلان تۈزۈلمىسىنى تېز ۋە ياخشى ئىسلاھ قىلىش كېرەك. يېزىلاردىكى تووار ئىشلەپچىقارغۇچى ئائىلىلەر ۋە تۈرلۈك شەكىلدىكى بىرلەشمە گەۋدىلەرنىڭ ھەممىسى مۇستەقىل تووار ئىشلەپچىقارغۇچىلار. شۇڭا قىممەت قانۇنى ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تووار ئالماشتۇرۇشىغا قارىتا تېخىمۇ كەڭ دەرىجىدە تەڭشەش رولىنى ئوينايدۇ. ئەمما ھازىرقى پىلان تۈزۈلمىسى ئارتۇقچە بىر تۇتاش بولۇپ، پىلاننىڭ كونكرېت شەكلىدە بۇيرۇق خاراكتېرلىق پىلان كۆرسەتكۈچى ئاساس قىلىنغاچقا، ئۇ قىممەت قانۇنىنىڭ تەڭشەش رولىنى ياخشى گەۋدىلەندۈرەلمىدى، ھەتتا ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتىدۇ. بۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا، يېزىلاردا تووار ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئالماشتۇرۇش تەسىرگە ئۇچرايدۇ. شۇڭا «سوتسىيالىستىك پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ چوقۇم قىممەت قانۇنىنىڭ ئاڭلىق ئاساسلىنىدىغان ۋە ئۇنى تەتبىقلايدىغان ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئاساسىدىكى پىلانلىق تووار ئىگىلىك ئىكەنلىكىنى تونۇش①» ئاساسىدا، ئىلگىرىكى پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن تووار ئىگىلىكىنى قارىمۇ-قارشى نەرسە دەپ قارايدىغان سولچىل نۇقتىئىنەزەرنى تازىلاپ، تووار ئىگىلىكىنىڭ ناتۇرال ئىگىلىككە قارشى ئىكەنلىكىنى تونۇش لازىم. پىلان تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشتا، قىممەت قانۇنىنىڭ رولىنى ياخشى ئىگىلەپ ۋە بىلىپ، ئۇنىڭدىن ئاڭلىق پايدىلىنىش ئاساسىدا بىر تۇتاش باشقۇرۇش بىلەن جانلىق بولۇش، ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلگەن تەڭشەش تۈزۈلمىسىنى شەكىللەندۈرۈش لازىم. يېزىلارغا قارىتا، يېزا ئىقتىسادىنىڭ ھازىرقى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، بۇيرۇق خاراكتېرلىق پىلان كۆرسەتكۈچىنىڭ دائىرىسىنى تارايتىش، ھەتتا يېتەكچى خاراكتېرلىق پىلان ۋە بازار ئارقىلىق تەڭشەشنى ئاساس قىلغان باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش لازىم. شۇنداق قىلغاندا، ئىشلەپچىقارغۇچىلارنى بازار بىلەن بىۋاسىتە ئۇچراشتۇرۇپ، قىممەت قانۇنىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئوبوروتنى تەڭشەش رولىنى ئاڭلىق جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

دېھقانلارنىڭ ئايرىم ئەمگەك ۋاقتى ئىجتىمائىي زۆرۈر ئەمگەك ۋاقتىغا ئاساسەن يېقىنلىشىپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئېھتىياج، تەمىنلەش بىلەن تەلەپ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تەڭپۇڭلۇققا يۈزلىنىدۇ؛ دېھقانلارنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمى كۆرۈنەرلىك ھالدا ئۆسۈپ، ئۇلار تېخىمۇ تېز بېيىيدۇ. يۇقىرىقىلاردىن يېزا ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىنىڭ ئىسلاھاتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پۈتكۈل يېزا تۈزۈلمىسىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش، مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ يەنىلا ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكى كۆرۈلىدۇ.

(2)

جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە يېزا ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ، يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىدا روشەن ۋە ئەمەلىي ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئۇ، تەبىئىي قانۇنىيەت بىلەن ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي قانۇنىيەتنىڭ بارا - بارا ئويغۇنلىشىپ، رىيال ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى ۋە خاراكتېرىغا ئويغۇن كېلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ تەدرىجىي شەكىللىنىش ئەھۋالىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرمەكتە. نېمە ئۈچۈن مۇنداق بولىدۇ؟ مېنىڭچە، بىزنى ئىقتىسادىي قۇرۇلما، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە، ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي قانۇنىيەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىدىن چۈشىنىش كېرەك. ئىقتىسادشۇناسلىق تەلىماتىدىن قارىغاندا، ئىقتىسادىي قۇرۇلما — تەبىئىي قانۇنىيەت بىلەن ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي قانۇنىيەتنىڭ تەلىپى بويىچە شەكىللەنگەن بارلىق ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنىڭ ئورگانىك قۇرۇلمىسىدىن ئىبارەت. يەنىمۇ ئوچۇقراق ئېيتىشقا توغرا كەلگەندە، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەكرار ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىن كۆزىتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەكرار ئىشلەپچىقىرىش، بىر تەرەپتىن، ماددىي ۋاستىلارنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەكرار ئىشلەپچىقىرىش جەريانىنى ئۆز ئىچىگە ئالسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى پەيدا قىلىش بىلەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ ئىچكى مەزمۇنى ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلا بولماستىن، بەلكى ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. ۋاھالەنكى، ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئىنسانلار شەكىللەندۈرگەن. ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىرلەشتۈرۈپ چۈشەنگەندە، ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمىي جەريانىدىكى ئىشلەپچىقىرىش، تەقسىمات، ئالماشتۇرۇش، ئىستېمالدىن ئىبارەت 4 ھالقىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ۋە قانۇنىيىتىنى ئانالىز قىلىشقا پايدىلىق بولىدۇ. مۇشۇ نۇقتىنى ئاساس

قىلغاندا، ئىجتىمائى - ئىقتىسادىي قۇرۇلما، بىر تەرەپتىن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىقتىسادىي تۈزۈلمە «مۇئەييەن ئىجتىمائى - ئىقتىسادىي تۈزۈم ئاساستىدا، خەلق ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپىگە ئاساسەن، ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتىنى تەڭشەش ئۈچۈن قۇرۇلغان، شۇنىڭدەك خەلق ئىگىلىكىدىكى تۈرلۈك ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنى تەڭشەش ئارقىلىق، ئىشلەپچىقىرىش، ئالماشتۇرۇش، تەقسىمات، ئىستېمالنى ماس ھالدا راۋاجلاندۇرىدىغان تەشكىلىي شەكىل، باشقۇرۇش تۈزۈمى ۋە باشقۇرۇش ئۇسۇلىدىن تەركىب تاپقان سىستېمىنى كۆرسىتىدۇ①. ئىقتىسادىي تۈزۈلمە، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنىڭ مەنىسىدىن قارىغاندا، ئۇلار بىلەن قانۇنىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى ئوبيېكتىپ بىلەن سۇبيېكتىپنىڭ مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت. فورمۇلا بىلەن كۆرسەتكەندە: ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي قانۇنىيەت — ئىقتىسادىي تۈزۈلمە — ئىقتىسادىي قۇرۇلمىدىن ئىبارەت. ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئۆزىنىڭ كونكرېت تەشكىلىي شەكلى، باشقۇرۇش تۈزۈمى، باشقۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي قانۇنىيەتنىڭ تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ مۇۋاپىق ياكى مۇۋاپىق ئەمەسلىكى، ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي قانۇنىيەتنىڭ تەلىپىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرگەن - ئەتتۈرمىگەنلىكى كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتنى بىلىش دەرىجىسى بىلەن بەلگىلىنىدۇ. ئەگەر كىشىلەر ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي قانۇنىيەتنىڭ تەلىپىگە بويسۇنۇپ ۋە ئۇنى تەدبىقلاپ، رىيال ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى تەڭشەپ مۇۋاپىقلاشتۇرسا، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەشكىل قىلغان تۈرلۈك ئىقتىسادىي ئامىللارنىڭ مۇناسىۋىتى بىر - بىرىگە ماسلىشىپ، تەڭپۇڭلىشىپ، قۇرۇلما لايىقلىشىدۇ. ئىجتىمائى ئىشلەپچىقىرىش تېز يۈكسىلىدۇ. ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ تۈپ قانۇنى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ چوقۇم ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىگە ئۇيغۇن كېلىش قانۇنىدىن ئىبارەت. بۇ قانۇنىيەت — ھەم ئۇنىڭ چىقىش نۇقتىسى، ھەم ئۇنىڭ ئەمەلىيلىشىش نۇقتىسى. «سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىكى ئاساسىي زىددىيەت يەنىلا ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى، ئۈستقۇرۇلما بىلەن ئىقتىسادىي بازىسىنىڭ زىددىيىتى. بىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ئىسلاھ قىلىشىمىز، سوتسىيالىزىم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ئاساسىدا، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۈستقۇرۇلمىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بىر قاتار ئۆز - ئارا مۇناسىۋەتلىك ھالقىلارنى ۋە تەرەپلەرنى ئىسلاھ قىلىشتىن ئىبارەت ...⑤ بۇنىڭدىن كۆرۈلىدۇكى، بىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىمىزنىڭ ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي قانۇنىيەتنىڭ تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ياكى ئەتتۈرمىگەنلىكى، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ مۇۋاپىق ياكى

مۇۋاپىق ئەمەسلىكى پەقەتلا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق بولغان - بولمىغانلىقى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ئەگەر ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق بولىدىغان بولسا، بىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىمىز تېخىمۇ مۇۋاپىقلىشىپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىستېمال، تەمىنلەش بىلەن تەلەپتىن ئىبارەت قۇرۇلمىلىق مۇناسىۋەت تەڭپۇڭلاشقان بولىدۇ. لېكىن تەڭپۇڭلۇق نىسپىي بولىدۇ، يەنى تەڭپۇڭلۇق — تەڭپۇڭسىزلىق — تەڭپۇڭلۇق مۇناسىۋىتى بويىچە تەرەققىي قىلىدۇ. ئىقتىسادىي تۈزۈلمە، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىغا نىسبەتەن چەكلەش ياكى راۋاجلاندۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. ئالايلى، يېزا ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش نەتىجىسىدە، يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىدا نۇرغۇن ئۆزگىرىش بولۇپ، ئۇ مۇۋاپىقلىشىشقا يۈزلىنىۋاتىدۇ. يېزىلاردىكى ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرى (ھايۋانلارنى بېقىش ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى تېرىپ ئۆستۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ) راۋاجلىنىپلا قالماستىن، يەنە بىر قىسىم يېڭى ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرى بارلىققا كېلىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئۆزىنىڭ ئالدى ۋە كەينىدىكى تارماقلار بىلەن بىر يوللىشىپ، سېتىملىشىپ، يېزا ئىگىلىك، سانائەت، سودا قاتارلىق تارماقلار بىر گەۋدە بولۇش يۆنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. بۇ خىل ئۆزگىرىش مۇنۇ تەرەپلەردە كۆرۈلىدۇ: ئىشلەپچىقىرىش كەسپىي تارماقلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىدا روشەن ئۆزگىرىشلەر بولدى. مەسىلەن: مەملىكىتىمىز دېھقانلىرىنىڭ 1983 - يىلدىكى ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىق كىرىمى ئىچىدە يېزا سانائىتى، يېزا قاتناش - ترانسپورتى، يېزا سودىسى، يېزا بىنا-كارلىق قۇرۇلۇشى، يېزا يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمىتى قاتارلىقلاردىن كەلگەن كىرىمنىڭ سالمىقى ناھايىتى تېز ئۆسۈپ 18.7% نى تەشكىل قىلىپ، ھەر بىر كىشىگە 50 نەچچە يۈەندىن توغرا كەلدى. دېڭىز ياقىلىرىدىكى ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان رايونلار ۋە بىر قىسىم ئىچكى رايونلاردا تېخىمۇ يۇقىرى بولۇپ، 80% — 70 كە يەتتى. يەنە يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىدىمۇ خېلى ئۆزگىرىش بولدى. مەسىلەن، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئىچىدە، دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتىنىڭ تۇتقان سالمىقى 1978 - يىلدىكى 97.8% تىن 1983 - يىلى 62.1% كە چۈشۈپ، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، بېلىقچىلىق قاتارلىقلارنىڭ نىسبىتى 32.2% تىن 37.9% كە چىقتى. قارىماققا ئۇنىڭ ئۆزگىرىش سۈرئىتى تېز، ھەجمى چوڭ بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ، ناتۇرال ئىگىلىك ۋە ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىكنىڭ تاۋارلاشقان، مەخسۇسلاشقان، زامانىۋىلاشقان ئىشلەپچىقىرىشقا يۈزلىنىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا، يېزا ئەمگەك كۈچى قۇرۇلمىسىدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى. ھازىر ئەمگەك كۈچلىرى يېزا ئىگىلىكىدىن يېزا - بازار كارخانىلىرىغا، دېھقانچىلىقتىن كۆپ خىل ئىگىلىككە يۆرۈش قىلىۋاتىدۇ. مۇناسـ

ۋە تىلىك تارماقلارنىڭ مەملىكىتىمىزدىكى 575 ناھىيە، 2032 يېزا (گۇڭشې) نى تەكشۈرگەن ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئەمگەكچىلەرنىڭ يېزا ئەمگەك كۈچىدىكى نىسبىتى 1982 - يىلىدىكى 82.9% دىن 1983 - يىلى 80.8% كە چۈشكەن. باشقا ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، بېلىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئەمگەك كۈچىنىڭ نىسبىتى 8.9% دىن 9.6% كە چىققان. يېزا سانائىتى، يېزا بىناكارلىق قۇرۇلۇشى، يېزا قاتناش - ترانسپورتى، يېزا سودىسى، يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمەت كەسىپلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ نىسبىتى 4.8% تىن 5.5% كە چىققان. ئۆتكەن يىلى بىر يىلدا مەملىكەت بويىچە 31 مىليوندىن ئارتۇق يېزا ئىگىلىك ئەمگەك كۈچى يېزىدىن يېزا - بازار كارخانىلىرىغا كىرىپ، سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىشچىلاردىن بولۇپ قالدى. 1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، مەملىكەت بويىچە يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ سانى بىر مىليون 360 مىڭغا يەتكەن. جۈملىدىن، دېھقانلار بىرلىشىپ باشقۇرغان ۋە ھەمكارلىشىپ باشقۇرغان كارخانا 500 مىڭغا يەتكەن. ئۇنىڭدىكى خادىملارنىڭ سانى يېزىلاردىكى ئومۇمى ئەمگەك كۈچىنىڭ ئوندىن بىرىنى تەشكىل قىلغان. كوللېكتىپ باشقۇرغان كارخانىلارنىڭ يىللىق كىرىمى 92 مىليارد 870 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يېزا ئىقتىسادىي كىرىمىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى تەشكىل قىلدى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتى مەملىكەت بويىچە سانائەت ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 12% تىنى تەشكىل قىلىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ 1957 - يىلىدىكى سانائەت ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتىگە تەڭ بولدى. بۇنىڭدىن كۆرۈلىدۈكى، گەرچە يېزا بازار - كارخانىلىرىدىكى ئەمگەك كۈچلىرى يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئەمگەك كۈچلىرىدىن نەچچە ھەسسە ئاز بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى نەچچە ھەسسە يۇقىرى. شۇڭا ئۇ ھازىر يېزىلاردا مۇھىم ئىشلەپچىقىرىش كەسپى تارمىقى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ راۋاجلىنىشى يېزا ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىۋى، شۇنداقلا يېزا ئىگىلىكىنى سانائەتلەشتۈرۈش، تېخنىكا ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش، يېڭى تېخنىكىنى كېڭەيتىشنىڭ مۇھىم يولى. يەنە بىر تەرەپتىن، يېزا ئىگىلىكىدىن ئايرىلسىمۇ يېزىدىن ئايرىلماسلىق يولى بىلەن يېزىلارنىڭ ئەمگەك كۈچىدىكى ئۈستۈنلۈكىنى ھەقىقى جارى قىلىشنىڭ يولى.

بىر تۇتاش باشقۇرۇش بىلەن ئائىلە بويىچە تارقاق باشقۇرۇش ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلىدىغان، مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش تۈزۈلمىسىنى باشلامچى قىلغان يېزا ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىدىكى بىر نەچچە يىللىق ئىسلاھات غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىپ، دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغىدى، شۇ ئارقىلىق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى

تېز راۋاجلاندى. مەسىلەن، 1978 - يىلى يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 188 مىليارت 700 مىليون يۈەن بولسا، 1983 - يىلى 276 مىليارت 420 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 46.5% ئاشقان ( 1980 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلانغان )(6)... ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىمۇ ئۆسكەن: 1978 - يىلى مەملىكىتىمىز دېھقانلىرىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 134 يۈەن بولغان بولسا، 1983 - يىلغا كەلگەندە 310 يۈەنگە يېتىپ، 176 يۈەن قوشۇلغان، دېمەك، 5 يىل ئىچىدە 1.3 ھەسسە كۆپەيگەن. لېكىن شۇنى كۆرۈش لازىمكى، يېزىلاردا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، يەنە بىر قۇرۇلما خاراكتېرلىق زىددىيەت يۈز بېرىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ تۈپ ئىپادىسى شۇكى، دېھقانلارنىڭ سېتىشىمۇ، سېتىۋېلىشىمۇ قىيىن بولۇۋاتىدۇ. دېمەك بۇ، ماھىيەت جەھەتتە يېزا ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنىڭ يەنىلا مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا، بۇنىڭدىن كېيىنكى مەسىلە دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىنى داۋاملىق قوزغاشلا بولماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى، يېزا ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ، مىليونلىغان يېزا ئەمگەك كۈچلىرىنى يېزىلاردىكى باشقا ئىشلەپچىقىرىش كەسپى ساھەلىرىگە لايىقىدا تەڭشەش، يېزا ئىقتىسادىنى جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئىستېمال قۇرۇلمىسىغا ماس كەلگەن ھالدا راۋاجلاندۇرۇش مەقسىتىگە يېتىشتىن ئىبارەت. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، يېزا ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى تەتقىق قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۇنى قۇرۇلمىنى تەڭشەش ۋە مۇۋاپىقلاشتۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش لازىم. ئۇ، يېزا ئىقتىسادىنىڭ بۇندىن كېيىنكى ئىستراتېگىيىسىنى بەلگىلەش ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئالايلى، 800 مىليون يېزا ئاھالىسى، 100 مىليوندىن كۆپرەك يېزا ئەمگەك كۈچلىرى ئوزۇقلۇق مەسىلىسى بىلەنلا شۇغۇللىنىدىغان پاسسىپ ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتمىگەندە، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا مەملىكىتىمىزدىكى ھەر بىر يېزا نوپۇسىنىڭ يىللىق ساپ كىرىمىنى 800 يۈەنگە يەتكۈزۈپ، 1000 يۈەنگە يەتكۈزۈشنى قولغا كەلتۈرۈش، گۈللەنگەن، باي، يېڭى يېزا قۇرۇشتىن ئىبارەت نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش قىيىن بولىدۇ، مۇشۇ تەلەپكە ئاساسەن، ئەمەلىيرەك ئېيتقاندا، يېزا تەرەققىياتىنىڭ يولى، بېيىشنىڭ يولى ئاشلىق تېرىشتىلا ئەمەس، بەلكى ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشقا كاپالەتلىك قىلىش ئاساسىدا، كۆپ خىل ئىگىلىكنى پائال راۋاجلاندۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش يوللىرىنى ۋە كىرىم مەنبەسىنى كېڭەيتىشتە، ئەمما كۆپ خىل ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشتا دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، بېلىقچىلىقنى ئومۇمىيۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇشنىلا تەكىتلەپ قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى، يېزا ئىگىلىكى، يېزا سانائىتى، يېزا قاتناش-تىرانسپورتى، يېزا بىناكارلىق قۇرۇلۇشى، يېزا سودىسى، يېزا يېمەك - ئىچمەك

مۇلازىمەت كەسپى قاتارلىقلارنى ئومۇمىيۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇشنى تەكىتلەش لازىم ··· ⑦ كەلگۈسىدىن قارىغاندا ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى يېزا ئەمگەك كۈچى مەنبەسىگە ئاساسلانغاندا، ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ 30% ى تېرىقچىلىق بىلەن، 20% ى ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، بېلىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانسا، 10% تى چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى شەھەرگە ۋە كان رايونلىرىغا كىرسە، قالغان 40% تى ⑧ يېزا ئىگىلىكىدىن ئايرىلسىمۇ يېزىدىن ئايرىلماي، يېزا سانائىتى، يېزا قاتناش - ترانسپورتى، يېزا بىناكارلىق قۇرۇلۇشى، يېزا سودىسى، يېزا يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمەت كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈش مۇۋاپىق. شۇنداق بولغاندا، يېزىلارنىڭ تاۋار ئىشلەپچىقىرىشى راۋاجلىنىدۇ، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمىمۇ كۆپىيىدۇ. بىر نەچچە يىللىق ئەمەلىيەتتىن قارىغاندا، يېزا - بازار كارخانىلىرى ئوتتۇرا، كىچىك شەھەر، بازارلىرىنى شەكىللەندۈرىدىغان ئاساس بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا دېڭىز ياقىلىرىدىكى ۋە بىر قىسىم ئىچكى رايونلاردىكى چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەرنىڭ ئەتراپىدا يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتى تېز بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ جايلاردا بىر تۈركۈم كىچىك شەھەر - بازارلار بارلىققا كېلىپ، ئۇلار بىر تەرەپتىن، يېزىلاردىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي مەركەز ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، يېزا بىلەن شەھەر ئوتتۇرىسىدا تاۋار ئالماشتۇرىدىغان بازار بولۇپ قالدى. يېزا ئىقتىسادىدىكى بۇ كارامەت ئۆزگىرىشلەر يېزا ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنىڭ تەرەققىياتىغا تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ يېڭى مەسىلىلەرنى قويۇۋاتىدۇ. شۇڭا، بۇ مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش، ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئەمەلىي ئەھۋال ۋە تەلەپكە ئاساسەن تاللاش لازىم.

يېزا ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى مۇرەككەپ بىر تېما، چوڭ تەرەپتىن ئېيتقاندا، ئۇ يېزا ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى قۇرۇلمىسى بىلەن يېزا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى قۇرۇلمىسىدىن تەركىب تاپقان. يەنىمۇ كونكرېت قىلىپ ئېيتساق، ئۇ يېزىلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش كەسىپلىرى قۇرۇلمىسى، ئەمگەك كۈچلىرى قۇرۇلمىسى، ماددىي مەبلەغ قۇرۇلمىسى، تېخنىكا قۇرۇلمىسى ۋە خەۋەر، ئۇچۇر سىستېمىسى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپىدۇ. شۇڭا، ئۇ بىر نەچچە قاتلامغا بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى، ئىشلەپچىقىرىش كەسىپلىرى قۇرۇلمىسى. ئۇ يېزىلاردىكى يېزا ئىگىلىك، سانائەت، قاتناش - ترانسپورت، بىناكارلىق قۇرۇلۇشى، سودا، يېمەك - ئىچمەك، خەۋەر - ئۇچۇر قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش كەسىپىي ساھەلىرىنىڭ نىسبەت مۇناسىۋىتىنى ( تەرەققىيات كۆلىمى ۋە سۈرئىتىنى كۆرسىتىدۇ ) ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ؛ ئىككىنچى، يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى. ئۇ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق،

چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، بېلىقچىلىق قاتارلىق 5 كەسىپنىڭ نىسبەت مۇناسىۋىتىنى ۋە ئۆز ـ ئارا مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىدۇ؛ ئۈچىنچى، دېھقانچىلىق ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى. ئۇ ئاساسلىق زىرائەتلىرى، ئىقتىسادىي زىرائەتلەر ۋە باشقا زىرائەتلەرنىڭ نىسبەت مۇناسىۋىتىنى ۋە ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يېزىلاردىكى سانائەت، قاتناش ـ تىرانسپورت، بىناكارلىق قۇرۇلۇشى، سودا، يېمەك ـ ئىچمەك مۇلازىمەتلىرى قاتارلىق ساھەلەرنىمۇ ئوخشاشلا بىر قانچە قاتلامغا بۆلۈشكە بولىدۇ، بۆلۈنگەن ھەر بىر قاتلامدا يەنىلا قۇرۇلما مەسىلىسى بولىدۇ، بىز ھەر بىر تارماقنىڭ تارىخىي ئەھۋالى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، سېلىشتۇرۇپ، تەتقىق قىلىپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى سېزىپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىش يۈزلىنىشىنى پۇختا ئىگىلەپ، ئومۇملاشتۇرۇپ تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ، يېزا ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنىڭ ئەڭ ياخشى، ئەڭ مۇۋاپىق لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمىز لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسىنىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭدا ھەر خىل ئىقتىسادىي تەركىبلەرنىڭ ئوخشىمىغان تارىخىي شارائىتلاردا يېزا ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىدىكى ئورنى ۋە رولىنى، شۇنىڭدەك ئەشۇ ھەر خىل ئىقتىسادىي تەركىبلەردە يولغا قويۇلغان ھەر خىل ئىگىلىك شەكىللىرىنىڭ لايىق ياكى لايىق ئەمەسلىكىنى تەتقىق قىلىش، شۇنداق قىلىش ئارقىلىق ھەر قايسى تەرەپنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغاپ، يۈكسەك دېموكراتىيە، يۈكسەك مەدەنىيەتكە ئىگە، زامانىۋىلاشقان، گۈللەنگەن، باياشات سوتسىيالىستىك يېزا ئىقتىسادىنى قۇرۇشنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىش كېرەك. ئۇنىڭدىن قالسا، يېزا رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى تەتقىق قىلىش لازىم. بۇنىڭدا ئىقتىسادىي تەرەققىي قىلغان رايون، ئوتتۇراھال رايون ۋە ئارقىدا قالغان رايون دەپ 3 خىلغا ئايرىپ تەتقىق قىلىشىمۇ ياكى شەھەر ئەتراپى رايونلىرى، چەت رايونلار ۋە تاغلىق رايونلارغا ۋە ياكى دېھقانچىلىق رايونلىرى، ئورمانچىلىق رايونلىرى، چارۋىچىلىق رايونلىرى، بېلىقچىلىق رايونلىرى قاتارلىق تۈرلەرگە ئايرىپ تەتقىق قىلىشىمۇ بولىدۇ. مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ، نەزەرىيە بىلەن دەلىللەش ۋە ھەل قىلىشقا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن، ئەمگەك كۈچى، مەبلەغ، مەھسۇلات قىممىتى، تەننەرقى، كىرىم، ئىستېمال قاتارلىق مەخسۇس مەسىلىلەر بويىچە تەتقىق قىلىشىمۇ بولىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، يېزا ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىنىڭ ئىسلاھاتى يېزا ئىقتىسادىنى جانلاندۇردى. شۇڭا، مۇشۇنداق پەيتنى غەنىمەت بىلىپ، يېزا ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئۇنى يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ تەلىپى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش لازىم.

( داۋامى 40 ـ بەتتە )

# 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش جەريانىدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتى مەسىلىسى ھەققىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە

چى ۋېنلى

شىنجاڭ — ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان كۆپ مىللەتلىك رايون. مىللەتلەر مۇناسىۋىتى مەسىلىسى — ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلە. شۇڭا، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش جەريانىدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتى مەسىلىسىنى قانداق قىلىپ توغرا ھەل قىلىش ئۈستىدە ئىزدىنىش ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىش تولىمۇ زۆرۈر. بولۇپمۇ 1983 - يىلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭنى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، بۇ مەسىلىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش تېخىمۇ جىددىي، تېخىمۇ مۇھىم بولۇپ قالدى. بۇ ماقالىدا مۇشۇ مەسىلە ھەققىدىكى بەزى قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچى.

## شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تولۇق بىلىش كېرەك

يولداش دېڭ شياۋپىڭ: «بىز زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىشتا جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىشىمىز لازىم» دەپ كۆرسەتتى. بۇ — ماركسىزىملىق نۇقتىئىنەزەر. شىنجاڭنى ئېچىش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش، شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشتىمۇ شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىشىمىز لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تولۇق بىلىش كېرەك. شىنجاڭنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكلىرى بار؟ مېنىڭچە، ئەڭ مۇھىمى مۇنۇ 4 ئالاھىدىلىكتىن ئىبارەت:

1. مىللەت كۆپ. شىنجاڭدا ئەسلى 13 مىللەت بار ئىدى، 1982 - يىلدىكى ئومۇمىي يۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشتە ئېنىقلانغان سانلىق مەلۇماتقا قارىغاندا، ھازىر 40 نەچچە مىللەت بار ئىكەن. بۇ مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا تىل - يېزىق، ئۆرپ - ئادەت، دىنىي ئېتىقاد، پىسخىك ھالەت، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردە نۇرغۇن پەرقلەر

مەۋجۇت. بۇنداق كۆپ مىللەتتىن تەركىب تاپقان رايون مەملىكىتىمىزدىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيادىمۇ كەم ئۇچرايدۇ.

شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ جايلىشىش ئالاھىدىلىكى — چوڭ توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بىلەن كىچىك ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىش ۋە كىچىك توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىش بىلەن چوڭ ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۆز ئارا گىرەلىشىپ كەتكەن. مەسىلەن، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى خوتەن، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا، ئاساسەن ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، لېكىن ئۇ يەرلەردە ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان خەنزۇ ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ بار؛ بىر قىسىم ئۇيغۇرلارمۇ شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. يەنە مەسىلەن، شىۋە مىللىتى ئاساسەن چاپچال شىۋە ئاپتونوم ناھىيىسىدە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، لېكىن توققۇز تارا قاتارلىق جايلاردىمۇ شىۋەلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلار بار. چاپچالدىمۇ يەنە ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇر، قازاق، خەنزۇلار بار. بۇ خىل ئەھۋال ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا تەدرىجىي شەكىللەنگەن. بولۇپمۇ ئازاتلىقتىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئىچكىرىدىن ئۆلكە، رايونلاردىن خەنزۇ ۋە بەزى ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرىنىڭ داۋاملىق كۆچۈپ كېلىشى بىلەن، مىللەتلەرنىڭ ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىشى تېخىمۇ ئومۇمىي يۈزلۈك ئەھۋالغا ئايلاندى، يەككە بىر مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلار ناھايىتى ئاز.

مىللەتلەرنىڭ ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىشى ھەر مىللەت خەلقلىرى ئۈچۈن ئۆز ئارا چۈشىنىش، ئۆز ئارا ئۆگىنىش پۇرسىتى يارىتىپ بەردى، بۇ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇش، ئىقتىسات، مەدەنىيەت قاتارلىق ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئاكتىپ رول ئوينىدى. لېكىن، كونا جەمئىيەتتىن قېپقالغان مىللىي ئايرىمچىلىق ۋە بۇندىن ئىلگىرىكى «سول»لۇق خاتالىقنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش — يەنىلا بىزنىڭ بۇندىن كېيىنكى ئۇزۇن مۇددەتلىك مۇھىم خىزمىتىمىز دۇر.

ئىزاھلار:

1. ① ③ ⑤ مەركىزىي كومىتېتنىڭ «ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارى».
2. ② ④ سىچۈەن ئۆلكىلىك ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ «ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى» ژورنىلى، 1984-يىل، 5-سان، 1983-يىل 2-سان
3. ⑥ ⑦ ⑧ جۇڭگو خەلق داشۆسى «يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادى» ژورنىلى، 1984-يىل 17-سان.

2 . يېرى كەڭ، بايلىقى مول. شىنجاڭنىڭ يەر كۆلىمى 1 مىليون 660 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ قۇرۇقلۇق زېمىن كۆلىمىنىڭ 6 دىن 1 قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ، ئۇ، مەملىكىتىمىز بويىچە ئەڭ چوڭ ئۆلكە دەرىجىلىك مەمۇرى رايون ۋە چېگرا رايون بولۇپ، يەر دائىرىسى كەڭ، تەبىئىي بايلىقى مول. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھازىر بار تېرىلغۇ يېرى 48 مىليون مو، ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىشقا بولىدىغان بوز يېرى 100 مىليون مودىن ئارتۇق بولۇپ، دېھقانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا كەڭ ئىستىقبالىغا ئىگە؛ يايلاق كۆلىمى 1 مىليارت 200 مىليون مو، بۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا بولىدىغىنى 700 مىليون مودىن ئارتۇق بولۇپ، چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى يوشۇرۇن كۈچ ناھايىتى زور. يەر ئاستى كان بايلىقى مول، مەملىكىتىمىز بويىچە مەلۇم بولغان 147 خىل كان مەھسۇلاتى ئىچىدە، شىنجاڭدىن تېپىلغىنى 118 خىل، بۇلاردىن كان زاپىسى تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغىنى 67 خىل بولۇپ، بۇ، مەملىكىتىمىز بويىچە كان زاپىسى تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان كان تۈرلىرىنىڭ % 51 نى تەشكىل قىلىدۇ. مەملىكىتىمىز بويىچە قۇرۇقلۇقتىكى نېفىت زاپىسىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى غەربىي شىمالدا، غەربىي شىمالنىڭ مۇھىم نۇقتىسى شىنجاڭدا. جۇڭغار، تارىم، تۇرپاندىن ئىبارەت نېفىت بار بۇ 3 چوڭ ئويمانلىقنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى تەخمىنەن 740 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئىستىقباللى ناھايىتى زور. يىراقنى كۆزلەپ تەخمىن قىلىنغان كۆمۈر زاپىسى سەنشى ئۆلكىسىدىكى كۆمۈر زاپىسىنىڭ نەچچە ھەسسىسىگە تەڭ كېلىشى مۇمكىن. سىخەيدىكى كۆمۈر كانى ئىچكى موڭغۇلدىكى بايۇن ئوب چوڭ كۆمۈر كانىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، مەملىكىتىمىز بويىچە كەم ئۇچرايدىغان زور تىپتىكى كۆمۈر كانى ھېساپلىنىدۇ. سۇ ئېنېرگىيە بايلىقىنىڭ زاپىسى 32 مىليون 900 مىڭ كىلوۋات بولۇپ، شىزاڭ، سىچۈەن، يۈننەندىن قالسىلا، مەملىكىتىمىز بويىچە تۆتىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئورمان بايلىقى ۋە تەبىئىي ئۆسۈملۈك، ياۋايى ھايۋانلار بايلىقىمۇ ئىنتايىن مول، تەبىئىي ئۆسۈملۈك 3 مىڭ خىلدىن ئارتۇق بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە 3 - 4 يۈز خىلى ئالاھىدە ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، شىنجاڭنىڭ ھەممىلا يېرى گۆھەر، ئۇ، — مەملىكىتىمىزدە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىشتىكى مۇھىم بىر تەبىئىي بايلىق بازىسى.

3 . ئاساسى ئاجىز. ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ئىلغار رايونلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، يەنە ناھايىتى چوڭ پەرق بار. ئازادلىقتىن بۇيانقى 30 نەچچە يىل مابەينىدە، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيەت قاتارلىق تۈرلۈك ئىشلىرىدا ئۇچقاندەك تەرەققىياتلار بولدى. 1983 - يىلى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سانائەت - يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 9 مىليارت 400 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇ 1980 - يىلـ

دىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا، 1949 - يىلدىكىدىن 12 ھەسسىدىن كۆپرەك ئارتۇق؛ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ نىسبىتى 1949 - يىلدىكى % 0.5 تىن ئۆسۈپ % 56 كە يەتتى. ئۆتمۈشتىكى نامراتلىق ۋە قالاقلىق ھالەتكە مەڭگۈلۈك خاتىمە بېرىلدى. بىراق، ئاساس ئاجىز بولغاچقا، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى ئىچكىرىدىكى ئىلغار رايونلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا ناھايىتى چوڭ پەرق بار. 1981 - يىلى، مەملىكىتىمىز بويىچە سانائەت - يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى كىشى بېشىغا 699.27 يۈەندىن توغرا كەلگەن، شىنجاڭدا بولسا 486.06 يۈەندىن توغرا كېلىپ، 29 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايون ئىچىدە 18 - ئورۇندا تۇرغان. مالىيە كىرىمى ئاز، 1981 - يىلى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مالىيە كىرىمى 164 مىليون يۈەن بولۇپ، قىزىل رەقەم بىر قەدەر زور بولغانلىقتىن، مەركەز 1 مىليارد 449 مىليون يۈەن قوشۇپ بەرگەن. 1982 - يىلى مالىيە كىرىمى بىر ئاز ياخشىلىنىپ، 380 مىليون يۈەنگە يەتكەن، لېكىن چىقىم 1 مىليارد 820 مىليون يۈەن بولغاچقا، كۆپ قىسمىنى يەنىلا دۆلەت قوشۇپ بەرگەن. بۇندىن باشقا، دۆلەت ھەر يىلى يەنە تەرەققىيات مەبلىغى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ قوشۇمچە ياردەم پۇلى، چېگرا قۇرۇلۇش ئىشلىرى خىراجىتى قاتارلىق مەخسۇس پۇللارنى ئاجرىتىپ بېرىۋاتىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاشلىقتا ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز تەمىنلەپ كېلىۋاتقان بولساقمۇ، لېكىن گۆش، تۇخۇم، ئۆي قۇشلىرى قاتارلىق قوشۇمچە يېمەكلىكلەر جەھەتتە يەنىلا قېرىنداش ئۆلكە، رايونلارنىڭ ياردىمىگە تايىنىۋاتىمىز.

شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ غەمخورلۇقى، ياردىمى، ئېتىۋار بېرىشى ئارقىسىدا، ئازادلىقتىن ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا، ئۇچقاندەك راۋاجلاندى، لېكىن، ئاساس ئاجىز بولغاچقا، ئىلغار رايونلارنىڭكىدىن يەنىلا ئارقىدا، بولۇپمۇ، مىللىي مائارىپ تېخىمۇ شۇنداق. بۇنىڭدىكى ئاساسىي مەسىلە — ئوقۇتقۇچىلار ئاز، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۈپىتى تۆۋەن، ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىمۇ تەكشى ئەمەس، بەزى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ شۇ مىللەت نوپۇسىدا تۇتقان نىسبىتى ناھايىتى تۆۋەن.

4 . دىنىنىڭ تەسىرى بىر قەدەر چوڭقۇر. شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، قىرغىز، ئۆزبېك، تاجىك، تاتار، دۇڭشياڭ، سالا، باۋئەن قاتارلىق 10 مىللەتنىڭ نوپۇسى شىنجاڭدىكى ئومۇمىي نوپۇس سانىنىڭ يېرىمىنىڭ كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ، بۇ مىللەتلەر ئاممىسىنىڭ كۆپ قىسمى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ؛ موڭغۇل، زاڭزۇ ئاممىسىنىڭ كۆپ قىسمى لاما دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ؛ رۇس مىللىتى ئاممىسىنىڭ كۆپ قىسمى

كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە دىنىنىڭ تەسىرى بىر قەدەر چوڭقۇر بولۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاممىنىڭ سانى كۆپ بولۇپلا قالماستىن، مەلكى ئۇلارنىڭ دىنغا بولغان ئېتىقادىمۇ ناھايىتى كۈچلۈك، دىن مەسىلىسى كۆپ ھاللاردا مىللىي مەسىلە بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن.

ھازىر شىنجاڭدا 12 مىڭدىن ئارتۇق مەسچىت بار، يېڭى سېلىنغان بەزى مەسچىتلەرنىڭ ياسىلىش خىراجىتى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ئاممىنىڭ سېلىقىنى ئېغىرلىتىۋەتكەن. دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى بەزى ئاممىنىڭ دىنىي پائالىيەت ئۈچۈن سەرپ قىلغان خىراجىتى ئۆز پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان خىراجىتىدىن كۆپ دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەن.

دىنىنىڭ شىنجاڭدىكى مىللىي ئىقتىسات، مىللىي مەدەنىيەت قاتارلىق ئىشلارغىمۇ مەلۇم تەسىرى بولۇپ، بۇ، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدا ئەھمىيەت بىلەن قاراشقا تېگىشلىك مەسىلە.

## شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، مىللىي مەسىلىنى توغرا ھەل قىلىش كېرەك

يولداش خۇياۋباڭ: «ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ خىزمىتىنى چوقۇم ياخشى ئىشلەش كېرەك. بىرى — ئىقتىسادىي مەسىلە، بىرى — ئىتتىپاقلىق مەسىلىسى» دېگەن ئىدى. بۇ — ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى مۇھىم يېتەكچى پىرىنسىپ، شىنجاڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ تېخىمۇ رېئال ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. ئىقتىسات — ئاساس، ئىتتىپاقلىق — ئاچقۇچ. سوتسىيالىستىك ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشقا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق؛ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۈچىيىشى، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ئۈچۈن پايدىلىق. مانا بۇ — مىللىي مەسىلە بىلەن ئىقتىسادىي مەسىلىنىڭ دىيالېكتىك مۇناسىۋىتى.

مەركەزنىڭ شىنجاڭنى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرى مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تۈپ مەنپەئەتىگە تامامەن ئۇيغۇن، شۇنداقلا ئۇ — شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تۈپ يولى. شىنجاڭنى ئېچىشتا ئۇرلۇك تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئوبدان

ئىشلەش كېرەك. بۇنىڭ ئاچقۇچى — مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زىچ ئىتتىپاق قىلىشىنى تېخىمۇ ياخشىلاشتا. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى توغرا ھەل قىلىنمىسا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زىچ ئىتتىپاق قىلىشى بولمىسا، شىنجاڭنىڭ مول ماددىي بايلىقىنى تولۇق ھەم مۇۋاپىق ئاچقىلى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلانغىلى بولمايدۇ، شۇنداقلا، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى تېز سۈرئەتتە راۋاجلاندۇرغىلى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. بۇ جەھەتتە بىزدە مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەر بولغان، شۇنداقلا، ئاچچىق ساۋاقلارمۇ بولغان. ئۆتكەنكى تەجرىبە - ساۋاقلارنى مۇنداق بىر نۇقتىغا يەكۈنلەشكە بولىدۇ: قايسى چاغدا مىللىي مەسىلىگە ئەھمىيەت بېرىلىپ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى توغرا ھەل قىلىنغان بولسا، شۇ چاغلاردا ئىقتىسادمۇ راۋاجلانغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىمۇ ئىلگىرىلەپ كۈچەيگەن؛ ئۇنىڭ ئەكسىچە، قايسى چاغدا مىللىي مەسىلىگە سەل قارىلىپ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ئوبدان ھەل قىلىنمىغان بولسا، شۇ چاغلاردا ئىقتىسادمۇ بىر ئىزدا توختاپ قالغان، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىمۇ زىيانغا ئۇچرىغان. لىن بياۋ، جياڭ چىڭ پارتىيىگە قارشى گۇرۇھلىرىنىڭ ئىنتايىن «سول» لۇشيەن يۈرگۈزۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا غالجىرانە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنى بالايى - ئاپەتكە ئۇچراتقانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ساۋاقنى ھەرگىز ئېسىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز لازىم.

ئۆتكەنكى تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلىگىنىمىزدە، شىنجاڭنى ئېچىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش جەريانىدا، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ھەل قىلىشتا مۇنۇ بىر قانچە نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم دەپ قارايمەن:

1. بايلىقلارنى ئېچىشتا شۇ جايدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ماددىي مەنپەئەتىگە تولۇق ئېتىبار بېرىش لازىم. ئاساسىي قانۇندا: «دۆلەت مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا بايلىقلارنى ئېچىشتا، كارخانىلارنى قۇرۇشتا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مەنپەئەتىگە ئېتىبار بېرىشى كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن. سوتسىيالىستىك جەمئىيەت مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ئۈچۈن كەڭ يول ئېچىپ بەردى. دۆلەت سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش، شىنجاڭنىڭ ماددىي بايلىقلىرىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش جەريانىدا، شۇ جايلاردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئەتىگە ئېتىبار بېرىشتە تولۇق شەرت - شارائىت ۋە ئىقتىدارغا ئىگە. ئىلگىرى بۇ جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەر ئىشلىنىپ، زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاممىسىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىلدى. مەسىلەن، بايلىقلارنى ئېچىش ۋە كارخانىلارنى قۇرۇشتا ئاز سانلىق مىللەتتىن كادىر ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىر قەدەر كۆپرەك قوبۇل قىلىندى؛

بايلىقلارنى ئېچىش ۋە قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتا، كۆچۈرۈشكە توغرا كەلگەن دېھقان - چارۋىچىلارغا يېڭىدىن مەلۇم مىقتاردا يەر ۋە ئوتلاق ئاجرىتىپ بېرىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشىنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇۋېلىشىغا ياردەم بېرىلدى. مەبلەغ جەھەتتە دۆلەت تەرىپىدىن ئورغۇنلىغان قوشۇمچە ياردەم ۋە ئېتىبار بېرىلدى، ۋاھاكازا. مانا بۇلار شىنجاڭنىڭ ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچلۈك ئالغا سۈردى، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ كۈچىيىشىگە پايدىلىق بولدى. لېكىن «سول» خاتالىقنىڭ تەسىرى، بولۇپمۇ لىن بياۋ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھلىرىنىڭ كاشىلىسى ۋە بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن، بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەرنىڭ ئىشلىنىشى تېخى يېتەرلىك بولمىدى. بۇندىن كېيىن شىنجاڭنى زور كۆلەمدە ئېچىش جەريانىدا، شۇ جايدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەنپەئەتىنى ئېتىبارغا ئېلىشقا تولۇق ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. مېنىڭچە، مۇنۇ بىر نەچچە نۇقتىنى ئويلىشىپ كۆرۈشكە تېگىشلىك: 1) يېڭىدىن قۇرۇلغانلىكى زاۋۇت - كارخانىلارغا مەلۇم نىسبەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەت خادىملىرىدىن ئىشچى قوبۇل قىلىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر خىل ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئاز سانلىق مىللەت ئىشچىلىرىنىڭ تېخنىكا جەھەتتىكى تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، تېخنىكا جەھەتتىن پىشقان ئاز سانلىق مىللەت ئىشچىلار قوشۇنىنى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە زورايتىش كېرەك. زاۋۇت - كارخانىلارنىڭ ھەممىسىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ۋە سەپلەشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسىمۇ، ھوقۇقىمۇ، مەسئۇلىيىتىمۇ بولسۇن. 2) دۆلەت كانلارنى ئېچىش، زاۋۇتلارنى قۇرۇشتا يەر - زېمىن ۋە ئوتلاقلارنى ئېلىپ ئىشلىتىشكە توغرا كەلگەندە، شۇ جايدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىغا مەلۇم مىقتاردا ئىقتىسادىي تۆلەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تېزراق راۋاجلىنىشىغا، تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئۆسۈشىگە يار - يۆلەك بولۇش لازىم. 3) كانلارنى ئېچىشتا بىر تۇتاش پىلان بولۇشى، قالايمىقان ئېچىش قاتتىق مەنئى قىلىنىشى لازىم. 4) ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى كەڭ تۈردە قانات يايدۇرۇش. ئىچكىرىدىكى ئىقتىسادى تەرەققىي تاپقان رايونلار مالىيە ۋە تېخنىكا كۈچى، شىنجاڭ ئادەم كۈچى ۋە خام ئەشيا چىقىرىپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش پىرىنسىپى بويىچە، بىرلىشىپ زاۋۇت قۇرۇش، كان ئېچىشنى يولغا قويۇش لازىم. 5) كىچىك تىپتىكى پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش. دۆلەت تۆۋەن ئۆسۈملۈك ۋە ئۆسۈمسىز پۇل قەرز بېرىش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنىڭ سېيىر بېقىش ۋە سۈتلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەش، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئالاھىدە ئېھتىياجلىق بولغان تاۋارلارنى ئىشلەپچىقىرىش

ئىشلىرىغا يار - يۆلەكتە بولۇش، ئۇششاق تاۋارلارنى ئىشلەپچىقىرىشنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش لازىم. 6) مىللىي ئالاھىدىلىككە تولۇق ئېتىۋار بېرىش. مەسىلەن، يېڭى كان، زاۋۇت، كارخانىلارنى قۇرغاندا، مۇسۇلمان ئاشخانىسىنى ئايرىم قىلىپ قۇرۇش؛ زاۋۇت - كانلاردىكى پەرزەنتلەر مەكتۇۋىدە ئوقۇۋاتقان ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىغا شۇ مىللەتنىڭ ئۆز تىل - يېزىقىدا دەرس ئۆتۈش؛ قىسقىسى، شىنجاڭنىڭ ماددىي بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشتا، دۆلەت مەنپەئەتى بىلەن شۇ جايدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كۆز ئالدىدىكى جانىجان مەنپەئەتىنى زىچ ۋە توغرا بىرلەشتۈرۈشكە باشتىن - ئاخىرغىچە دىققەت قىلىش لازىم. بۇ نۇقتىدا، رېئاللىقنىمۇ كۆزدە تۇتۇش، شۇنىڭدەك يىراق كەلگۈسىنىمۇ نەزەرگە ئېلىش لازىم. ئېچىشتىكى ئىرادە قەتئىي، قەدەم پۇختا بولۇشى كېرەك.

2. شىنجاڭنى ئېچىشتا، دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى، قاتناش - ترانسپورت ۋە مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم نۇقتا قىلىش لازىم. ئازاتلىقتىن بۇيانقى 30 نەچچە يىل مابەينىدە، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىدا زور تەرەققىياتلار بولدى. لېكىن ئاساس يەنىلا ناھايىتى ئاجىز، شۇڭا، دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم نۇقتا قىلىش لازىم. دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، بىرىنچىدىن، مىللىي ئىقتىساتنى گۈللەندۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق. شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كۆپچىلىكى دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقنىڭ راۋاجلىنىشى، ناھايىتى زور دەرىجىدە، مىللىي ئىقتىساتنىڭ گۈللەنگەنلىكى ۋە راۋاجلانغانلىقى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، سانائەتنىڭ زور كۆلەمدە راۋاجلىنىشىنى يېتەرلىك ئاشلىق ۋە گۆش بىلەن تەمىن ئېتەلەيدۇ، شۇڭلاشقا، ئەگەر شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىر قەدەر تېز راۋاجلاندۇرۇلمىسا، سانائەتنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ماددىي ئاساس يېتەرسىز بولۇپلا قالماي، بەلكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدىمۇ يېڭى ۋە مۇرەككەپ مەسىلىلەرنىڭ يۈز بېرىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتىمىزكى، دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم نۇقتا قىلىش — مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ئىقتىساتنى راۋاجلاندۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ توپ يولى يەنىلا بىرىنچىدىن سىياسەتكە تايىنىش، ئىككىنچىدىن پەنگە تايىنىش. بىرىنچىسى، سىياسەتنى داۋاملىق كەڭ قىلىش، جايلارنىڭ ئەھۋالىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغاش.

ئىككىنچى، ئوتلاق - ئېتىز ئاساسىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، بولۇپمۇ ئوتلاق قۇرۇلۇشىغا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، «ئاسمانغا تايىنىپ چارۋا بېقىش»، «سۇ - ئوتلاق قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرۈش»تەك ناچار ئىگىلىك ھالىتىنى پەيدىن - پەي ئۆزگەرتىش كېرەك. ئۈچىنچى، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدا پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش. چارۋىچىلىق رايونلىرىدا گۆش، سۈت، تېرە، يۇڭ، ئۈستىخانلاردىن ئۈنۈ-ۋېرسال پايدىلىنىشنى يولغا قويۇش، چارۋا مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنىمۇ مۇۋاپىق ھالدا تەڭشەپ، چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش لازىم. تۆتىنچى، پەن - تېخنىكا خادىملى-رىنىڭ تاغلىق رايون ۋە يېزىلارغا بېرىپ، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ بىرىنچى سېپىدە ئىشلىشىنى تەشەببۇس قىلىش، پەن - تېخنىكا خادىملىرى بىلەن دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئۆز ئارا بىرلىشىشىنى يولغا قويۇپ، ئىلغار تېخنىكىنى زور كۈچ بىلەن كې-ڭەيتىش لازىم. تاغلىق ۋە سوغاق رايونلاردا، شەرت - شارائىتى جاپالىق رايونلاردا ئىشلەۋاتقان پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ تەمىناتىنى ئۈستۈنرەك قىلىش كېرەك. ھازىرقى ئايرىلغان 1 -، 2 -، 3 -، 4 - خىل رايونلار ئاساسىدا، يەنە بەزى قوشۇمچە بەلگىلىمە تۈزۈپ چىقىپ، مۇئامىلىدىكى پەرقنى يەنىمۇ چوڭراق قىلىش لازىم. بەشىنچى، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرى ئۈچۈن شۇ جايدىكى ئاز سانلىق مىللەتتىن پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. يېزا ئىگىلىك شۆيۈەن-لىرى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتا دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىغا يۈزلىنىشى، ئاز سانلىق مىللەتلەردىن كۆپرەك ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشى، «قايەردىن كەلگەن بولسا شۇ يەرگە قايتۇرۇش»نى يولغا قويۇپ، دېھقان - چارۋىچىلاردىن بولغان پەن - تېخنىكا ئىخ-تىساس ئىگىلىرىنى كۆپەيتىشى لازىم. ھەر قايسى ناھىيىلەر دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئوبدان باشقۇرۇشى كېرەك، ئۇلارنىڭ دەرسلىكلىرىدە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بولۇشى، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقتا دائىم ئىلغار تېخنى-كىلارنى كېڭەيتىدىغان مەزمۇنلارنى مۇۋاپىق تۈردە كۆپەيتىپ، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچى-لىق رايونلىرى ئۈچۈن ئىپتىدائىي تېخنىك خادىملارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈپ بېرىش لازىم. ئالتىنچى، سودا ئورۇنلىرى دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىغا يۈزلىنىپ، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش ۋە ماددىي ئەشيالار بىلەن تەمىنلەش خىزمە-تىنى ياخشى ئىشلەپ، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ تاۋار ئىگىلىكىنى جان-لاندۇرۇشى لازىم.

قاتناش - ترانسپورت ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. ئازادلىقتىن ئىلگىرى، شىنجاڭدا بىر نەچچىلا ئاددىي تاشيول بولۇپ، ئاپتوموبىل قاتنايدى-

خان مۇساپە ئاراللا 3 مىڭ 300 كىلومېتىردىن كۆپرەك ئىدى. تاشيول قاتنىشى ئىنتايىن قولايسىز، خەلق ئاۋىئاتسىيە ئىشلىرى ئىنتايىن قالاق بولۇپ، تۆمۈر يول يوق ئىدى. ئازاتلىقتىن بۇيانقى 30 نەچچە يىل مابەينىدە، شىنجاڭنىڭ قاتناش - ترانسپورت ئىشلىرى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىپ، تاشيوللار تورى شەكىللەندى، ئاپتوموبىل قاتنايدىغان مۇساپە 24 مىڭ كىلومېتىردىن ئاشتى؛ خەلق ئاۋىئاتسىيىسى تەرەپ - تەرەپكە قانات يېيىپ، ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان، شىنجاڭنىڭ 17 ناھىيە - شەھىرى ۋە بېيجىڭ، شاڭخەي قاتارلىق چوڭ شەھەرلەرگە قاتنايدىغان ھاۋا ترانسپورت تورى شەكىللەندى. لەنجۇ-شىنجاڭ تۆمۈر يولى شىنجاڭنى ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچكى رايونلىرى بىلەن زىچ تۇتاشتۇرۇپ تۇرماقتا. جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىڭ بىرىنچى باسقۇچلۇق قۇرۇلۇشى داۋاملىشىپ، كورلىغىچە رېلىس ياتقۇزۇلدى، ئۇزۇنلۇقى 476 كىلومېتىر بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قاتناش - ترانسپورتى زور دەرىجىدە ياخشىلىنىپلا قالماستىن، بۇنىڭدىن كېيىن غەربكە قاراپ كۇچار، قەشقەرگىچە؛ جەنۇپقا قاراپ چارقىلىق، كېرىيەگىچە؛ شەرققە قاراپ كروران ۋە چىڭخەيدىكى گارمۇغىچە بارىدىغان تۆمۈر يول قۇرۇلۇشى ئۈچۈنمۇ شەرت - شارائىت يارىتىلدى. لېكىن، شىنجاڭنىڭ يەر دائىرىسى كەڭ بولغاچقا، قاتناش-ترانسپورت يەنىلا ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى چەكلىگۈچى بىر ئامىل بولۇپ تۇرماقتا. لېنىن: «ترانسپورت — پۈتكۈل ئىگىلىكىمىزنىڭ ئاساسى، بەلكىم ئەڭ مۇھىم ئاساسلىرىدىن بىرى» دېگەن ئىدى. شۇڭا، شىنجاڭنى زور كۆلەمدە ئېچىش ئۈچۈن، ترانسپورت ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، مۇھىمى، تۆمۈر يول ترانسپورتىنى راۋاجلاندۇرۇش زۆرۈر. تۆمۈر يولنىڭ يېڭى لىنىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتمىگەندە، بىر نەچچە چوڭ ئويمانلىقتىكى نېفىتلىكنى ئېچىش، بىر نەچچە چوڭ تىپتىكى ئېنېرگىيە بازىسىنى قۇرۇپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس. خەلق ئاۋىئاتسىيە ئىشلىرىنى تېزراق راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، يەنە چەت - يىراق رايونلارنىڭ تاشيول قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم. قاتناش - ترانسپورت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش شىنجاڭنى ئېچىشنىڭ ئالدىنقى شەرتلىرىدىن بىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مىللىي ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشى ئۈچۈنمۇ پايدىلىق، شۇنداقلا، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتىمۇ ئىنتايىن مۇھىم.

مىللىي مائارىپ ۋە ئىلىم - پەننى راۋاجلاندۇرۇش — بۇمۇ ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم نۇقتا. 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى — پەن - تېخنىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش. شىنجاڭنىڭ تەبىئىي بايلىقى مول، لېكىن پەن - تېخنىكىنىڭ قالاقلىقى — بۇ بىر چوڭ زىددىيەت. بۇ زىددىيەتنى ھەل قىلىشتىكى يىراقنى كۆزلىگەن چارە — مىللىي مائارىپ ۋە

پەن - تېخنىكا ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش. مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشتا، ئىشنى باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى چىڭ تۇتۇشتىن باشلاش كېرەك، ئومۇملاشتۇرۇش بولمىسا ئۆستۈرۈشمۇ بولمايدۇ. شىنجاڭدىكى مىللىي مائارىپنىڭ ۋەزىيەت تەرەققىياتىغا يېتىشەلمەيۋاتقانلىقى، ئاساسەن، باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە كىرىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ نىسبىتى تۆۋەن، مۇستەھكەملىنىش نىسبىتى تۆۋەن، يۇقىرى مەكتەپلەرگە چىقىش نىسبىتى تۆۋەن، ئوقۇتۇش سۈپىتى ناچار بولۇش، ئادەتتىكى مائارىپ يۇقىرى مائارىپنىڭ تەلىپىگە يېتىشىپ ماڭالماسلىقتەك جەھەتلەردە ئىپادىلەنمەكتە. ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوملاردا ئازسانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ نىسبىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، دۆلەت بىر قاتار ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللاندى، مەسىلەن، نومۇر چېكىنى تۆۋەنلىتىش، ئوقتىلىق ئالىي مەكتەپ ۋە تېخنىكوملاردا مىللىي سىنىپ ئېچىش، تەييارلىق سىنىپلىرىنى تەسىس قىلىش ۋە باشقىلار. بۇ تەدبىرلەر مىللىي مائارىپنىڭ راۋاجلىنىشىدا ئاكتىپ رول ئوينىدى. لېكىن، تۈپ جەھەتتىن ئېيتقاندا، مىللىي مائارىپنىڭ راۋاجلىنىشى يەنىلا مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش، يەنى ئىشنى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى ئوبدان تۇتۇشتىن باشلاشقا باغلىق. سانلىق مەلۇماتقا قارىغاندا، 1982 - يىلى، خەنزۇلارنىڭ نوپۇسى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 40.41 % نى تەشكىل قىلغان، ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار سانىنىڭ 42.91 % نى تەشكىل قىلغان؛ ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 45.48 % نى تەشكىل قىلغان، ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار سانىنىڭ 42.34 % نى تەشكىل قىلغان. بۇ ئىككى مىللەتنىڭ ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ نىسبىتى شۇ مىللەتنىڭ ئومۇمىي نوپۇس ئىچىدە تۇتقان نىسبىتى بىلەن ئاساسەن تەڭلەشكەن. لېكىن، ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ نىسبىتى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قەدەر تۆۋەن. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ نىسبىتى: خەنزۇلارنىڭ 65.32 % نى، ئۇيغۇرلارنىڭ 22.85 % نى ئىگىلىگەن؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ نىسبىتى: خەنزۇلارنىڭ 68.89 % نى، ئۇيغۇرلارنىڭ 20.59 % نى ئىگىلىگەن؛ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ نىسبىتى: خەنزۇلارنىڭ 49.52 % نى، ئۇيغۇرلارنىڭ 37.07 % نى ئىگىلىگەن (يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئوقۇغۇچىلار نىسبىتى ئۇلارنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى ئىچىدە تۇتقان نىسبىتىگە قارىتىلغان — ت). بۇ نىسبەتلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنىڭ ئومۇملىشىشى بىر قەدەر ناچار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. خۇيزۇلار ۋە بەزى

ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تېخىمۇ ناچار. بۇ ھال مىللىي مائارىپنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن پايدىسىز. شۇڭا، مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى ئومۇملاشتۇرۇشنى ئوبدان تۇتۇش لازىم. ئومۇملاشتۇرۇش ئاساسىدا ئۆستۈرۈپ، مىللىي مائارىپ سىستېمىسىنى پەيدىن-پەي شەكىللەندۈرۈش كېرەك. مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشتا، ئالدى بىلەن مىللىي ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش مەركىزىنى ئوبدان باشقۇرۇپ، مىللىي ئوقۇغۇچىلار قوشۇنىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە زورايتىش كېرەك. ئىككىنچىدىن، مىللىي يېزىقتىكى دەرسلىكلەر ۋە كىتاپلارنى تۈزۈش-تەرجىمە قىلىش، نەشر قىلىش خىزمىتىنى، بولۇپمۇ پەن-تېخنىكا كىتاپلىرىنى تەرجىمە قىلىش، نەشر قىلىش ۋە تارقىتىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، دۆلەت تەرىپىدىن بېلگىلەنگەن مەبلەغنى مۇۋاپىق دەرىجىدە كۆپەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىجتىمائىي كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىش لازىم. كوللېكتىپ ئورۇنلارنىڭ مەكتەپ قۇرۇشىنى، ئاممىنىڭ مەكتەپ قۇرۇشىنى تەشەببۇس قىلىپ، ھەممە كىشى مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان ئوبدان ئىجتىمائىي كەيپىياتنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش كېرەك.

ئەقلىي بۇلىغىنى ئېچىشقا ياردەم بېرىش — مىللىي مائارىپنىڭ تېز راۋاجلىنىشىنى ئالغا سۈرۈشنىڭ مۇھىم بىر تەدبىرى. 1979 - يىلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسات ۋە مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، تەرەققىي تاپقان ئۆلكە - شەھەرلەر ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا نىشانلىق ھالدا ياردەم بېرىش دېگەن مۇھىم تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ خىل ياردەم ھەر ئىككى تەرەپكە پايدا يەتكۈزۈپ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇپ، بۇ رايونلارنىڭ ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى، بۇنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى زور بولدى. لېكىن ئەمەلىيەتتىن قارىغاندا، ئىلگىرىكى ياردەملەردە، سانائەتكە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىپ، يېزا ئىگىلىكىگە سەل قاراش، ئىقتىساتقا كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىپ، مەدەنىيەتكە سەل قاراش خاھىشى كۆرۈلدى. شۇڭا، يىراقنى كۆزلىگىنىمىزدە، بۇندىن كېيىن، ئەقلىي بۇلىغىنى ئېچىش جەھەتتىكى ياردەمگە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىلىشى لازىم. ئۇسۇل جەھەتتە، «تەكلىپ قىلىپ ئەپ كېلىش» كىمۇ بولىدۇ، «چىقىپ ئۆگىنىش» كىمۇ بولىدۇ. «تەكلىپ قىلىپ ئەپ كېلىش» دېگىنىمىز — تەرەققىي تاپقان ئۆلكە - شەھەرلەردىن تۇرلۇك ئىختىساسلىق خادىملارنى شىنجاڭغا كېلىپ لېكسىيە سۆزلەشكە، دەرس ئۆتۈشكە ۋە ئۇزاق مۇددەت ئىشلەشكە تەكلىپ قىلىش؛ «چىقىپ ئۆگىنىش» دېگىنىمىز — ئىچكى رايونلاردىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى ئەۋەتىش، ئىچكى رايونلاردىكى ئالىي مەكتەپلەرنى — مەسىلەن داليەن سانائەت شۆيۈەنىگە ئوخشاش — ھەر يىلى

شىنجاڭ ئۈچۈن بىر مىللىي سىنىپ ئېچىپ، ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىش. مۇشۇنداق ئۇسۇللار ئارقىلىق، تەرەققىي تاپقان ئۆلكە - شەھەرلەردىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە ئۈسكۈنىلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، شىنجاڭ ئۈچۈن ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئۆلچەمگە لايىق تولۇق ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈپ چىققىلى بولىدۇ.

3. دىنىي مەسىلىنى توغرا ھەل قىلىش — مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ ياخشىلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىشتە ھەر دائىم ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك زور مەسىلە. شىنجاڭدىكى دىنىي مەسىلە كۆپ ھاللاردا مىللىي مەسىلە بىلەن چىتىلىپ كېتىدۇ. پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىنىي خىزمەتتە كۆرۈلگەن يېڭى مەسىلىلەرنى توغرا ھەل قىلىش مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، قالايمىقانچىلىقلارنىڭ ئوڭشىلىشى، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنىڭ ئەستايىدىل ئەمەللەشتۈرۈلۈشى بىلەن، شىنجاڭدىكى دىنىي پائالىيەتلەر نورمال ھالەتكە قاراپ يۈزلەندى. لېكىن جايلار ئىنكاس قىلغان بەزى ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بەزى مەسىلىلەر يەنىلا مەۋجۇت. بۇلارنىڭ بىرىنچىسى، كىشىلەرنى دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا مەجبۇرلاش، بەزى جايلاردا ئاممىنى روزا تۇتۇشقا، ناماز ئوقۇشقا مەجبۇرلىغان، ھەتتا دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ياكى دىنىي ئېڭى كۈچلۈك بولمىغان ئاممىغا قارىتا ئۇلارنىڭ كىشىلىك ئىززىتىگە ھاقارەت كەلتۈرگەن، ئىقتىسادىي جازا بەرگەن. ئىككىنچىسى، بەزى جايلاردا دىننىڭ مائارىپقا، نىكاھ ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ئەھۋاللىرى ھېلىھەم مەۋجۇت. بەزى ئادەملەر ئۆز ئالدىغا دىنىي مەكتەپ ئېچىپ، باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى دىنىي ئوقۇشقا جەلپ قىلغان. ئۈچىنچىسى، رايون ئاتلاپ ئالاقىلىشىش، مۇرىت توپلاش، مەسچىت تالىشىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان. تۆتىنچىسى، ئىنتايىن ئاز ساندىكى بۇزۇق ئادەملەر دىندىن پايدىلىنىپ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سالغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغان. بۇ ئەھۋاللارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى جەمئىيەت ئەمىنلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسىز بولۇپ، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىشقا دەخلى يەتكۈزىدۇ.

يۇقۇرقى ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىشىدە، دىننىڭ تەسىر مەسىلىسىمۇ بار، شۇنىڭدەك، خىزمەت مەسىلىسىمۇ بار. دىن جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق

مىللەتلەرنىڭ كۆپچىلىكى پۈتۈن مىللەت بويىچە دىنغا ئېتىقاد قىلىدۇ، ئاممىنىڭ دىنغا بولغان ئېتىقادى ۋە دىنىي ھېسسىياتى بىرقەدەر كۈچلۈك. ھالبۇكى، بەزى دىنىي كەسپدارلار سىياسەتكە ۋە مائارىپقا ئارىلىشىش قاتارلىق ۋاسىتىلار ئارقىلىق دىنىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتكەن. بەزى دىنىي مەزھەپلەر كۆرۈشى بولسا تارىختىن قېپقالغان بولۇپ، ئۇنىڭ تەسىرىنى قىسقا مۇددەت ئىچىدە تۈگىتىشمۇ ئانچە ئاسان ئەمەس. خىزمەت جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بەزى كادىرلارنىڭ پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىگە بولغان چۈشەنچىسى دېگەندەك ئەتراپلىق ۋە توغرا بولۇپ كېتەلمىگەن، دىنىي خىزمەتتە كۆرۈلگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەر ئۈستىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشى كەم بولۇپ، ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىپ كارى بولماسلىقتەك لىبېراللىق يۈزلىنىشىمۇ تۇتقان. ئىمتايىن ئاز ساندىكى بۇزۇق ئادەملەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ۋە پاراكەندىچىلىك سالىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار، ئەلۋەتتە. بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا، ئاساسەن، پارتىيە سىياسىتىنى توغرا تەشۋىق قىلىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشقا تايىنىش، ئۈزلۈكسىز تۈردە جاپالىق ۋە ئىنچىكە خىزمەت ئىشلەشكە تايىنىش كېرەك. دىنىي مەسىلىنى توغرا ھەل قىلىشتا، مېنىڭچە تۆۋەندىكى بىر نەچچە جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش لازىم:

بىرىنچى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ (1982) 19 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنى ئەتراپلىق ۋە توغرا ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك. بۇ ھۆججەتتە، دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، پارتىيىمىزنىڭ دىنىي خىزمەتتە ھاسىل قىلغان ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتلەردىكى تارىخىي تەجرىبىلىرى ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلغان ھالدا سىستېمىلىق يەكۈنلىنىپ، پارتىيىمىزنىڭ دىنىي مەسىلە توغرىسىدىكى ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرلىرى ۋە ئاساسىي سىياسىتى ئېنىق شەرھلەنگەن بولۇپ، ئۇ، پارتىيىمىزنىڭ دىنىي مەسىلە ھەققىدىكى پىروگىراممىلىق خاراكتېرلىق ھۆججىتىدۇر. بۇ ھۆججەتنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىشتا زور ۋە چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، بۇ ھۆججەتنىڭ روھىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىشىمىز لازىم. بىزنىڭ شىنجاڭدەك بۇنداق كۆپ مىللەتتىن تەركىب تاپقان، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما كۆپ بولغان رايوندا، مەركەزنىڭ 19 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىنى كەڭ ۋە چوڭقۇر تەشۋىق قىلىپ، «ھەممە ئائىلىنى خەۋەردار قىلىش، ھەممە كىشىگە چۈشەندۈرۈش» دېگەن تەلەپنى ھەقىقىي تۈردە ئورۇنلاش لازىم. ئىككىنچىدىن، ھۆججەتنىڭ روھى بويىچە، دىنىي سىياسەتنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈش ئەھۋالىنى دائىم تەكشۈرۈپ

تۇرۇش، دىنىي كەسپدارلار توغرىسىدىكى سىياسەتنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈش، مەسچىت ۋە ئىبادەتخانىلارنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش؛ يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىش، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش كېرەك. ھەر خىل ئۈنۈملۈك، مۇۋاپىق ۋە پۇختا تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئازاتلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئېلىپ بېرىلغان دىنىي ئىسلاھات نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، دىنىي پائالىيەتلەرنى پارتىيە سىياسىتى ۋە دۆلەت قانۇنى يول قويىدىغان ئىزغا يېتەكلەش لازىم.

ئىككىنچى، تۈرلۈك دىنلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇش كېرەك. شىنجاڭدا ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتى، بۇددا دىنى جەمئىيىتى قۇرۇلغاندىن باشقا، ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە ناھىيىلەردە تۈرلۈك دىنلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەشكىلاتلىرى تېخى قۇرۇلغىنى يوق، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتى، بۇددا دىنى جەمئىيىتىنىڭمۇ تەشكىلى تېخى دېگەندەك مۇكەممەل ئەمەس. بۇ ھالەت ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك، كۆپ دىنلىق رايون ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئەمەلىيىتىگە تولىمۇ ماس كەلمەيدۇ، شۇنداقلا خىزمەتنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈنمۇ ناھايىتى پايدىسىز. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلار — پارتىيە ۋە دۆلىتىمىزنىڭ دىنغا ئېتىقات قىلغۇچى ئامما بىلەن ئالاقە باغلاشتىكى ۋاستىچى، دىنىي كەسپدارلارنى قولغا كەلتۈرۈش، ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەشتىكى كۆۋرۈك. شۇنىڭ ئۈچۈن، نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونلۇق كاتولىك دىنى ۋە خرىستىيان دىنىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىش ھەمدە بەزى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەردە ئىسلام دىنى جەمئىيىتى ۋە بۇددا دىنى جەمئىيىتىنى قۇرۇش زۆرۈر.

ئۈچىنچى، ۋەتەنپەرۋەرلىك ياش دىنىي كەسپدارلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش كېرەك. مەركەزنىڭ 19 - نومۇرلۇق ھۆججىتىدە: «ۋەتەنپەرۋەر ياش دىنىي كەسپدارلارنى پىلانلىق تۈردە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ئېلىمىزدىكى دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ كەلگۈسى قىياپىتىگە نىسبەتەن ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە» دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇ ھەقىقەتەن شۇنداق. ئازاتلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، بىز پىلانلىق تۈردە بىر تۈركۈم ۋەتەنپەرۋەر ياش دىنىي كەسپدارلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن ئىدۇق، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى پارتىيە ۋە دۆلەتكە ياردەملىشىپ، دىنىي سىياسەتنى ئىزچىللاشتۇرۇش، دىنغا ئېتىقات قىلغۇچى ئاممىغا تەربىيە بېرىش جەھەتلەردە بىر مۇنچە خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلغان ئىدى. سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بۇ جەھەتتىكى خىزمەتنى داۋاملىق كۈچەيتىشىمىز لازىم. دىنىي كەسپدارلارنىڭ قېرىپ كېتىۋاتقانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىستىخىيە-

لىك ھالدا مەيدانغا چىققان دىنىي كەسپدارلارنىڭ دىن جەھەتتىكى ئاساسىي بىلىمىنىڭ كەملىكىدىن ئىبارەت ھازىرقى ھالەتتىن قارىغاندا، ياش بىر ئەۋلاد دىنىي كەسپدارلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنىڭ مۇھىملىقى ۋە جىددىي ئېھتىياجلىقى تېخىمۇ روشەن كۆرۈلمەكتە. شۇڭا، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام شۆيۈەنىنى قۇرۇشنىڭ تەييارلىقىنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسەن، پىلانلىق تۈردە قىسقا مۇددەتلىك دىنىي كۇرسلارنى ئېچىپ، ھازىرقى بار دىنىي كەسپدارلارغا پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتى ۋە دىنغا دائىر ئاساسىي ساۋات تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش لازىم.

يەتتىنچى، ئاممىۋى خاراكتېرلىق ئىلىم - پەن ۋە پەن - تېخنىكا تەربىيىسىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇش كېرەك. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا جەھەتتە بىر قەدەر ئارقىدا قالغان بولۇپ، ئامما ئىچىدە پەننىي بىلىم ۋە پەن - تېخنىكا ئومۇملاشمىغان، بۇنى دىننىڭ تەسىرىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىدىكى بىر مۇھىم سەۋەپ، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. شۇڭا، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، ئىلىم - پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. (1) شەھەرلەر پائال تۈردە شەرت - شارائىت يارىتىپ، پەن - تېخنىكا سارىيى تەسىس قىلىپ، ئۇنى شۇ جاينىڭ پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش مەركىزىگە ئايلاندۇرۇشى لازىم. (2) مۇناسىۋەتلىك تارماقلار پەن - تېخنىكا ئومۇملاشتۇرۇش گۇرۇپپا - ئەترەتلىرىنى تەشكىللەپ ئۇلارنى تاغلىق رايونلارغا ئەۋەتىپ، دائىملىق تۈردە ئاممىغا پەننىي بىلىم تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشى، يېڭى تېخنىكىلارنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىشى لازىم. (3) مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ھەر خىل يېزىلىقتىكى ئاممىباپ، چۈشىنىشكە ئوڭاي بولغان پەن - تېخنىكا ئوقۇشلۇقلىرىنى تۈزۈش، تەرجىمە قىلىش، نەشر قىلىش ۋە تارقىتىش خىزمىتىگە زور كۈچ چىقىرىپ، ئۇنى ياخشى ئىشلەشلىرى لازىم. (4) يېزىلاردىكى پەن - تېخنىكا ئومۇملاشتۇرۇش پونكىتلىرىنىڭ خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدا ھەممە ئادەم پەننى ئۆگىنىدىغان، پەننى قوللانىدىغان يېڭى كەيپىيات يارىتىش لازىم. پەن ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ماددىي تۇرمۇش شارائىتىنى ئۆزگەرتكىلى، شۇنداقلا مەنىۋى قىياپىتىنىمۇ ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ.

بەشىنچى، خەلقنىڭ سېلىقىنى تىرىشىپ يەڭگىللىتىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك. نامراتلىق ۋە قالاقلىق — دىننىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئەۋج ئېلىشىنىڭ تۈپ مەنبەسى. ھازىر ئايرىم جايلاردا دىننىڭ تەسىرى ناھايىتى چوڭقۇر، بۇ يەردە تارىخىي سەۋەپلەردىن تاشقىرى، رېئال تۇرمۇش شارائىتىمۇ مۇھىم بىر سەۋەپتۇر. دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، خەلقنىڭ تۇرمۇشى مەلۇم دەرىجىدە ياخشىلاندى، لېكىن تېخى ناھايىتى باياشات بولۇپ كەتكىنى يوق.

شۇڭا، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، جايلار ھەقىقىي ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، تاماق يېيىش بىلەن قۇرۇلۇش قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىپ، خەلقنىڭ سېلىقىنى تىرىشىپ يەڭگىللىتىشى لازىم. بولۇپمۇ قالايمىقان سېلىق سېلىشتىن قاتتىق ساقلىنىپ ۋە ئۇنى مەنئى قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك.

ئالتىنچى، مەكتەپلەردىكى سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمەتنى كۈچەيتىپ، مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىنىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشىغا يول قويماسلىق كېرەك.

يەتتىنچى، پارتىيە ئەزالىرى بىلەن ئىتتىپاق ئەزالىرىغا ۋە ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىغا بولغان تەربىيىنى كۈچەيتىش لازىم. كوممۇنىستلار ئاتېئىزمچىلاردۇر. پارتىيە ئەزالىرى بىلەن ئىتتىپاق ئەزالىرىغا ۋە ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىغا پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى باشلامچىلىق بىلەن تەشۋىق قىلىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا تەربىيە بېرىش كېرەك. تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار پېشقەدەم پارتىيە ئەزالىرىغا، پېشقەدەم كادىرلارغا سىياسىي جەھەتتىن كۆپرەك غەمخورلۇق قىلىپ، تۇرمۇش جەھەتتىن كۆپرەك ئېتىبار بېرىپ، ئۇلارغا 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا كۆپرەك تۆھپە قوشۇش توغرىسىدا تەربىيە بېرىش لازىم.

سەككىزىنچى، دىنىي كەسپدارلارنى مىللىي ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا كۆپرەك ياخشى ئىش قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىش لازىم. گەنسۇ ئۆلكىسى دىنىي زاتلارنى سەپەرۋەر قىلىپ مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشقا ياردەملەشتۈرۈشتە تەجرىبە ياراتقان. بۇ جەھەتتە مەملىكەت ئىچىدىكى ۋە سىرتىدىكى ئوبدان تەجرىبىلەردىن پايدىلىنىشىمىز كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جايلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، دىنىي كەسپدارلارنى ھەر مىللەت ئاممىسى ئۈچۈن كۆپرەك ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشكە سەپەرۋەر قىلىشى، ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۇلارنىڭ ئاڭ - سېزىمىنى ئۆستۈرۈشى، ئۇلارنىڭ سەلبىي تەسىرىنى ئازايتىشى، ئۇلارنىڭ 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا كۈچ چىقىرىش جەھەتتىكى ئاكتىپ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى لازىم.

توققۇزىنچى، دىنىي خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار دىنىي خىزمەتنى مۇھىم ئىشلار كۈن تەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، دىنىي خىزمەتتە كۆرۈلگەن يېڭى ئەھۋاللارنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىشى، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي خىزمەت ئاپپاراتلىرىنى تەسىس قىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مىللىي ۋە دىنىي خىزمەت كادىرلىرىنىڭ بىلىمىنى ئاشۇرۇش، ئۇلارنى كۇرسلاردا تەربىيىلەش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەپ، ئۇلارنىڭ خىزمەت ئىقتىدارى ۋە خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش لازىم.

/ ئېزىز يۈسۈپ تەرجىمىسى

# يولداش خوجىياۋمۇنىڭ «ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە ياتلىشىش مەسىلىسى توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن

ئىمىن ئابباس

## I

يولداش خوجىياۋمۇنىڭ ماقالىسىدا 4 مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. 1 - مەسىلىدە، مەسىلىنى ئەتراپلىق چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن كەينى «ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققى قىلىشىغا تۈرتكە بولىدىغان كۈچ زادى نېمە؟» دېگەن بۇ تۈپ مەسىلىدىن باشلىغان ۋە بۇنى ھەر تەرەپلىمە، چوڭقۇر بايان قىلغان. بۇنىڭدا ئىككى خىل دۇنيا قاراش يەنى ئىدىيالىستىك قاراش بىلەن ماتېرىيالىستىك قاراش توغرىسىدىكى چۈشەنچە ئېنىق شەرھلەنگەن.

بۇرژۇئا ئىنسانپەرۋەرلىكى 14 — 16 - ئەسىرلەردە ياۋروپادا ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈللەنگەن دەۋردە پەيدا بولغان بولۇپ، يېڭىدىن مەيدانغا چىققان بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىدىيە ساھەسىدىكى ۋەكىللىرى بولغان ئىنسانىيەتچىلەر فېئوداليزمغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن «ئادەمنى مەركەز قىلىش» دېگەن ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇلار «ئىنسان تەبىئىتى»گە، «ئادەمنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى»گە، «ئادەمنىڭ ئەركىن ئىرادىسى»گە ھۆرمەت قىلىشنى تەلەپ قىلىپ، «ئىستىكىڭ بويىچە ئىش قىل» دېگەننى تەشەببۇس قىلغان. ئۇلار ئادەمنىڭ دەھرى تۇرمۇشىغا ۋە دەھرىلىكتىن بەھرىمەن بولۇشىنىڭ ئەھمىيىتىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، دەھرى مائارىپ ۋە ئىلىم - پەن بىلىملىرىنى تەشەببۇس قىلىپ، قۇللۇق ۋە فېئوداللىق تۈزۈمگە قارشى تۇرۇپ، تارىختا غايەت زور ئىلغار رول ئوينىغان. 17 - 18 - ئەسىرلەرگە كەلگەندە، بۇرژۇئا ئىنقىلابى داۋامىدا ئىنسانپەرۋەرلىك پىكىر ئېقىمى تارىخنىڭ ئالدى سەھنىسىدىن ئورۇن ئېلىپ، بۇرژۇئا مەرىپەتچى مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ فېئودال مۇستەبىتچىلىككە ۋە تەبىقىچىلىك ئىدىيىسىگە قارشى تۇرۇشتا، فېئوداليزمنى ئاغدۇرۇپ، بۇرژۇئا جەمئىيىتىنى قۇرۇشتا غايەت چوڭ ئىلغار رول ئوينىغان. «تۇغما كىشىلىك ھوقۇقى» ۋە «ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، مېھرىۋانلىق» دېگەنگە ئوخشاش شوئارلار فرانسىيە

ئىنقىلاۋى جەريانىدا مۇھىم رول ئوينىغان ھەم چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى دەۋرىدىكى فېئوداللىزىملىق ئىجتىمائى تۈزۈمگە نىسبەتەن، ئىنسانپەرۋەرلىك زور ئىلغارلىق ئەھمىيەتكە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ماتېرىيالىزىملىق تارىخ قاراش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ھەممىسى ئىدىيالىستىك نەرسىلەر ئىدى.

ئىنسانىيەتچىلەر بولامدۇ، مەرىپەتچى مۇتەپەككۇرلەر بولامدۇ، بۇلار ئېيتقان ئادەممۇ، ئىنسان تەبىئىتىمۇ ئابستراكت ئادەم، ئابستراكت تەبىئىتى ئەسلىدە ئابستراكت ئۇقۇم بولۇپ، ئىنسانلار ئورتاقلىقى دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ، ئىلاھ تەبىئىتى، ھايۋان تەبىئىتى، غەيرى ئىنسان تەبىئىتى، ئەكسى ئىنسان تەبىئىتىگە ئوخشاش ئۇقۇملارغا نىسبەتەن ئېيتىلغان. لېكىن تارىخىي يوسۇندا تەكشۈرگەندە، ئىنسان تەبىئىتى يەنە كونكرېت بولىدۇ.

ئىنسانلاردا نۇرغۇن جەھەتلەردە ئورتاقلىق بولسىمۇ، بۇنداق ئورتاقلىق ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيلا قالماستىن، ئادەمنى تۇماننىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈپ، قايمۇقتۇرۇپ، ئاتالمىش ئىنسان تەبىئىتىنىلا ئېتىراپ قىلىدۇ، ئىنسانلار تەبىئىتىنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشىنى ۋە پارچىلىنىشىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، بۇ، ئىلمىي بولمىغان ئابستراكتسىيە، ئىنسان تەبىئىتى ئۈستىدە ئىلمىي ئۇقۇم تەرىقىسىدە قىلىنغان ئابستراكسىيىگە ئوخشىمايدىغان بىر خىل خاتا پىكىر ئېقىمى. ئىدىيالىستىك مەيداندا تۇرۇپ تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ئىنسانلارنىڭ ئاق كۆڭۈللۈك تەبىئىتىدە ياكى ئىنسانلارنىڭ ئىدىرىكىدە، دەپ قارىغۇچى مەرىپەتچى مۇتەپەككۇرلەر ئىدىرەكنى سوت سورۇنى قىلىپ، ھەممىنى ئىدىرەكنىڭ سوت قىلىشىغا تاپشۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان، ئىنسانلارنىڭ ھەممە «يېگىلىنىش» لىرىنى پەقەت تەلىم - تەربىيە ئارقىلىقلا تۈگەتكىلى بولىدۇ دەپ قارىغان. ئىنسانپەرۋەرلەر «ئادەمگەرچىلىك»، «ئادالەت»، «ئەركىنلىك»، «باراۋەرلىك»، «مېھرىۋانلىق» دېگەنگە ئوخشاش شوئارلارنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، تارىخنى ئىلمىي يوسۇندا چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىگەن. بۇلار كونكرېت تارىخىي شارائىتتىن، مۇئەييەن ئىجتىمائى مۇناسىۋەتلەردىن پۈرولېتارىيات ۋە باشقا ئەمگەكچى خەلقنىڭ رېئال كۈرەشلىرىدىن چەتلەپ، ئۇمۇمەن ئابستراكت ئۇقۇم ۋە «ئىنسان تەبىئىتىنى ئويغىتىدىغان»، «ئىنسان تەبىئىتىنى ياخشىلايدىغان» ئىنسانپەرۋەرلىك ۋەز - نەسىھەتلىرىگە باغلاپ قويغان، تەبىئىكى، بۇ، ئىدىيالىستلارچە خام خىيالدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

تارىخىي ئىدىيالىزىمنىڭ ئەكسىچە، تارىخىي ماتېرىيالىزىم تارىخنى ئادەم، ئىنسان تەبىئىتى، ئادەمنىڭ ماھىيىتى دېگەنگە ئوخشاش ئابستراكت ئۇقۇملارنى ئاساس قىلىپ

ئەمەس، بەلكى كونكرېت ئىجتىمائىي ماددىي تۇرمۇش شارائىتىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ چۈشەندۈرىدۇ.

ماركس مۇنداق دېگەن ئىدى: «بىز ئالدى بىلەن ئىنسانلار ھاياتىنىڭ بىرىنچى ئالدىنقى شەرتىنى، يەنى بارلىق تارىخنىڭ بىرىنچى ئالدىنقى شەرتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز لازىم. بۇ ئالدىنقى شەرت شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، كىشىلەر، تارىخنى يارىتىش ئۈچۈن، ھايات كەچۈرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈن بولسا، ئالدى بىلەن كىيىم - كېچەك، ئوزۇق - تۈلۈك، تۇرار جاي ۋە باشقا نەرسىلەرگە ئېھتىياج چۈشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىرىنچى تارىخىي پائالىيەت مۇشۇ ئېھتىياجلارنى قاندۇرىدىغان ماددىي ئەشيالارنى ئىشلەپچىقىرىشتىن يەنى ماددىي تۇرمۇشنىڭ ئۆزىنى يارىتىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. ئەينى زاماندا بۇ يەنە كىشىلەرنىڭ ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈنلا ھەر كۈن - ھەر سائەتتە ئېلىپ بېرىشى زۆرۈر بولغان (ھازىرمۇ بىر نەچچە مىڭ يىلدىن بۇرۇنقىغا ئوخشاش) بىر خىل تارىخىي پائالىيىتى يەنى بارلىق تارىخنىڭ ئاساسىي شەرتى بولۇپمۇ ساپلىنىدۇ.» («ماركس - ئېنگېلس، «نېمىس ئىدېئولوگىيىسى» («ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 3 - توم، خەلق نەشرىياتى 1960 - يىل نەشرى، 31 - ، 32 - بەتلەر)

تارىخىي ماتېرىيالىزم مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ زىددىيىتى، شۇنىڭدەك سىنىپىي جەمئىيەتتە بۇ زىددىيەتنى ئىپادىلەيدىغان سىنىپىي كۈرەشلەرلا تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىدۇر.

ماددىي ھاياتتىكى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى پۈتكۈل ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش جەريانىنى بەلگىلەيدۇ. كىشىلەرنىڭ ئېڭى كىشىلەرنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى بەلگىلىمەيدۇ، كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيىتى كىشىلەرنىڭ ئېڭىنى بەلگىلەيدۇ. دېمەك، خىيال، مېھرىۋانلىق، ئابستراكت ئىنسانپەرۋەرلىك كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيىتىنى بەلگىلىمەيدۇ، بۇنىڭ ئەكسىچە، كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيىتى ئەخلاق ۋە باشقىلارنى بەلگىلەيدۇ. بۇ نۇقتىدىكى ئىنسانپەرۋەرلىك توغرىسىدىكى مۇنازىرىدە، «ئادەم ماركسىزمنىڭ چىقىش نۇقتىسى»، «ماركسىزم ئادەمنى سۆزلىمەيدۇ» دېگەن مەسىلىلەر خېلىلا تالاش - تارتىش قىلىنغان. ماركسىزم ئادەمنى سۆزلەيدۇ ھەم ئادەمنى چىقىش نۇقتىسى قىلىدۇ. ئالدى بىلەن ئادەم دېگەن بۇ ئۇقۇمنى ئېنىقلىۋېلىش لازىم. ماركس مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: «ئادەمنىڭ ماھىيىتى يەككە ئادەمنىڭ ئۆزىدە ئەسلىدە بار بولغان ئابستراكت نەرسە ئەمەس، ئۆزىنىڭ رېئاللىقى جەھەتتىن ئۇ بارلىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ يىغىندىسى.» دېمەك، ئادەمنىڭ رېئال ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنى تەھلىل قىلغاندىلا، ئادەمگە ۋە ئادەملەرگە

باھا بەرگىلى ۋە ئۇلارنى چۈشەنگىلى بولىدۇ. بۇنداق قىلماي، «ئادەم» ۋە «ئورتاق ئىنسان تەبىئىتى» دېگەن نەرسىلەرنى تومتاق كۆتۈرۈپ چىقىپ، خۇددى ئۆزىنى خورلىنىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ، سوتسىيالىزم شارائىتىدىكى بەزى داغلارنى دەستەك قىلىپ ھەر خىل سورۇنلاردا كۆچەپ سۆزلەش بىمەنىلىكتۇر.

مۇنازىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان «ئادەم» ھەم بار، ھەم يوق. بار دېگىنىمىز ئىنسانلار جەمئىيىتىدە ياشاۋاتقان ئادەملەر، يوق دېگىنىمىز، كونكرېت ئادەمنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ. شۇڭا بۇنداق غۇۋا نەرسىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، تالاش-تارتىشتىن ئىلمىي، توغرا خۇلاسە چىقىرالماي، ئاخىرى بېرىپ سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت ئىلغار ئىجتىمائىي تۈزۈمدىن گۇمانلىنىش گىردابىغا بېرىپ، يولدىن ئادىشىدۇ، خالاس.

2

يولداش خۇچياۋمۇنىڭ ماقالىسىنىڭ بېشىدىلا، ئىنسانپەرۋەرلىكتە ئىككى مەنا بارلىقى، ئۇنىڭ بىرى دۇنيا قاراش ۋە تارىخ قاراش ئىكەنلىكى، يەنە بىرى ئېتىكا پرىنسىپى ۋە ئەخلاق ئۆلچىمى ئىكەنلىكى، بۇ ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا باغلىنىشىمۇ، پەرقىمۇ بار ئىكەنلىكى سۆزلەنگەن. بۇ نەزەرلەردىن ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ باقمىغان يېڭى ئۇقۇم، يېڭى چۈشەنچە. 1950 — 1960 - يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا، مەملىكىتىمىزنىڭ نەزەرىيە ساھەسىدە، ياشلار ئوتتۇرىسىدا ئىنسانپەرۋەرلىك مەسىلىسى ئىككى قېتىم مۇھاكىمە قىلىنغان ئىدى. ياشلار ئوتتۇرىسىدا، ئىنسانپەرۋەرلىكنى مەركەز قىلغان مۇھەببەت، نىكاھ، ئەخلاق مەسىلىسى خېلىلا تالاش - تارتىش قىلىنغان. ياڭ مۇنىڭ «ياشلىق ناخشىسى» دېگەن رومانىمۇ ياشلار ئىچىدە تەسىرى بار كىتاب بولغاچقا، بۇ كىتابمۇ تالاش - تارتىشنىڭ سىرتىدا قالمىغان ئىدى. لېكىن بۇ مۇنازىرىنىڭ نەتىجىسى چىقمىغان ئىدى، بۇنىڭدىكى سەۋەب، مەسىلىنى يولداش خۇچياۋمۇدەك ئىلمىي ئاساستا ئەتراپلىق، سىستېمىلىق، قايىل قىلارلىق دەرىجىدە ئوتتۇرىغا قويالماي، قالايمىقان تەنقىد قىلىپ بېسىم ئىشلىتىلگەچكە، مۇنازىرە ۋاقىتىنچە ئاخىرلاشقان ئىدى. ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان دولقۇنسىمان بولۇپ كېلىۋاتقان بۇ مۇنازىرە يەنە چىقتى، دېمەك، بۇ ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ ئىزى ئۆچكىنى يوق. ئۆز ۋاقتىدا لېنىن گوركىي تەرغىپ قىلغان ئىنسانپەرۋەرلىكنى تەنقىد قىلغان ئىدى. شۇ چاغدا بۇرژۇئازىيىنىڭ بىر قىسىم ئوڭچى زىيالىيلىرى ئەكسىلئىنقىلابچىلار بىلەن بىرلىشىپ، ياش سوۋېت ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇش يولىدىكى سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلەرگە قاتناشقان، سوۋېت ھۆكۈمىتى بۇلارنى بېسىقتۇرۇپ، ئوڭچى زىيالىيلارنىڭ ئەشەددىيلىرىنى قولغا ئالغاندا، ماكسىم گوركىي لېنىنغا: بىز ئىنسانپەرۋەرلىك قىلمىدۇق دېگەندە، لېنىن بۇنى قاتتىق تەنقىد قىلغان. بۇ نۆۋەت

يولداش خۇچياۋمۇ ماركسىزمنىڭ پرىنسىپىنى يېڭى شارائىتتا ئىجابىي تەتبىق قىلىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ماركسىزمنىڭ تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ بۇرژۇئا ئىنسانپەرۋەرلىكىدىن ئىبارەت تارىخىي ئىدىيالىزم بىلەن قارىمۇ-قارشى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر شەرھىلىدى. بۇرژۇئا ئىنسانپەرۋەرلىكىنى تەنقىد قىلىپ، سوتسىيالىستىك ئىنسانپەرۋەرلىكنى ئىزاھلاپ، سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنىڭ «ياتلىشىشى» دېگەن خاتا نەزەرىيىنى تەنقىد قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ مەسىلە ئۈستىدىكى كۆپ يىللاردىن بۇيان ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئىدىيىۋى قالايمىقانچىلىقلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، مەسىلىنىڭ تېگى-تەكتىنى ئېچىپ بەردى.

يولداش خۇچياۋمۇنىڭ مەسىلىنى كۆزىتىش-تەكشۈرۈش مەيدانىغا قارايدىغان بولساق، بۇنىڭدىن بىز مېتودولوگىيىلىك تەربىيە ئالالايمىز. ئۇ «ئىنسان تەبىئىتى» دېگەنگە ئوخشاش ئۇقۇملارنى ئىلمىي يوسۇندا ئابستراكسىيىلەشتۈرۈپ، ئىلمىي بولمىغان ئابستراكسىيىگە قارشى قويۇلغان شەخس بىلەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتىن ئىبارەت بۇ مەركەز چېكىتنى تۇتۇپ، دۇنيا قاراش، تارىخ قاراش بىلەن تۇرمۇش قارىشىنى بىرلەشتۈرۈپ، مەسىلىنى دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم ئاساسىدا ئېنىق چۈشەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئېتىكا مەنىسىدىكى بۇرژۇئا ئىنسانپەرۋەرلىككە نىسبەتەن ئەلۋەتتە تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىنىدىغانلىقى، خىيالىي سوتسىيالىزم تەلىماتىدىمۇ ئىنسانپەرۋەرلىك مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. خىيالىي سوتسىيالىزمنىڭ ۋەكىللىرىدىن بولغان فرانسىيىلىك سېن سىمون، ئەنگلىيىلىك فۇرىيې، ئوۋېن قاتارلىق 3 كىشىنى ئېنگېلس ئۇلۇغ خىيالپەرەس دەپ كۆرسەتكەن. ماركس بىلەن ئېنگېلس بۇ 3 كىشىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا قىلغان سۆزلىرىنىڭ توغرا قىسمىغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلغان. ئۇلارنىڭ توغرا تەرىپىنى «ئۇلۇغ» دېگەن سۆز بىلەن تەرىپلىگەن، ئۇلارنىڭ خىيالىي سوتسىيالىزمچىلار ئىكەنلىكىنى بولسا تەنقىد قىلغان. ئىجتىمائىي تۇرمۇش مۇرەككەپ بولىدۇ، بارلىق ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تۈرگە ئايرىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى، ئۈستقۇرۇلما ۋە ئىدېئولوگىيە دائىرىسىگە كىرگۈزگىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي تۈزۈمدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىمۇ بىرەر ئورتاق نەرسە بولماي قالمايدۇ. ئىنسانلار جەمئىيەتتە مەيلى قايسى باسقۇچتا، قايسى سىنىپ ئارىسىدا بولسۇن، ھامان بەزى بىر ئورتاق نەرسىلەر بولىدۇ. ئۇنداق بولمىسا جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈزۈلۈپ قالىدۇ، ئۇنى قايتىدىن قۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، ئىدېئولوگىيە مەنىسىدىكى ئېتىكىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، يېڭى جەمئىيەت ھامان كونا جەمئىيەتنىڭ ئىنسانلار مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ بولغان ئېسىل ئەخلاقىي ئەنئەنىلىرىگە تەنقىدىي يوسۇندا ۋارىس-

لىق قىلىدۇ، ئۇلارنى ئۆزگەرتىدۇ، راۋاجلاندۇرىدۇ. ئەخلاق ئېڭىغا تارىخىي ۋارىسلىق قىلىشنى تەكىتلەش — تارىخىي ماتېرىيالىزىمنىڭ بىر ئاساسىي كۆز قارىشى.

## 3

سوتسىيالىستىك ئىنسانپەرۋەرلىك كەڭ مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سوتسىيالىستىك ئىنسانپەرۋەرلىك ماركسىزىمچە تارىخىي ماتېرىيالىزىملىق ئىدىيە ئاساسىغا تىكلەنگەن، بۇرژۇئا ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسى بولسا ئابستىراكت ئىنسان تەبىئىتى نەزىرىيىسى ئاساسىدىكى تارىخىي ئىدىيالىزىمدۇر. دۇنيا قاراش ۋە تارىخقا قاراش جەھەتتىكى ئاساس پۈتۈنلەي ئوخشاش بولمىغاچقا، بىر قاتار تۈپ قارىمۇ-قارشىلىقلار كېلىپ چىققان. خىيالىي سوتسىيالىزىم شۇنىڭ ئۈچۈن خىيالىكى، ئۇ تارىخىي ئىدىيالىزىمنى ئۆزىگە يېتەكچى قىلغان. ئىلمىي سوتسىيالىزىم شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلمىيكى، ئۇ تارىخىي ماتېرىيالىزىملىق نەزىرىيىۋى ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان. سوتسىيالىزىم شارائىتىدا ئابستىراكت ئىنسانپەرۋەرلىكنى تەشەببۇس قىلغۇچى بەزى كىشىلەر ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ئاساس قىلمايدۇ، ھازىرقىسىنى تاشلاپ ئۆتمۈشتىكىسىگە ئېسىلىۋېلىپ، كونكرېت مەسىلىنى كونكرېت تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، ھەرخىل سورۇنلاردا «تۈزۈم ئەۋزەل ئەمەس»، «كاپىتالىزىم باسقۇچىنى قايتىدىن تولۇقلاش كېرەك»، «پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى «خاسلىقنى بوغدى»، «ئادەمنىڭ قىممىتى» نى ئىنكار قىلدى، «دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىك يوق» دېگەن سەپسەتىلەرنى بازارغا سېلىپ، پارتىيە رەھبەرلىكىدىن، سوتسىيالىزىمدىن، كوممۇنىزىم ئىشلىرىمىزنىڭ غەلىبە قىلىدىغانلىقىدىن گۇمانلاندى، ئىنسانپەرۋەرلىك توغرىسىدىكى مۇنازىرىنىڭ بىر ئورتاقلىقى شۇكى، مەيلى 50—60-يىللاردىكىسى بولسۇن، مەيلى بۇ نۆۋەتتىكىسى بولسۇن، ئۇ ساپلا دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشى تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان تېنىچ شارائىتتا، ئاممىنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلىنىشقا قاراپ مېڭىۋاتقان، ئەدەبىيات-سەنئەت راۋاجلىنىۋاتقان شارائىتتا قوزغىلىپ كېلىۋاتىدۇ. مۇنازىرە قىلىنىۋاتقان بۇ ئابستىراكت ئىنسانپەرۋەرلىك مۇجمەل ئەمما رېئاللىققا قارشى خېلى مۇقىم خاھىشقا ئىگە بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر قانداق يەرگە كەلسە-كەلمەس كۆچۈرۈپ كېلىشكە بولىدىغان غۇۋا شەكىلگە ئىگە بولۇپ، جەمئىيەتتىكى بارلىق پاسسىپ ھادىسىلەرنى سوتسىيالىستىك تۈزۈمدىن كۆرىدىغانلىقى، تىغ ئۇچىنى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىگە قارىتىدىغانلىقى ئۈچۈن، مۇقەررەر ھالدا جەمئىيەتتە سوتسىيالىزىمغا، كوممۇنىزىمغا ۋە پارتىيە رەھبەرلىكىگە ئىشەنمەسلىك كەيپىياتىنى تارقىتىدۇ.

سوتسىيالىزىم جەمئىيىتىدە تۈرلۈك مەسىلىلەر ۋە تۈرلۈك پاسسىپ ھادىسىلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا ھەر خىل سەۋەپ بار. سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئورنىتىلغانلىقىغا تېخى ئۇزاق بولمىدى. كونا جەمئىيەت بىزگە قالدۇرغان ئاساس بىر قەدەر ئاجىز، ئىقتىسادىمىز ۋە مەدەنىيىتىمىز بىر قەدەر ئارقىدا قالغان، تارىختا بىزدە دېموكراتىيە ئەنئەنىسى كەمچىل بولغان. بۇرژۇئازىيە ۋە باشقا ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ ئىدىيىسى شۇنىڭدەك كونا جەمئىيەتنىڭ ئەنئەنىۋى تەسىرى مەۋجۇت.

يېڭى تۈزۈم ۋە يېڭى شەيئىلەر تۇغما بولمايدۇ. ئۇنى كىشىلەر يارىتىدۇ. ئىزلارنىڭ پىشىپ يېتىلمەسلىكتىن پىشىپ يېتىلىشكىچە بولغان جەريانىدا چوقۇم بەزى مۇكەممەل بولمىغان جايلىرى بولىدۇ. بۇ ئۇزۇن ھۆكۈم سۈرگەن ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنىڭ ئىجتىمائىي تەسىرىنىڭ ساقىندىسىدۇر. شۇڭا بەزى خاتالىقلاردىن خالى بولغىلى بولمايدۇ، بۇنىڭغا جىددىي قارىشىمىز لازىم.

ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدە سوتسىيالىستىك ئىنسانپەرۋەرلىكنى تەشەببۇس قىلىش رىيال ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇرژۇئا ئىدىيىسىنىڭ چىرىتىشى، مەدەنىيەت ۋە ئىقتىسادنىڭ ئارقىدا قېلىشى، خىزمىتىمىزدىكى يېتەرسىزلىكلەر تۈپەيلىدىن، مەملىكىتىمىزدىكى رىيال ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئىنسانپەرۋەرلىك پىرىنسىپىغا زىت بولغان جىنايى قىلمىشلار ھېلىھەم ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت. پارتىيىمىز دۇنياغا كەلگەندىن باشلاپ خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەپ، خەلقنى تەربىيىلەپ كەلدى. ھەقىقىي ئىنسانپەرۋەرلىكنى ئۆزىنىڭ خىتاپنامىسىدە، تەشۋىقاتلىرىدا تەشەببۇس قىلدى. مەسىلەن، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش جەمئىيىتىمىزدە ئومۇملاشقان شوئار. بىز گېزىت-رادىيودىن دائىم خالىس خىزمەت قىلىپ، ئۆز ھاياتىدىن ئايرىلغان ۋە باشقىلارغا خالىس ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشنى شەرەپ دەپ بىلىدىغان ياخشى ئادەملەرنى دائىم ئاڭلاپ، بۇنىڭدىن ئىلھام ئېلىپ تۇرىمىز. ئارمىيىمىزدە دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدىن باشلاپ يولغا قويۇلۇپ كېلىۋاتقان 3 چوڭ ئىنتىزام، 8 دىققەت شۇ جۈملىگە كىرىدۇ.

سوتسىيالىستىك ئىنسانپەرۋەرلىك كوللېكتىپچىلىقنى يادرو قىلىدۇ، شەخسىي كوللېكتىپتىن ئايرىلالمايدۇ، شەخسىي مەنپەئەت بىلەن كوللېكتىپ مەنپەئەتنى بىرلەشتۈرۈشنى، شەخسنىڭ كوللېكتىپ ئۈچۈن، كوللېكتىپنىڭمۇ شەخس ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىنى، يەنى مەن باشقىلار ئۈچۈن، باشقىلار مەن ئۈچۈن دېگەننى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئابستىراكىت ئىنسانپەرۋەرلىك قارىماققا ئومۇملۇق شەكلىنى ئالغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ، تار، ساختا بولىدۇ. سوتسىيالىستىك ئىنسانپەرۋەرلىك كونكرېت، شەرتلىك بولۇپ، مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. شۇڭا ئۇ چىن، رىيال بولىدۇ. ئۇنىڭدا بۇرژۇئا

ئىنسانپەرۋەرلىكى ئەڭ كېلەلمەيدىغان غايەت زور كۈچ-قۇدرەت ۋە تەرەققىپەرۋەرلىك بولىدۇ،

يېڭى جۇڭگو قۇرۇش جەريانىدا، ماددى تۇرمۇش ھازىرقىدىن كۆپ جاپالىق بولغان، شارائىتىمىز ئۇرغۇزۇلغان يولداشلار ھارماي-تالماي كۈرەش قىلغان ۋە قۇربان بولغان. سوتسىيالىستىك جەمئىيەت قۇرۇش يولىدا بۇرۇنقىلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ھارماي-تالماي كۈرەش قىلىۋاتقان ئالىي جاناپ كىشىلەر ئازمۇ؟ ئۇلارنىڭ ھەركىتىگە يېتەكچىلىك قىلغان نەرسە باشقا نەرسە ئەمەس، ئۇلۇغ كوممۇنىستىك روھ. ئىدىيىۋى قۇرۇلۇش مەنىۋى مەدەنىيىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك خاراكتېرىنى بەلگىلەيدۇ. ئۇنىڭ ھەممىدىن مۇھىم مەزمۇنى ئىنقىلاۋىي غايە، كوممۇنىستىك ئەخلاق ۋە ئىنقىلاۋىي ئىنتىزامدىن ئىبارەت.

بىزنىڭ ھازىرقى جەمئىيىتىمىز ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشنى نەزەردە تۇتۇپلا قالماي، بەلكى سوتسىيالىستىك يېڭى ئەۋلادلارنى ئۈزمەي تەربىيىلەشكىمۇ مۇھتاج.

خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشى ئاخىرقى ھېساپتا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تولۇق ئازات بولۇشىغا باغلىق. دۆلىتىمىز ئازاتلىقتىن كېيىن بۇ جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى قىلدى. «4 كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىتىلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ 3-ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى چوڭ قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىدى. 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار قۇرۇلۇش ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن تاشلانغان چوڭ قەدەم. شۇڭا زېھنىمىزنى ئابستراكىت ئىنسانپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت قۇرۇق خىيال بىلەن بەنت قىلماي، زېھنىمىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە ئۆز تۆھپىمىزنى قوشساق، ھەقىقىي سوتسىيالىستىك ئىنسانپەرۋەرلىك بىلەن شۇغۇللانغان بولىمىز. رېئال ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ، قۇرۇق، ئابستراكىت ئىنسانپەرۋەرلىك بىلەن شۇغۇللانساق، چوڭ يولدىن ئېزىپ، يورۇغلۇققا ئارقىمىزنى قىلىۋالغان بولىمىز.

سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزمنى قۇرۇش رېئال تۇرمۇش ھەم ئۇلۇغ غايە، رېئال تۇرمۇشتا قېتىرقىنىپ ئىشلىگەن كىشىلەرنىڭ ئەمگىكى ئارقىلىق بۇ غايىنىڭ ئارىلىقى قىسقىراپ بارىدۇ. قىسقارغانسېرى، بۇ سەپتە كۈچ چىقىرىپ ئوبدان ئىشلىگەنلەرنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلىنىپ بارىدۇ. ھازىر ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ھەر خىل ئىقتىسادىي ئىسلاھاتلار — بۇ غايىنى قىسقارتىش ئۈچۈن تاشلىنىۋاتقان كونكرېت قەدەم. شۇڭا 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن ھەر قايسى سەپتە قېتىرقىنىپ ئىشلەۋاتقان يولداشلار ئالىي جاناپ كىشىلەر — ئەخلاقلىق كىشىلەر. مانا مۇشۇ سەپتە كۈرەش قىلىۋاتقان يولداشلارنىڭ بىرسى بولغاچقا، ئۆزەمنى بەختلىك ھېس قىلىمەن.

# بېزەكلىكتىن يېڭى تېپىلغان قەدىمقى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەر توغرىسىدا تەتقىقات

دولقۇن قەمبىرى ، ئىسرائىل يۈسۈپ

تۇرپان خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا «ئالدى قاڭقىل ئوردىسى»، «قوچو ۋىلايىتى» ، «غەربىي ئوبلاست»، «قوچو ئۇيغۇر خانلىقى» دېگەن ناملار بىلەن خاتىرىگە ئېلىنغان . ئۇ قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە مەزكۇر خانلىقنىڭ پايتەختى قىلىنىپ، قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز زامانىسىدىكى ناھايىتى تەرەققىي تاپقان مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان. بېزەكلىك مانا شۇ مەركەزدىكى قەدىمقى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى نامايەن قىلىدىغان ۋە ئەينى چاغلاردا بۇددا، مانى دىنلىرىنىڭ مۇرىتلىرى ، قەدىمقى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى تۈرلۈك دىنىي ۋە مەدەنىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارىدىغان مۇھىم ئورۇن ئىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بۇ ئورۇننىڭ شىنجاڭنىڭ تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، سەنئىتى، دىنىي ئېتىقادى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورۇن ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىش ئىشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. بېزەكلىك مىڭئۆيى 1957 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 1 - تۈركۈمدە ئېلان قىلىنغان 77 ئورۇن قاتارىدا، مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مۇھىم مەدەنىي يادىكارلىق ئورۇن قىلىپ بېكىتىلدى. 1982 - يىلى يەنە گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن 2 - تۈركۈمدە ئېلان قىلىنغان مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورۇنلار قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

بېزەكلىك مىڭئۆيى تۇرپان ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىدە تەخمىنەن 40 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان مەشھۇر ئىدىقۇت قەدىمقى شەھىرىنىڭ شىمالىدا 22 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى يالقۇنتاغ ئىزمىسى ئارىسىغا ئورۇنلاشقان. ئۇ تۇرپان رايونىدىكى ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ كېلىۋاتقان غارى ئەڭ كۆپ، تام سۈرەتلىرى مول مەزمۇن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان، رەسساملىق سەنئىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان شۇنداقلا خېلى

ياخشى ساقلانغان، قۇرۇلۇش شەكلى خىلمۇ - خىل مىڭئۆيلەرنىڭ بىرى. بېزەكلىك مىڭئۆيىدە ھازىرغا قەدەر نومۇر بېرىلگەن 70 غار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى 40 تىن ئارتۇق غاردا تام سۈرىتى ساقلىنىپ قالغان. بۇ تام سۈرەتلىرىنى قوشۇپ ھېسابلىغانـدا، دائىرىسى 1200 كۋادرات مېتىردىن ئاشىدۇ. بۇ تام سۈرەتلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە بۇددىزم راۋايەتلىرى مەزمۇن قىلىنغان. بەزىلىرىدە ( مەسىلەن، 38 - غاردا مانى دىنىغا ئائىت تام سۈرىتى بار. نۇرغۇنلىغان تام سۈرەتلىرىگە بۇرخان ( بۇددانىڭ قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا ئاتىلىشى ) ۋە بودىساتۋالارنىڭ خىلمۇ - خىل ئوبرازلىرى ھەمدە نەغمە - ناۋا قىلىۋاتقان، ئۇسۇل ئويناۋاتقان كۆرۈنۈشلەر، كىيىم - كېچەك ۋە بېزەكلەر، قۇرۇلۇش نەقىشلىرى چۈشۈرۈلگەن. يەنە ئۇلاردا قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋە خەنزۇ، سانسكرىت، بىراخمى يېزىقلىرىدىكى بېغىشلىمىلار بار. بۇ تام سۈرەتلىرى بۇددا دىنى تارىخى، گۈزەل سەنئەت تارىخى ۋە شەرق بىلەن غەرپ ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تارىخى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتىكى قىممەتلىك ئەمەلىي ماتېرىياللاردۇر.

تاملىرى ئەسلى سۈرەتلەر بىلەن بېزەلگەن ئىسمى جىسمىغا بەكمۇ لايىق مەزكۇر بېزەكلىكتىكى غارلارنىڭ ئاز ساندىكىلىرى راھىپ ھوجرىلىرى ۋە راھىپلار دىيانىغا ئولتۇرىدىغان ( سوكۇتتە ئولتۇرۇپ پىكىر يۈرگۈزىدىغان ) ھوجرىلار بولغاندىن سىرت، مۇتلەق كۆپ قىسمى راھىپلار بۇتقا چوقۇنىدىغان ۋە دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان غارلار ھېسابلىنىدۇ. ئۇندىن باشقا يەنە ئۇلۇغ راھىپلارنىڭ شەرىرىنى ( جەسەت سۆڭىكى ياكى جەسەت كۈلىنى ) ساقلايدىغان يوشۇرۇن غارلارمۇ بار. ھازىرقى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، بېزەكلىك مىڭئۆيى مىلادى 5 - ئەسىردە ياسالغان. قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە، خان جەمەتىنىڭ ئىبادەتخانىسى قىلىنغان. ئۇ ئىلگىرى باشقا تاش غار ئىبادەتخانىلىرىغا ئوخشاش تاغنى ئويۇش ئارقىلىق ياسالغان بولسا، خانلىققا قاراشلىق ئىبادەتخانا قىلىنغاندىن كېيىن ئۆزگەرتىپ قۇرۇلغان ۋە كېڭەيتىلگەن. بېزەكلىك مىڭئۆيى 1285 - يىلدىن كېيىن تاشلىنىپ كەتكەن. ئىسلام دىنى تۇرپان رايونىغا كىرگەندىن كېيىن پۈتۈنلەي تاشلىنىپ خارابىلىققا ئايلانغان.

ماقالىمىزدا تەتقىق قىلىنغان 4 پارچە قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھۆججەت، تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى قوغداش - باشقۇرۇش ئورنى 1980 - يىلى 11 - ئايدىن 1981 - يىلى 7 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا بېزەكلىك مىڭئۆيىنىڭ ئاستىنقى تەرىپىدە كۆپ يىللاردىن بېرى يىغىلىپ قالغان توپا - قۇم دۆۋىلىرىنى تازىلىغاندا تېپىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر خىل قەدىمقى يېزىقلاردىكى بىر مۇنچە

يازما يادىكارلىقلار قېزىۋېلىنغان ①. مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەر بۇ بىر تۈركۈم يازما يادىكارلىقلار ئىچىدىكى خەنزۇچە ھۆججەتلەر دەۋرىنىڭ جىن دەۋرى (مىلادى 263 — 420 - يىللار) دىن سۇڭ دەۋرى (مىلادى 960 — 1279 - يىللار) گىچە بولغان ۋاقىتقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئېنىقلاپ بېكىتىپ چىقتى.

بۇ قېتىم تېپىلغان قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر يېقىندىن تازىلانغان 60 - غار، 10 - غار ۋە بېزەكلىكنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قاتلىمىدىن تېپىلغان يېڭى غاردىن چىقتى. بىزنىڭ ئۇلارنى رەتلەپ تەتقىق قىلىشىمىزغا ئاساسلانغاندا، بۇ ھۆججەتلەر ئاساسەن قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە تەۋە ھۆججەتلەر ھېسابلىنىدۇ. لېكىن ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى ھۆججەتمۇ تېپىلدى. بولۇپمۇ يەنچاڭ 5 - يىلىدىكى (مىلادى 565 - يىلىدىكى) بىر پارچە خەنزۇچە ھۆججەت بىلەن بىللە چىققان قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مانى دىنىغا ئائىت ھۆججەت (نومۇرى 524 · T.R.I. 80) كىشىنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ. قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزلۈك، گىراماتىكا، فونېتىكا قاتارلىق جەھەتلەردە مۇكەممەل بولغان بۇ ھۆججەت كىشىنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدىغان مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ۋە بىزنىڭ 840 - يىلدىن بۇرۇن تۇرپاندا ياشاپ كەلگەن بىر بۆلۈك ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى ئۈستىدىكى تەتقىقاتىمىزنى يېڭى تارىخىي ماتېرىيال بىلەن تولۇقلايدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ مەسىلىنى ئەتراپلىق يورۇتۇپ بېرىش ئارخېئولوگىيىلىك يېڭى قېزىلمىلارنىڭ كۆپرەك بولۇشىغا ئېھتىياجلىق بولۇپ، بىزدىن چوڭقۇر ۋە ئىنچىكە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

بۇ قېتىم تۇرپان بېزەكلىك مىڭئۆيىدىن يېڭىدىن تېپىلغان ھەر خىل قەدىمقى يېزىقلاردىكى ھۆججەتلەر مەملىكەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلار ئىدارىسى قەدىمقى ھۆججەتلەر تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئاستىدا، ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ۋە تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى قوغداش- باشقۇرۇش ئورنىدىكى يولداشلارنىڭ كونكرېت خىزمەت ئىشلىشى بىلەن سىستېمىلىق رەتلەندى ②. بۇ، مەملىكەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلار ئىدارىسى قەدىمقى ھۆججەتلەر تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ 1975- يىلى تۇرپاندىن چىققان ھۆججەتلەرنى (خەنزۇچە ھۆججەتلەرنى) رەتلەش گۇرۇپپىسى قۇرغاندىن بۇيان، تۇنجى قېتىم مەخسۇس ئادەم ۋە پۇل ئاجرىتىپ قەدىمقى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەرنى رەتلەشكە ئويۇشتۇرۇشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. گەرچە بۇ قېتىمقى خىزمەتنىڭ ۋاقتى ئۇزۇن بولمىسىمۇ، ئادەم كۈچى ئاز بولسىمۇ، مەملىكەتلىك مەدەنىي يادىكارلىق ئورۇنلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى ھۆججەتلىرىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ قېتىم تېپىلغان ھەر خىل

قەدىمقى يېزىقلاردىكى ھۆججەتلەرنى يېزىق تۈرى، چىققان ئورنى، ۋاقتى بويىچە تۈرگە ئايرىش ۋە نومۇر قويۇپ رەتلەش خىزمىتى ئاياقلاشتى ۋە ئۇلارنىڭ كىچىكلىتىلگەن فوتو سۈرەتلىرىگىمۇ ئايرىم - ئايرىم نومۇر بېرىلىپ، 7 ئالبوم قىلىپ توپلاندى. بۇ قېتىم قېزىۋېلىنغان ھەر خىل قەدىمقى يېزىقلاردىكى ھۆججەتلەرنى ئومۇمىي يۈزلۈك رەتلەش خىزمىتى توغرىسىدا رەتلەش گۇرۇپپىسى ئايرىم دوكلات ئېلان قىلىدۇ. بىز بۇ ماقالىمىزدا، بۇ قېتىم بېزەكلىكتىن تېپىلغان قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلار ئۈستىدىلا توختىلىپ ئۆتىمىز.

بۇ قېتىم بېزەكلىكتىن تېپىلغان قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر 100 پارچىدىن ئارتۇق بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى يىرتىلىپ ئۇششاق پارچىلارغا ئايرىلىپ كەتكەن. بۇنداق پارچىلارنىڭ بەزىلىرىدە يېرىم قۇر، بەزىلىرىدە بىر قۇر خەت ساقلىنىپ قالغان. بۇ كىشىنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ھەر بىر بېتىگە 10 قۇر، 20 قۇر خەت يېزىلغان تولۇق ساقلىنىپ قالغان ۋاراقلارمۇ بار. بۇ يازما يادىكارلىقلارنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالى ھەر خىل بولسىمۇ، خەت شەكلى جەھەتتىن ياغاچ باسما نۇسخا ۋە قوليازمىدىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ. ياغاچ باسما خەت شەكلى چۈشۈرۈلگەن ۋاراقلارنىڭ بىر بېتىگىلا خەت بېسىلغان بولۇپ، بەزىلىرى قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ قۇر ئارىلىرىغا براخمى يېزىقى يېزىلغان بۇددا نوملىرىنىڭ قالدۇق ۋاراقلىرىدىن ئىبارەت. يەنە قەدىمقى ئۇيغۇرچە ھەر بىر سۆزگە توغرىلاپ، قۇر ئارىلىرىغا خەنزۇچە خەت چۈشۈرۈلگەن قەدىمقى ئۇيغۇرچە — خەنزۇچە سېلىشتۇرما لۇغەت ۋارىقىنىڭ پارچىسىمۇ بار. قولىيازمىلار ئىچىدە بىر بېتىگە ۋە ھەر ئىككى بېتىگە خەت يېزىلغان ھەر خىل مەزمۇندىكى ھۆججەتلەر بار. قىسقىسى، ئۇلارنىڭ خەت شەكلىگە ئاساسەن تۈرلەرگە ئايرىلىشىنى مۇنداق كۆرسىتىش مۇمكىن:

I ياغاچ باسما ھۆججەتلەر

A بىر بېتىگە بېسىلغان

① قەدىمقى ئۇيغۇرچە خەت بېسىلغان

② قەدىمقى ئۇيغۇرچە خەت بېسىلغان

a. قۇر ئارىلىرىدا خەنزۇچە خەت بار

b. قۇر ئارىلىرىدا براخمىچە خەت بار

II قولپازمىلار

- A باسما شەكىللىك (نوم خېتى شەكىللىك)
  - ① بىر بېتىگە يېزىلغان
    - (بۇنداق ھۆججەتلەر ئىلىك بەزىلىرىنىڭ قەغىزى قېلىن، بەزىلىرىنىڭ قەغىزى نېپىز بولسىمۇ، قەدىمقى ئۇيغۇرچە خەت ئىپەنىق ۋە رەتلىك يېزىلغان)
  - ② ئالدى-كەينى بەتلىرىگە خەت يېزىلغان
    - a ھەر ئىككى بېتىگە قەدىمقى ئۇيغۇرچە خەت يېزىلغان.
    - d . بىر بېتىگە قەدىمقى ئۇيغۇرچە، يەنە بىر بېتىگە خەنزۇچە خەت يېزىلغان
- B يازما شەكىللىك
  - ③ بىر بېتىگە خەت يېزىلغان (بۇ خىل ھۆججەتلەرنىڭ قەغىزى نېپىز رەك بولۇپ، خەتلىرى ئىرماش يېزىلغاچقا، ئوقۇش قىيىنراق
  - ④ ئالدى - كەينى بېتىگە خەت يېزىلغان
    - a ھەر ئىككى بېتىگە قەدىمقى ئۇيغۇرچە خەت يېزىلغان
    - b . بىر بېتىگە قەدىمقى ئۇيغۇرچە، يەنە بىر بېتىگە براخمىچە خەت يېزىلغان
    - C ھەر ئىككى بېتىگە قەدىمقى ئۇيغۇرچە، قۇر ئارىلىرىغا خەنزۇچە خەت يېزىلغان
    - q . بىر بېتىگە قەدىمقى ئۇيغۇرچە، يەنە بىر بېتىگە خەنزۇچە خەت يېزىلغان
    - G . ھەر ئىككى بېتىگە خەنزۇچە، قۇر ئارىلىرىغا قەدىمقى ئۇيغۇرچە خەت يېزىلغان.

يۇقۇرىدا كۆرسىتىلگەن خەتشەكلىگە قاراپ تۈرگە ئايرىشتا، قەدىمقى ئۇيغۇرچە خەت-لەرنىڭ قۇر ئارىلىرىغا خەنزۇچە خەت يېزىلغان پارچە ۋاراقلار قەدىمقى ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە سېلىشتۇرما سۆزلۈك (لۇغەت) نىڭ قالدۇق ۋاراقلىرى ھېسابلىنىدۇ. قۇر ئارىلىرىغا بىراخمى يېزىقى يېزىلغان ۋاراقلاردىكى بىراخمىچە خەت شۇ ۋاراقلاردىكى قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان بۇددا دىنى ئاتالغۇلىرىنىڭ سانسكرىتچە تەلەپ-پۇزىغا بېرىلگەن ئىزاھ بولۇپ، بۇنداق ۋاراقلار نوملارنىڭ قالدۇق ۋاراقلىرىنى كۆر-سىتىدۇ. بىر بېتىگە قەدىمقى ئۇيغۇرچە، يەنە بىر بېتىگە خەنزۇچە يېزىلغان ۋاراقلاردىكى، شۇنداقلا ھەر ئىككى بېتىگە خەنزۇچە خەت يېزىلىپ، قۇر ئارىلىرىغا قەدىمقى ئۇيغۇرچە خەت يېزىلغان ۋاراقلاردىكى قەدىمقى ئۇيغۇرچە خەت بىلەن خەنزۇچە خەتنىڭ مەزمۇنى بىر بىرىگە ئوخشىمايدۇ.

بۇ ھۆججەتلەرنى مەزمۇن جەھەتتىن 4 تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ:

1. بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكىلەر

بۇ قېتىم بېزەكلىكتىن تېپىلغان قەدىمقى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەرنىڭ ئىچىدە، بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكىلىرى ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە نوملارنىڭ قالدۇق ۋاراقلىرى ۋە نوم خاتىمىسى، بېغىشلىما، بۇرخانغا مەدھىيە ئوقۇش، جانلىقلارنىڭ تېۋىنىشى، بۇددا دىنى مۇرىتلىرىنىڭ تەكرىسى بۇرخانغا (ساكيامۇنىغا) ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئېيتقان بۇددىزىم قائىدە - يوسۇنىغا ئائىت سۆزلىرى يېزىلغان قالدۇق ۋاراقلار بار. تۆۋەندە بىز ئىككى پارچە ھۆججەتنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

بىرىنچى ھۆججەت (نومۇرى: 80·T·B·I·598) بىر بەت بولۇپ، 6 قۇر چىراي-لىق، رەتلىك قەدىمقى ئۇيغۇرچە ياغاچ باسما خەت بېسىلغان. ئۇنىڭ چوڭلۇقى 10 × 20.5 سانتىمېتىر، 6 قۇر خەت ئىگىلىگەن دائىرىنىڭ چوڭلۇقى 6.5 + 16 سانتىمېتىر كېلىدۇ (83 - بەتتىكى 1 رەسىمگە قاراڭ). بىز بۇ بىر بەتكە بېسىلغان خەتلەرنى ئوقۇپ ترانسكرىپسىيە قىلىپ مەزمۇنىنى يېشىپ چىققاندىن كېيىن، قەدىمقى ئۇيغۇرچە بۇددا نومىنىڭ بىر بېتى ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان بولسىمۇ، لېكىن، ئالدىمىزغا ئۇ زادى قايسى نومغا تەۋە؟ قايسى تىلدىكى نۇسخىدىن قەدىمقى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان؟ دېگەن سوئاللار قويۇلدى. ھەممىگە مەلۇمكى، بۇددا نومىنىڭ بىر بېتىنى تېپىۋېلىپ، ئۇنىڭغا قاراپلا يۇقۇرقى سوئاللارغا جاۋاپ بېرىش بۇددا نوملىرىنىڭ مەزمۇنىدىن ناھايىتى تولۇق خەۋەردار ئادەملەرنىڭ قولىدىن كېلىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇنداق ئادەملەرنى تېپىش قىيىن، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭ ئۈستىگە، «بۇددا نوملىرى توپلىمى» (大藏经) گويا پايانسىز دېڭىزغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىن، يا نومنىڭ ئىسمى خاتىرىلەنمىگەن، يا

ھېچقانداق تېپىسى بولمىغان قەدىمقى ئۇيغۇرچە نومنىڭ بىر بېتىدىكىگە ئوخشاش مەزمۇن چۈشۈرۈلگەن ئابزاسنى ئىزدەپ تېپىش ھەقىقەتەن ئاسان ئىش ئەمەسلىكىمۇ ھەممىمىزگە چۈشۈنۈشلۈك. شۇنداق بولسىمۇ، ئۆزىمىزنىڭ بۇددا نوملىرى ۋە ئۇلارنىڭ مەزمۇنى توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىمىزنىڭ ناھايىتى ئاز ۋە بەكمۇ ئۈزۈك ئىكەنلىكىگە قارىماي، بۇ مەسىلىنى يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ بېقىشنى لايىق كۆردۇق. شۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن ۋاقىت ۋە زېھنى كۈچىمىزنى سەرپ قىلىپ، مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى ئۆگەندۇق ۋە ئاخىرىدا شۇلاردىن جاۋاپ تاپتۇق: ئۇ ئەسلىدە خەنزۇچىدىن قەدىمقى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان بۇددا نومى «كىمقوقى»③ نىڭ بىر بېتى ئىكەن. ئەمدى ئۇنىڭ ترانسكرىپسىيىسى ④ بىلەن يەشمىسىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

## ترانسكرىپسىيىسى

1. ك (ا) لپ-لار-تا بەرۈ-كى ئاۋانتلار تىلتاغ-لار «ئەگمد ساغىنچ
2. ئەرسەر قالتى ياۋلاغ ياغى تەگ ئەرۈر» ئاز ئامرانماغ كۆڭۈل
3. ئەرسەر ئاغۇ-لۇغ يىلانقا ئوخشايۇر «بىرۆك كۆسۈش-تە
4. تۇرۇپ كۆسۈش-سۈز بولغالى ئەرسەر» نىزاۋانى-تا تۇرۇپ نىزۋانى-
5. غا يۇغلۇنماسار «يېرتىنچۇ ئۈزە تايانسار كىكىر-سىز ئارىغ
6. ئورۇنغا تەمىن ئۆڭ تانۇقلاغالى ئۇيۇر نوم خانى-نىڭ ئەتۆزىن*

## يەشمىسى

1. كالپلاردىن ⑤ بۇيانقى ۋەج-سەۋەپلەر. خاتا ئوي (پىكىر)
2. بولسا، خۇددى يامان ياۋدەكتۇر. ئاچكۆز، شەھۋانى كۆڭۈل
3. بولسا، زەھەرلىك ئىلانغا ئوخشايدۇ. ئەگەر تەلەپتە
4. تۇرۇپ تەلەپسىز بولالىسا (بىر نەرسىنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇپ، شۇ نەرسىگە بولغان تەلەۋىدىن ۋاز كېچەلىسە)، نىزۋانىدا ⑥ تۇرۇپ (ئۆزىنى) نىزۋانى-
5. غا يۇقتۇرمىسا، دۇنيادا كىرسىز-پاكىز ئورۇنغا
6. تايانسا، شۇئان نوم خانىنىڭ (بۇددانىڭ) تېنىنى ئىسپاتلىيالايدۇ.

گەرچە «كىمقوقى» نى قەدىمقى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان تەرجىماننىڭ كىملىكى بىزگە مەلۇم بولمىسىمۇ، قەدىمقى ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچىدىن خەۋىرى بار ھەر قانداق كىشى بۇ نومنىڭ مۇشۇ بىر بېتىنىڭ خەنزۇچە (ماقالىمىزنىڭ خەنزۇچىسىغا قاراڭ) ۋە قەدىمقى ئۇيغۇرچىسىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپلا، قەدىمقى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ تەرجىمە سەۋىيىسىنىڭ قانچىلىك يۇقۇرى ئىكەنلىكىگە توغرا باھا بېرەلەيدۇ.

مەزكۇر نومنىڭ بۇ بىر بېتىگە بىر نەچچە قۇرلا خەت يېزىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ جۈملىلىرىنىڭ راۋان، تىلىنىڭ گۈزەل، چۈشىنىشلىك ئىكەنلىكى تەرجىماننىڭ قەدىمقى ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تىللىرىدىن تولۇق خەۋەردار ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. تەرجىمان خەنزۇچىنى سۆزمۇ - سۆز تولۇق، توغرا تەرجىمە قىلىپ چىققان. بۇ بەتتە يەنە، ئادەتتە قەدىمقى ئۇيغۇرچە نوملاردا كۆپ ئۇچرايدىغان سانسكرىتچە بىر ئاتالغۇنى، سوغدىچە 3 ئاتالغۇنى ئۇچرىتىمىز. گەرچە بۇ ئاتالغۇلار ئۆز زامانىسىدا ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ ئۆزلەشكەن ئاتالغۇلار بولسىمۇ، تەرجىمان بۇ نومنى تەرجىمە قىلىشتا خەنزۇچە نۇسخىنىلا ئاساس قىلىپ قالماي، باشقا تىللاردىكى نۇسخىلاردىنمۇ پايدىلانغان بولۇشى مۇمكىن دېگەن تەسەۋۋۇرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمىزغا تۈرتكە بولالايدۇ. شۇنداقلا، تەرجىماننىڭ بۇددا نوملىرى توغرىسىدا خېلى ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ۋە خەنزۇ تىلىدىن باشقا سانسكرىت، سوغدى تىللىرىدىنمۇ خەۋىرى بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

بۇددا دىنىغا ئائىت ھۆججەتنىڭ يەنە بىرسى جەمى 3 بەت ( نومۇرى: 3 - 596 ، 2 - 596 ، 1 - 596 ، I ، B ، I ، 80 ) بولۇپ، ھەر بىرىنىڭ چوڭلۇقى 11 × 28 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ھەر بىر بەتكە قەدىمقى ئۇيغۇرچە ياغاچ باسما خەتتىن قۇر بېسىلغان، خەتلەرنىڭ دائىرىسى 7.4 × 19 سانتىمېتىر كېلىدۇ. بۇ ئۈچ بەتتىكى 15 قۇر قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ 8 قۇرىنىڭ ئارىسىغا قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان سانسكرىتچە ئاتالغۇلارنىڭ يېنىغا براخمى يېزىقى بىلەن ئۇ ئاتالغۇلارنىڭ سانسكرىتچە تەلەپپۇز قىلىنىشىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان سۆزلەر يېزىلغان. بۇنىڭدىن مۇشۇ ئۈچ قالدۇق بەت تەۋە بولغان قەدىمقى ئۇيغۇرچە نومنىڭ بىۋاستە سانسكرىت تىلىدىكى نۇسخىدىن ياكى توخرى تىلىدىكى نۇسخىدىن تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى ۋە تەرجىماننىڭ قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىنى تولۇق بىلگەندىن باشقا، يەنە سانسكرىت ۋە توخرى تىللىرىنىمۇ پىششىق بىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

تۆۋەندە بىز ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى نوم نامى ساقلىنىپ قالغان بىر بەتنى ( نومۇرى — 596 ) تونۇشتۇرۇش بىلەن كۇپايىلىنىمىز ( 84 - بەتتىكى 2 - رەسىمگە قاراڭ ) .

ترانسكرىپسىيەسى

1 . بۇ ئانچولايۇ كەلمىش - لەركە يېتى ئەردىنە-

2 . لەر ئۆزە تاپىنسار ئۆدۈنسار ئول بۇيان

3 . ئەدگۈ قىلىنچ - نىڭ ئۇلگۈسىن تەگىن

4 . ئۆگولەگەلى سانافالى بولغاي ( . ) ئامىتا

5 . ئايۇسى سۇدۇر ـ قا تاپىنمىش ئۇدۇنمىش

يەشمىسى

1 . بۇ شۇنداق كەلمىشلەرگە ( بۇرخانغا ) يەتتە ئەردىنى

2 . ( گۆھەر ) ⑦ بىلەن تېۋىنسا ـ چوقۇنسا، ئۇ بۇيان ( ساۋاپ )،

3 . ياخشى قىلمىشىنىڭ مىقدارىنى ـ قىممىتىنى

4 . ئۆلچىگىلى — ھېساپلىغىلى بولغاي. ئامىتا

5 . ئايۇسى سۇدۇر ( سۇترا ) غا تېۋىنغان ـ چوقۇنغان ...

يۇقۇرىدا كۆرسىتىلگەن 5 قۇر قەدىمقى ئۇيغۇرچە خەتنىڭ مەزمۇنىدىن بۇ 3 بەت يادىكارلىقنىڭ «ئامىتا ئايۇسى سۇدۇر ( سانسكرىتچە: Amitayus εutra، خەنزۇچە: 无量寿经 دېيىلىدۇ ) نىڭ قالدۇق ۋاراقلىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ كېيىنكى 2 بېتىدە، بۇ نومغا چوقۇنسا، بارلىق بۇددا دىنى نوملىرىغا چوقۇنغان بىلەن باراۋەر بولىدىغانلىقى سۆزلەنگەن. بۇ نومنىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشىغا ئاساسلانغاندا ( بۇ نوم خەنزۇچە بىر نەچچە خىل ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ )، ئۇنىڭ يۇقۇرىدىكى نامى «Apalimitayussutra» ( خەنزۇچە 无量寿经 دېيىلىدۇ ) نىڭ باشقىچە ئاتىلىشىنى كۆرسەتسە كېرەك. ئۇ «كىرسىز ـ پاكىز ئورۇن» 3 بۆلەك نومنىڭ بىرى بولۇپ، خەنزۇچىسى 3 دۆلەت زامانىدىكى ۋېي دۆلىتىدە ( مىلادى 220 — 265 ـ يىللار ) ياشىغان كاڭ سىڭكەي تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان. ئۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە، بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشا ئۆيي ـ ۋاقىنى تاشلاپ راھىب بوپتۇ. ئۇنىڭ دىنىي نامى «法藏» ( سانسكرىتچە Dharmapitaka بولۇپ، «ئەقىدىلەر غەزنىسى» ياكى «شەيئىلەر غەزنىسى» دېگەن مەنىدە ) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ 48 تۈرلۈك تەلىۋى بار ئىكەن ۋە شۇنداق دەيدىكەن: «ئون تەرەپتىكى جانلىقلار مېنىڭ دۆلىتىمگە كېلىپ چىن كۆڭلىدىن بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلسا، خۇشاللىق تاپىدۇ. ئەگەر ئۇلار مېنىڭ دۆلىتىمدە تۇغۇلماقچى ( بۇددا دىنى مۇرىتى بولماقچى ) بولسا، كېلىپ 10 تۈرلۈك بىلىم ئالىدۇ. ئەگەر تۇغۇلمىغانلار چىقسا، تولۇق ئەقىل تاپالمايدۇ.» كېيىن ئۇ بۇددالىققا ئېرىشىپ "无量寿" ( سانسكرىتچە Amitayus «ئۆمرى چەكسىز» دېگەن مەنىدە ) دەپ نام ئاپتۇ.

قىسقىغىنە 5 قۇر خەت بېسىلغان يۇقۇرىدا كۆرسىتىلگەن يازما يادىكارلىق بىزگە بىر مۇھىم مەسىلىنى يەنى قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ «ئامىتا يۇس سۇترا» نى قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغانلىقىنى دەلىللەپ بېرەلەيدۇ.

## 2 . مانى دىنى مەزمۇنىدىكىلەر

بۇ قېتىم بېزەكلىكتىن تېپىلغان قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر ئىچىدە، مانى دىنىغا ئائىت بولغىنى ( نومۇرى 80 · I · B · I · 524 ) ھەجمى بىر قەدەر چوڭ ھۆججەت ھېسابلىنىدۇ. ئۇ جەمئى 5 ۋاراق ( 10 بەت ) بولۇپ، ھەر بىر بېتىگە مانى دىنى ھۆججەتلىرىدە كۆپرەك ئىشلىتىلىدىغان خەت شەكلى بويىچە رەتلىك، چىرايلىق قىلىپ 20 قۇردىن ( ھەر بىر بەتتىكى تېمىلارنى قوشقاندا 21 قۇردىن ) خەت يېزىلغان. يەنە ھەر بىر بېتىنىڭ باش تەرىپىگە ھەر خىل رەڭلەر بىلەن ئوخشاش بولمىغان تېمىلار قويۇلغان . ئۇنىڭ ئالدىنقى ئىككى ۋارىقى تولۇق ساقلانغان، كېيىنكى ئۈچ ۋارىقىدا ئازراق كەمتۈك بولۇپ قالغان جايلىرى بار. مەزمۇن جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئالدىنقى ئىككى ۋارىقىنىڭ مەزمۇنى كېيىنكى ئۈچ ۋارىقىنىڭكىگە بىۋاستە ئۇلانمايدۇ . ئومۇمەن بۇ 5 ۋاراق ئاساسەن ياخشى ساقلانغان بولۇپ، ئېلىمىزدە ساقلىنىۋاتقان مانى دىنىغا ئائىت ئەسلى يادىكارلىق ھېسابلىنىدۇ. بىز بۇ ھۆججەت توغرىلىق ئايرىم ماقالىمىزدا تەپسىلى توختىلىپ ئۆتىمىز. بۇ يەردە ئۇنىڭ « ئەدگۈ تات ( ^ ) غل ( ^ ) غ نومى بۇ » ( ئۇنىڭ ئەسلى لەززەتلىك نومى بۇ ) ۋە ( تىڭرىكەن كۆرتلە نومى » ( تەڭرىنىڭ گۈزەل نومى ) دەپ تېما قويۇلغان ئالدىنقى ئىككى ۋارىقىنى ( نومۇرى 2 - 1 · 524 · I · B · I · 80 ، ھەر بىر ۋاراقنىڭ چوڭلۇقى 11 × 25 Sm ) مىسال قىلىپ كۆرسىتىمىز ( 84 - بەتتىكى 3 - رەسىمگە قاراڭ ) .

ترانسكرىپسىيىسى

* ئەدگۈ تات ( ^ ) غل ( ^ ) غ نومى بۇ * ( A )

1 . ئەمتى ئىنچە قىلىلىڭ كۆنتەمەك

2 . كون ئاي ت( ە ) ڭرىگ يوكۇنۇڭ

3 . ئالقانالىڭ بەش ت( ە ) ڭرىگ ئاغ( ^ ) رلاڭ

4 . قانتا يۈرسار بارسار كىرسەر

5 . تاشقىسار تۇرقارۇ بۇ تۆرت

6 . ساۋئاغزاڭىزدا تۇتۇڭ

7 . ب( ا ) غروش ( ا ) ن زائۇر زىرۋت .. ئۇل

8 . ئۆدۈن ياغى ئورم( ا )زت ت( ە ) ڭرى مانى

9 . بۇرخانغارۇ ئىنچە تەپ

10 . ئوتۇنتى نەگۈ ئاس( ^ )غ بولغاي بۇ

11. تۆرت ساۋ ئايسار (i)(i) ئۆترۇ

12. ت(ە)گرى مانى بۇرخان ئىنچە تىپ

13. ي(ا)رل(ە) قادى 00 ئانتاغ مۇڭ تاق

14. ك(ە) لگەي بۇ تۆرت ساۋدا ئادىن .

15. (ق) وشۇلماغاي 00 ئاپ ئالىپ ئەردەمەدگەز

16. ئاپ. ئۆزلۈك باغل(ە)غ ئاتىڭىز

17. ب(ە) رك بىلگىڭىز 00 غالا سۆگۈز

18. ئالىپ ئەردەملىگ ئالپاغۇ تۆگۈز

19. ق(ا) لتى بۇ تۆرت ساۋ ئاغزاڭىزدا

20. تۇتسار سىز 00 ئىنچىپ ئۇلۇغ تاردا

* ... ( B ) ...... . *

21. مۇڭدا قۇرتۇلغايەز 00 00 ئۇل

22. ئۆدۈن ياغى ئورم(ا) زت تىگمىن

23. بۇ تۆرت ساۋ ئاغ(ە) زدا تۇتدى

24. قانتا بارسار ك(ە) لەر-كىرسەر

25. تاشقىسار ئولۇرسار تۇرسار بۇ

26. تۆرت ساۋ ئاغ(ە) زدا تۇتار

27. ئەرتى 00 ب(ا) غ روش(ا) ن زائور ژىرۋىت

28. ت(ە) گرى ي(ا) رۇق كۈچلۈگ بىلگە

29. 00 00 تاقى ي(ە) مە بىر كون

30. ياغى ئورم(ا زت تىگمىن ت(ە) گرى

31. مانى بۇرخانقا ئىنچە تىپ

32. ئۆتۈنتى 00 ت(ە) گرىم كۆرگەلى

33. كۆركلۈگسىز 00 ئەتئۆزۈڭ(ۈ) ز

34. سىۋراق كۆرتلە تات(ە) غل(ە) غ

35. سىز 00 ئىنچە بىلىر م(ە) ن كۈچۈگ

36. كۈچلۈگسىز 00 ئىنچىپ م(ە)ن

37. ئىنچە قۇلۇلايۇر م(ە)ن كۈچۈمۈز

38. بىر ئىككىنتى بىرلە سىنالىم 00

39 . بىز ئەمگەكۇدە قادىيۇسى كۈچلۈك

40 . رەك بىز 00 ي( ە )مە ت( ە )گرى مانى

* تەگەن كورتلە نومى * ( A )

41 . بۇرخان ياغىئورم( ا ) زتقا ئىنچە

42 . ي( ا ) ر( ا ) ل( ە ) قادى 00 سىز تەددىمل( ە )غ خاد

43 . لارد( ە ) لك تۆز يەلتەزدا سىز 00

44 . قاماغ بودۇن ئەدى كۈچلۈك

45 . ئەردەملىگ ساقىنۇرلار 00 ئۇلۇغ

46 . ئەردەملىگ تۇتارلار 00 م( ە )ن

47 . ئەرسەر ت( ە ) گرى يالاۋاچى م( ە )ن 00

48 . بىز بىر ئىكىنتى بىرلە ئۆچەشمەك

49 . ك( ە ) رگەك ئەرمەز 00 نە ئۈچۈن تەسەر

50 . م( ە )ن سىزنى كەمىشسەر م( ە )ن ئۈچۈز

51 . قىلسار م( ە )ن ئۆكۈش ئەرۈش بودۇن

52 . سايۇ ئاي( ە )غ ئاتل( ە )غ كۆركۈز

53 . بولغايسىز 00 ئىنچىپ ئۆترۈ بىر

54 . نەر ئەت يىمەز بور ئىچمەز 00 ياغى

55 . ئورم( ا )زت تەگىنىگ تۇشۇرتى

56 . ئالقادتۇرتى 00 بىرۈكسىز مەنى

57 . ك( ە )مىشسەر سىز 00 قاماغ بودۇن ئىنچە

58 . تىپ ئايغاي 00 مانى بۇرخان ت( ە )گرى

59 . يالاۋاچى ئالقادتى ئۈچۈز بولتى

60 . 00 بىركىشكە ئالقادتى ئۈچۈز

*ياغى ئورم( ا )زت * ( B )

61 . يىنىگ بولتى 00 ق( ا )لتى سىز تاپلا-

62 . سارسىز 00 بىزىڭە بۇ ئۆچەتشمەك

63 . كورەشمەك ك( ە )رگەك ئەرمەز 00 ئول

64 . ئۆدۈن ياغى ئورم( ا )زت بۇ ساۋدا

65 . ئۆترۈ كۆڭۈلى ئۆگرۈنچۈلۈك

66 . بولمادى 00 ي( ە )مە تۇرقارۇ ئۆزىن
67 . ئۆكەر كۆۋەنۈر ئەرتى   ت( ە )ڭرى
68 . مانى بۇرخان ئىنچە ي( ا )ر( ە )قادى
69 . كۆڭۈلۈڭۈز س( ە )ۋىنچلىگ بولماز
70 . ئەسەر 00 ئىنچىپ تۇڭا ياڭالار
71 . قىلمىش ئاشىر بار   يىردە
72 . تۆپۈسىڭە تەگى ئوق قورامىش
73 . چا بىز ئىكىگۈ قولۇقسۇز
74 . ئانتا بارا( ە )م بىر ئىكىنتى
75 . بىرلە ئانتا سىنا سالىم 00 ئۆترۈ
76 . ياغى ئورم( ا )زت بۇ ساۋ ئەشىدىپ
77 . كۆڭۈلى ئۆگرۈنچۈلۈگ بولتى 00
78 . ت( ە )ڭرى يالاۋاچى مانى بۇرخان
79 . ياغى ئورم( ا )زت ئەل( ە )كىن تۇتۇپ
80 . ئىكىگۈ تۇڭا ياڭالار ئىتمىش

يەشمىسى

( ئۈندەك ) ئىسمىل لەززەتلىك نومى ⑧ بۇ ( Á )
1 . ئەمدى مۇنداق قىلىمىز . هەر كۈنى
2 . كۈن ، ئاي تەڭرىگە يۈكۈنۈك ( چوقۇنۇك ) ،
3 . مەدھىيە ئوقۇك ، بەش تەڭرىنى ⑨ قەدىرلەك ،
4 . قەيەرگە يۈرسەڭىز ، بارسىڭىز ، كىرسەڭىز ،
5 . ( قەيەردىن ) چىقسىڭىز دائىم بۇ تۆت
6 . سۆزنى ئاغزىڭىزدا تۇتۇڭ ( ئاغزىڭىزدىن چۈشۈرمەڭ ) :
7 . « باغ ، روشان ، زائۇر ، زىرۋىت . » ⑩ بۇ
8 . چاغدا رەقىپ ئورمازت ⑪ تەڭرى مانى
9 . بۇرخانغا ⑫ مۇنداق دەپ
10 . ئۆتۈندى : « بۇ تۆت سۆزنى
11 . ئېيتسا ، نېمە پايدا بولىدۇ ؟ » ئاندىن كېيىن
12 . تەڭرى مانى بۇرخان مۇنداق

دىدى : « شۇنداق ھاجەت ( تەلەپ ) كەلگەي ( قويۇلدۇ ). بۇ تۆت سـۆزدىن باشقا ( سۆز ) قـوشۇلماي، ( سىز ) نـاھايىتى ئىسىل پەزىلەتىڭىز، تۇلپار نـەسىللىك ئېتىڭىز، مۇستەھكەم ئەقىل - پاراسىتىڭىز، قـەيسەر قوشۇنىڭىز ( ۋە ) ئىسىل پەزىلەتلىك باتۇرلىرىڭىز ( بىلەن قانائەتلىنىپ قالماي )، بۇ تۆت سۆزنى ئاغزىڭىزدا ( ئـاغزىڭىزدىن ) تۇتسىڭىزلا ( چۈشۈرمىسىڭىزلا )، ئـاندىن زور ئازاپتىن —

( B )

( بۇ بەتنىڭ تېمىسى ئۆچۈپ كەتكەن )

مۆكىدىن قۇتۇلغايسىز. » شـۇ چاغدا رەقىپ ئـورمازت تىگىن ( شـاھزادە ) بـۇ تۆت سۆزنى ئاغزىدا تۇتتى ( تەكرارلىدى ) ( ئۇ ) قەيەرگە بارسا - كەلسە، كىرسە - چىقسا، ئولتۇرسا — قوپسا، بـۇ تۆت سۆزنى ئاغزىـدا تـۇتاتتى ( ئـاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى ): « باغ، روشان، زائۇر، ژىرۋت — تەڭرى، يورۇق، كۈچلۈك، دانا. » شـۇنداق قىلىپ بىر كۈنى رەقىپ ئورمازت تىگىن تـەڭرى ماتى بۇرخانغا مـۇنداق دەپ ئۆتۈندى : « تەڭرىم، كۆرگىلى ( قاراپ ئولتۇرغىدەك چىرايلىقسىز، بەدىنىڭىز خۇشپىچىم ⑬ ۋە چىرايلىق، ( تىلىڭىز ) شىرىن - سىز. ( مەن ) شۇنداق بىلمەيمەنكى، ( سىز ) كۈچكە كۈچلۈكسىز ( ناھايىتى كۈچلۈكسىز ). شـۇڭا مەن شۇنداق تەلەپ قىلىمەنكى، ( بىز ) كۈچىمىزنى بىر بىرىمىز بىلـەن سىنىشىپ باقايلى. ( زادى ) ئىككىمىزدىن قايسىمىز كۈچلۈك - رەك ئىكەنىمىز كىن. » تـەڭرى مـانى

## تىگىنىنىڭ گۈزەل نومى ( ٨ )

41 . بۆرخان رەقىپ ئورمۇزتقا مۇنداق
42 . دېدى : « سىز سەلتەنەتلىك خان-
43 . لارنىڭ نەسەپ - يىلتىزىدىنسىز .
44 . ھەممە خەلق ( سىزنى ) ئىنتايىن كۈچلۈك -
45 . قۇۋۋەتلىك ( دەپ ) ئويلايدۇ. سىزگە زور
46 . مەردانىلىق بېغىشلايدۇ. مەن
47 . بولسام، تەڭرى ئەلچىسىمەن .
48 . بىزگە بىر - بىرىمىز بىلەن ئۈچەكىشىش
49 . ھاجەت ئەمەس . نېمە ئۈچۈن دېگەندە ،
50 . مەن سىزنى يىقىتسام ، ( ھېچنىمىگە ) ئەرزىمەس
51 . قىلسام، كۆپلىگەن - نۇرغۇنلىغان خەلقلەر
52 . ئارا يامان ئاتلىق ( بولۇپ )، سەتلىشىپ
53 . قالىمىز . شۇنىڭ بىلەن، كېيىن ( كىشىلەر ): بىر ئەر
54 . ئەت ( گۆش ) يېمەس، شاراپ ئىچمەس رەقىپ
55 . ئورمازت تىگىنىنى يىقىتتى -
56 . مەغلۇپ قىلدى ، — ( دېيىشىدۇ ). ئەگەر سىز مېنى
57 . يىقىتسىڭىز ھەممە خەلق مۇنداق
58 . دەپ ئېيتقاي: مانى بۆرخان — تەڭرى
59 . ئەلچىسى مەغلۇپ بولدى، ( ھېچنىمىگە ) ئەرزىمەس بولدى،
60 . بىر كىشىگە يېڭىلدى. ئەرزىمەس —
61 . يېنىك بولدى ( قەدرى - قىممىتى تۆكۈلدى ). ئەگەر سىز ماقۇل
62 . كۆرسىڭىز، بىزگە بۇ ئۈچەكىشىش ( ۋە )
63 . كۈرەشىشنىڭ ھاجىتى يوق . » بۇ
64 . چاغدا، رەقىپ ئورمازتنىڭ، بۇ سۆزىدىن
65 . كېيىن كۆڭلى خۇش
66 . بولمىدى ( ۋە ) ھامان ئۆزىنى
67 . ماختاپ مەغرۇرلانغىلى تۇردى . ( شۇنىڭ بىلەن ) تەڭرى
68 . مانى بۆرخان مۇنداق دېدى :
69 . « كۆڭلىڭىز سۆيۈنمىگەن

70 . بولسا، ( بىز ) تونگا ( يولۋاس )، ياڭالار ( پىللار )

71 . ( ماكان ) قىلىغان يەم بار يەرگە ( بارايلى ).

72 . ( ئۇ يەرنىڭ ) تۆپىسىگىچە غەيرەت قىلىپ .

73 . شەرتسىز (11)

74 . شۇ يەرگە بارايلى . بىر - بىرىمىز

75 . بىلەن شۇ يەردە سىنىشايلى .»

76 . بۇ سۆزنى ئىشىتكەندىن كېيىن، رەقىپ ئورمازتىنىڭ

77 . كۆڭلى خوش بولدى.

78 . تەڭرى ئەلچىسى مانى بۇرخان

79 . رەقىپ ئورمازتىنىڭ قولىنى تۇتۇپ،

80 . ئىككىسى يولۋاس، پىللار ( ماكان ) ئەتكەن

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، 80 قۇر خەت ( ھەر بىر بەتنىڭ بېشىدىكى ماۋزۇنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا . جەمئى 84 قۇر خەت يېزىلغان. لېكىن ، 1 - ۋاراقنىڭ كەينى بېتىدىكى ماۋزۇ ئۆچۈپ كەتكەن. ) يېزىلغان بۇ ئىككى ۋاراقتا، گۈزەل تىل، راۋان جۈملىلەر ئارقىلىق قىزىقارلىق مانى دىنى راۋايىتى بايان قىلىنغان. لېكىن ۋەقەلىكنىڭ تۈگۈنى يېشىلمەيلا ئۈزۈلۈپ قېلىشى كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. شۇنداقلا بۇ راۋايەتنى ئوقۇغان كىشىنىڭ : ئۇنىڭدىكى ۋەقەلىكنىڭ باش ۋە ئاياق تەرىپىدىكى مەزمۇنلار يېزىلغان ۋاراقلارمۇ تېپىلغان بولسىچۇ دېگەن تۇيغۇنى پەيدا قىلىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى يەنە بىر قېتىم ئەسكەرتىپ ئۆتىمىزكى. مانى دىنىغا ئائىت ھۆججەت، ئۆزىگە قوشۇلۇپ چىققان يەنچاڭ 5 - يىلىغا ( مىلادى 565 - يىلىغا ) تەۋە خەنزۇچە ھۆججەتنىڭ دەۋرىگە ئاساسلانغىنىمىزدا. دەۋرى مىلادى 6 - ئەسىرگە تەۋە بولغان. قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزلۈك ۋە گىراماتىكا قاتارلىق جەھەتلەردە مۇكەممەل بولغان يازما يادىكارلىق ھېسابلىنىدۇ.

### 3 . ئەدەبىياتقا تەۋە يادىكارلىق

بۇ قېتىم تېپىلغان قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يادىكارلىقلار ئىچىدە بىر پارچە شېئىر بار ( نومۇرى 80·I·B ·I 522 ). بۇ شېئىر 4 مىسرالىق بىر كۇبلېت بولۇپ، ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە شائىرنىڭ بىر جۈملە سۆزى ساقلىنىپ قالغان. بۇ يادىكارلىقنىڭ چوڭلۇقى 37 ·5 x 5Sm ، خەت يېزىلغان دائىرىنىڭ چوڭلۇقى 25X3 sm كېلىدۇ ( 85 - بەتتىكى 4 - رەسىمگە قاراڭ ). ئەمدى ئۇ شېئىرنى ئوقۇپ كۆرەيلى :

ترانسكرىپسىيەسى

1. ئۆزۈڭ نەڭ ئۆگرەنمىش ياندىر-لار-تا.
2. ئۆگلەنە ئەدگۈ-كە مە بۇسۇغ سىلىكىل.
3. ئۆگسەمە نەگۈكىم ياگىلار-تا،
4. ئۆسلۈكنۈ ساڭا تەگسەلەيۈ ئول.
5. ئۈمۈغلۈغ كۆزۈم بىرلە. ئوقىدىپ ساڭا ئىدتىم.

يەشمىسى

1. ئۆزەڭ بىر نەرسە ئۆگەنگەن جەريانىدا ⑮
2. ھوشۇڭنى ياخشى تاپقىن ۋە ئالدىراقسانلىقنى تاشلىغىن.
3. ھەر قانداق ئەھۋالدا ئايىنمىغىن (ئۆزگىرىپ كەتمىگىن).
4. (شۇنداق قىلساڭ) ئۆسۈشنى ⑯ ساڭا بېغىشلايدۇ (ئالغا باسىسەن).
5. ئۈمىتلىك كۆزۈم بىلەن (بۇ شېئىرنى) ئوقۇپ ساڭا ئېۋەتتىم.

ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ بىر كوبلېت شېئىر قەدىمقى ئۇيغۇر باش قاپىيىلىك شېئىرلىرىنىڭ ئەڭ تىپىك مىسالىدۇر. ئۇنىڭ ھەر بىر مىسراسى «ئۆ» تاۋۇشى بىلەن باش قاپىيىگە سېلىنغان. ئۇندىن باشقا، 1-، 3-ۋە 2-، 4-مىسرالىرىنىڭ ئاخىرىمۇ ئۆز ئارا قاپىيىداش كەلگەن. بۇنىڭدىن شائىرنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇر شېئىر بېيتىدىن ئوبدانلا خەۋەردار ئىكەنلىكى ۋە قەلىمىنىڭ خېلى پىشقانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. شائىر بۇ شېئىرغا ئۆزىنىڭ چوڭقۇر ھېسسىياتىنى سىڭدۈرۈپ، ئۆزىنىڭ يىراقتا تۇرۇۋاتقان يېقىن كىشىسىگە ھوشىنى يىغىپ، ئالدىراقسانلىقنى تاشلاپ، ھەر قانداق ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە بوشاشماي ئۆگەنگەندە، ئالغا باسقىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا سەمىمى نەسىھەت قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن كۈتىدىغان ئۈمىدىنى ئىپادىلەيدۇ. ھېچقانداق دىنىي تۈس ئالمىغان بۇ شېئىرنى قەدىمقى ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى نەمۇنىلىرىدىن بىرى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ قىسقىغىنە بىر كوبلېت شېئىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدا ئۆزىگە مۇناسىپ تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە تارىخىي ماتېرىيال بولۇپلا قالماستىن، ھەممە ئادەم ئىلىم-پەنگە زور ئىشتىياق باغلاپ، ئىلىم-پەن يولىدا تىرىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە يەنىلا رېئال تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە.

4. ئىجتىمائىي ئىقتىسادقا دائىر ھۆججەتلەر

بۇ خىل ھۆججەتلەر يېزىلغان ۋاراقلار يىرتىلىپ پارچە — پارچە بولۇپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەتلىرى ناھايىتى تۇتۇق ۋە قەغىزىنىڭ يۈزى بۇزۇلۇپ كەتكەچكە،

ئوقۇماق ۋە مەزمۇنىنى تولۇق يېشىپ بەرمەك قىيىن. بىز ئۇلاردىكى ئوقۇغىلى بولىدىغان دەرىجىدە ساقلىنىپ قالغان سۆزلەرگە ئاساسەن، ئۇلارنىڭ قەرز ھۆججىتى ۋە ئالاقىلەر ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتۇق. بىز بۇ خىل ھۆججەتلەر ۋە ماقالىمىزنىڭ بېشىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن قەدىمقى ئۇيغۇرچە — خەنزۇچە سېلىشتۇرما سۆزلۈكنىڭ پارچىلىرى توغرىلىق مۇزېينىڭ قەدىمقى يېزىق تەتقىقات ئىشخانىسى تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلىنىۋاتقان «تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمقى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى»دا① تەپسىلىي توختالماقچىمىز.

خۇلاسىلىغاندا، بۇ قېتىم بىزەكلىكتىن تېپىلغان قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلار تۇرپان رايونىدا ياشىغان قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، دىنىي ئېتىقادى، ئەدەبىياتى، تىلى ۋە ئىقتىسادىنى تەتقىق قىلىشتىكى قىممەتلىك ماتېرىياللار بولۇپ، ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ ھەر قايسى تەتقىقات تارماقلىرىنى ئىشەنچلىك تارىخىي پاكىتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئىزاھلار:

① بۇ قېتىم قېزىۋېلىنغان ھەر خىل قەدىمقى يېزىقلاردىكى يادىكارلىقلار تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى قوغداش ۋە باشقۇرۇش ئورنىدا ساقلانماقتا.

② بۇ قېتىمقى رەتلەش خىزمىتىگە ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدىن يولداش دولقۇن قەمبىرى قاتناشتى ۋە قەدىمقى ئۇيغۇرچە يادىكارلىقلارنى رەتلەش خىزمىتىنى ئىشلىدى.

③ كىمقوقىي — خەنزۇچە بۇددا نومى 《金刚般若罗密多波经》 (سانسكرىتچە ئاتىلىشى ۋاجراسخېدىكا پراجىنا پارامىتا سۇترا) نىڭ قىسقارتىلما نامى 《金刚经》 نىڭ قەدىمقى خەنزۇچە تەلەپپۇزىغا ئاساسەن قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا ئۆزلەشتۈرۈپ ئاتىلىشى.

④ تىرانسكرىپسىيە مەتبەئە ئورۇنلىرىنىڭ قىيىنچىلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇيغۇر كونا يېزىقىدا بېرىلدى. تىرانسكرىپسىيەدە يانغا قويۇلغان نومۇرلار ئەسلى يادىكارلىقتىكى خەتلەرنىڭ قۇر سانىنى كۆرسىتىدۇ. خەتلەر ئارىلىرىدىكى ئىككى چېكىت (مانى دىنى يادىكارلىقىدا بۇ خىل ئىككى چېكىت دۈگىلەك قىزىل دائىرە ئىچىگە ئېلىنغان) ئەسلى يادىكارلىقتىكى تىنىش بەلگىسىنى كۆرسىتىدۇ. تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان ھەرپلەر شۇ سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇزىغا ئاساسەن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قوشقان تاۋۇشلارنى كۆرسىتىدۇ. (A)، (B) لار ئەسلى يادىكارلىقنىڭ ئالدى — كەينى بەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

⑤ كالپ (سانسكرىتچە «ناھايىتى ئۇزۇن دەۋر» دېگەن مەنىدە.

⑥ ئىمزۋانى — سوغدى تىلىدىن كىرگەن ئاتالغۇ بولۇپ، سانسكرىتچىدا klәsa دېيىلىدۇ. ئۇ بۇددىزىم ئاتالغۇسى بولۇپ «دىلخەستىلىك، ئازاپ» ياكى «قايمۇقۇش»

دېگەن مەنىدە. بۇددا دىنىدا ئېيتىلىشىچە، ئۇ جانلىقلارنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىپ ئازاپ كەلتۈرىدىغان مەنىۋى روھنىڭ ئومۇمىي نامى.

⑦ يەتتە ئەردىنى (گۆھەر) — بۇددا دىنى ئاتالغۇسى بولۇپ، خەنزۇچە «دىن لۇغىتى» نىڭ 13-بېتىدە 4 خىل چۈشەندۈرۈلگەن.

⑧ نوم — سوغدى تىلىدىن قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن ئاتالغۇ بولۇپ، «دىن، ئەقىدە، قانۇن، كىتاب» دېگەن مەنىدە. ئۇيغۇرلار بۇ ئاتالغۇنى بۇددا دىنى ئاتالغۇسى سۈپىتىدە كۆپ قوللانغان.

⑨ بەش تەڭرى — بۇ ئېھتىمال مانى دىنىنىڭ ئەڭ ئالىي ئىلاھى، مانى دىنىدىكى يورۇقلۇق دۆلىتىنىڭ خانى «زارۋان» نىڭ «ماھىيىتى» نى كۆرسىتىپ كېرەك. ياكى نۇرلۇق بەلگە، يورۇق كۆڭۈل، يورۇق نىيەت، يورۇق ئوي-پىكىر، يورۇق مۇددىئا قاتارلىق «ماھىيەت» كە ئىگە بولغان ئەڭ ئالىي ئىلاھ «زارۋان» نى كۆرسىتىپ كېرەك.

⑩ «باغ، روشان، زائۇر، زىرۇۋست» — ئەسلى تېكستتا ئاساسلانغاندا، بۇ 4 مانى دىنى ئاتالغۇسىنىڭ مەنىسى «تەڭرى، يورۇق، كۈچلۈك، دانا» ئىكەنلىكى مەلۇم بولسىمۇ، قولىمىزدا سوغدى تىلى لۇغىتى ياكى ئوتتۇرا قەدىمقى پارس تىلى لۇغىتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئاتالغۇلارنىڭ لۇغەت ئاساسىنى تاپالمىغان ئىدۇق. 1983-يىلى يازدا، بونن ئۇنىۋېرسىتېتى دىن تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ دىرېكتورى پروفېسسور، دوكتور كلىمكايت ئەپەندى مۇزېيىمىزغا كەلگەندە، بۇ ئەپەندىنىڭ مانى دىنىنى تەتقىق قىلىدىغانلىقىنى ئۇقۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بۇ ئاتالغۇلار ئۈستىدە سۆزلەشتۇق ۋە بۇ ئاتالغۇلارنى مەنىسى بىلەن يېزىپ بەردۇق. ئۇ دۆلىتىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن ۋاقىت چىقىرىپ، ئوتتۇرا قەدىمقى پارس تىلى لۇغىتى (Mp·) ۋە پارس تىلى لۇغىتى (nPt·) دىن بۇ ئاتالغۇلارنىڭ لۇغەت ئاساسىنى تېپىپ بىزگە ئەۋەتىپ بەردى، شۇڭا، كلىمكايت ئەپەندىگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز. تۆۋەندە بۇ ئاتالغۇلارنى تونۇشتۇرىمىز:

(1). باغ — قەدىمقى ئۇيغۇرچىدا «بغ» قىلىپ يېزىلغان. MP. ۋە Pth. لاردىكى يېزىلىشى يۇقۇرقىغا ئوخشاش (باغ دەپ ئوقۇلىدۇ)، مەنىسى — تەڭرى.

(2). روشان — قەدىمقى ئۇيغۇرچىدا «روشن» دەپ يېزىلغان. MP ۋە $pt_n$ لاردا «روشن» يېزىلغان (روشان ياكى روشەن دەپ ئوقۇلىدۇ). مەنىسى يورۇق دېگەن بولۇپ، بۇ سۆز تىلىمىزدا ھازىرغا قەدەر ئىشلىتىلمەكتە.

(3). زائۇر — ئەسلى تېكىستتا شۇنداق يېزىلغان. Mp دا zwr (زور دەپ ئوقۇلىدۇ) دېيىلىدۇ. qtn دا $zw_r$ (زاۋار دەپ ئوقۇلىدۇ) دېيىلىدۇ. كۈچ ياكى كۈچلۈك دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

قەدىمقى ئۇيغۇرچىدا «ز» ھەرپىدىن كېيىن، ئوتتۇرىدا كېلىدىغان «ئو» ھەرپى كېلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن «ئو» ھەرپىنىڭ ئۈستىدە بىر چېكىت («ئا» ھەرپىنى بىلدۈرىدۇ) بولغانلىقى ئۈچۈن، «زائۇر» دەپ ترانسكرىپسىيە قىلدۇق. قەدىمقى ئۇيغۇرچىدا «ز» ھەرپى مۇتلەق كۆپ ھاللاردا ئۆزىدىن كېيىن كەلگەن ھەرپلەرگە ئۇلاپ يېزىلمايدۇ. شۇڭا بۇ يادىكارلىقتىكى «زائۇر» ئاتالغۇسىدا «ز» دىن كېيىن باش «ئو» يېزىلغان دېيىشكە ۋە ئۇ ئاتالغۇنى «زور» دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىشقا بولىدۇ، لېكىن بۇ يادىكارلىقتىكى «ز» ھەرپى ئۆزىدىن كېيىنكى ھەرپلەرگە ئۇلاپ دېگەندەك يېزىلغان. «زور» دېگەن سۆز تىلىمىزدا ھازىرمۇ ئىشلىتىلمەكتە.

(4). زىرۇت (ژىرۇت) —. Mp دا zyryy (زىرى دەپ ئوقۇلىدۇ). ptn دا $iy_rtt$ (ژىرىت دەپ ئوقۇلىدۇ). مەنىسى: بىلگە (دانا).

بۇ 4 ئاتالغۇنىڭ ئالدىنقى ئۈچى «پارسچە — خەنزۇچە لۇغەت» تە ئۆزپېتى ئۇچرايدۇ. ئاخىرقىسى بولسا، زەرافەت شەكلىدە ئۇچرايدۇ.

⑪ رەقىپ ئورمازت — ئەسلى تېكىستتا ياغى ئورمىزت دەپ يېزىلغان. ئورمازت پارسچىدا AhhnrqMdzda گرېكچىدا ormasq دېيىلىدۇ. ئۇ زورو ئاستېر دىنىدىكى ئەڭ ئالىي ئىلاھ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئەسلى تېكىست ۋەقەلىكىدە تەڭرى مانى بىلەن رىقابەتلەشكەندىغانلىقى ئۈچۈن ياغى ئورمازت (رەقىپ ئورمازت) دەپ ئالدۇق. ئۇنىڭ ئىسمىنى yahiormdzt دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىپ، anuyama‹da دېگەن ئىسمىنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى دېيىشمۇ مۇمكىن.

⑫ تەڭرى مانى بۇرخان — مانى دىنىنىڭ ئىجادچىسى مانى (تەخمىنەن مىلادى 215 ياكى 216 — 276 - يىللار) نى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردىكى بۇرخان سۆزى «پەيغەمبەر» دېگەن مەنىدە. ئورخون بويلىرىدا ياشىغان ئۇيغۇرلار مىلادى 762 - يىلى مانى دىنىنى قوبۇل قىلغان بولسا، بۇ يادىكارلىققا ئاساسەن، تۇرپان رايونىدىكى ئۇيغۇرلار ئەڭ كېچىككەندە مىلادى 6 - ئەسىردىن باشلاپ مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغان دېيىشكە بولىدۇ.

⑬ خوشپېچىم — بۇ سۆز ئەسلى تېكىستتا «سۇراق» دەپ يېزىلغان. بۇ سۆزنى سىۋەر (سەۋەر — سۆيۈملۈك) دېگەن سۆپەتكە، سۆپەتنىڭ سېلىشتۇرما دەرىجە

قوشۇمچىسى «ـراق» نىڭ قوشۇلىشىدىن ھاسىل بولغان دېيىشكە ۋە ئۇنىڭغا «ناھايىتى سۆيۈملۈك» دەپ مەنا بېرىشكە بولىدۇ. بۇ سۆز بۇ ئورۇندا كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىلىدى.

⑭ شەرتسىز — بۇ سۆز ئەسلى تېكىستتا «قولۇقسىز» دەپ يېزىلغان. بۇ سۆزنىڭ يىلتىزى «قول» (تەلەپ قىلماق) دېگەن پېئىل بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىسىم ياسىغۇچى «ـۇق» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ «قولۇق» (تەلەپ) دېگەن ئىسىم ياسالغان. ئاندىن ئىنكار قوشۇمچىسى «ـسىز» قوشۇلۇپ، «قولۇقسىز» (تەلەپسىز، شەرتسىز) دېگەن سۆز ھاسىل بولغان.

⑮ جەريان — ئەسلى تېكىستتا «ياندىر» دەپ يېزىلغان ۋە ئىسىمنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىسى «ـلار» بىلەن تۈرلىنىپ كەلگەن. بۇ سۆزنىڭ يىلتىزى «يان» (قايتماق، يانماق) دېگەن پېئىلدىن ئىبارەت بولۇپ، ياندىر بۇ يەردە ئىسىم بولۇپ كەلگەن. ئۇنىڭ «ياندىرلار» دېگەن شەكلىگە «قايتىلىنىشلار، جەريانلار» دەپ مەنا بېرىشكە بولىدۇ.

⑯ ئۆسۈش — ئەسلى تېكىستتا «ئۆسلۈك» دەپ يېزىلغان. بۇ سۆز «ئۆس» (ئۆسمەك) پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى «ئۆسۈل» گە ئىسىم ياسىغۇچى «ـۈك» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان. ئاندىن ئۇنىڭ لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلىرىغا ماس كېلىدىغان چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى «ـنى» قوشۇلغان.



بېزەكلىك دەڭ ئۆيى («ھۆججەتلەر» تېپىلغان جاي)



① 80 • T • B • I • 524 - 1 (A)



② 80・T・B・I・524－1 （B）



③ 80・T・B・I・524－2 （A）



↑ 80·T·B·I·524-2 (B)



← ⑤ 80·T·B·I·596-1





↑⑥ 80·T·B·I·598

←⑦ 80·T·B·I·522

# ئىدىقۇت گاۋچاڭ ۋاڭلىغى تۆھپە مەڭگۈ تېشىنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇرچە تېكىستى ئۈستىدە سېلىشتۇرما ۋە تەتقىقات

ۋاھار بارات لىۋيىڭشىڭ

## كىرىش

ھازىرغىچە تېپىلغان قەدىمقى ئۇيغۇرچە يازمىلارنىڭ زور كۆپچىلىكى دىنىي ئەسەرلەر بولۇپ، تارىخىي پاكىتلار خاتىرىلەنگەن يادىكارلىقلار ناھايىتى ئاز. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە شۈبھىسىزكى قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان تارىخ بولغان. رەشىد ئەددىننىڭ «تارىخ» ىدىكى «ئوغۇزنامە» ① ۋە «قەبىلىلەر تەزكىرىسى. ئوغۇزنامە» ② بىلەن قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئوغۇز خاننىڭ رىۋايىتى» شۇنداق ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى زىچ مۇناسىۋەتنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. نۇرغۇن ئالىملار يەنە جۇۋەينىنىڭ «جاھان بويسۇندۇرغۇچىنىڭ تارىخى» دىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئائىت رىۋايەت بىلەن يۈجى يازغان «ئىدىقۇت گاۋچاڭ ۋاڭلىغى تۆھپە مەڭگۈ تېشى» نىڭ خەنزۇچە تېكىستىدىكى ۋە شۇنىڭدەك يۈەن دەۋرىدىكى باشقا خەنزۇچە مەنبەلەردىكى مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلەر ئوتتۇرىسىدا كىشىنى چۆچۈتكىدەك بىرلىك مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بايقىغان. دېمەك، بۇ ئۇلارغا مەنبە بولىدىغان يەنە بىر قەدىمقى ئۇيغۇرچە ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭ دەۋرى تېخى ئانچە ئۇزۇن ئەمەس. بۇنىڭدىن سىرت، يەنە بىر مۇنچە ئالىملار پارسچە «مۇئىززىننىڭ تارىخ تاللانمىلىرى» ③ نىڭ قەدىمقى ئۇيغۇرچىدىن ئېلىنغان بىر تەرجىمە ئەسەر ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالغان ④. ئەمما ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تارىخىنى بايان قىلغان يادىكارلىقىدىن يۈەن دەۋرىگە مەنسۇپ بولغىنى مۇشۇ ئىدىقۇت مەڭگۈ تېشىنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇرچە تېكىستىدىن ئىبارەت. مانا بۇ — ئۇنىڭ تارىخىي يادىكارلىق ئەھمىيىتىدىن قارىغاندا قىممەتلىك تەرىپى. بۇ بىر تارىخىي تەزكىرە بولۇپ، ئۇنىڭدا بارچۇق ئارت ئىدىقۇتتىن تارتىپ تاپپىنۇغىچە بولغان ئۇيغۇر ئىدىقۇتلىرىنىڭ شەجەرىسى خاتىرىلەنگەن. بۇ تاش كۆپ زەخىملىنىپ، ھازىر ئۈستۈنكى يېرىمى يوقالغان. بىراق ساقلىنىپ قالغان ئاستىنقى قىسمىدىن مەلۇم

بولغان نۇرغۇن تارىخىي پاكىتلاردىن قارىغاندا، قەبرىتىكى ئۈستۈنكى قىسمىدىن چوڭدەك تۇرىدۇ.

ئىدىقۇت مەڭگۈ تېشىنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇرچە تېكىستلىك ئۈستىدىكى تەتقىقاتىنىڭ باشلىنىشىغا تېخى ئانچە ئۇزۇن بولمىدى. ئەسەر گېڭ شىمىن ئەپەندىنىڭ 1980-يىلى ئېلان قىلغان «قەدىمقى ئۇيغۇرچە ئىدىقۇت كاۋچاڭ ۋاڭلىقىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى ئۈستىدە تەتقىقات» ⑤ دېگەن ماقالىسى بۇ ھەقتىكى تۇنجى ئەسەر بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇ ئەسەر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، 1981-يىلى خاملتون ئۇنى فرانسۇزچىغا تەرجىمە قىلدى. 1983-يىلى 9-ئايدا ئىچكىرىگە بېرىش پۇرسىتى بىلەن يولدا ئىدىقۇت مەڭگۈ تېشى ساقلانغان جاي — گەنسۇ ئۆلكىسى ۋۇۋېي ناھىيىسىنىڭ مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ئاسراش ئىدارىسىغا چۈشۈپ، 9-ئاينىڭ 24-كۈنىدىن 27-كۈنىگىچە تۇرۇپ، ئىدارىدىكى خادىملارنىڭ ياردىمىدە مەڭگۈ تاش بىلەن گېڭ شىمىن تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان تىرانسكرىپسىيىسى ئۈستىدە سېلىشتۇرۇش ئېلىپ باردىم⑥. مەڭگۈ تاشنىڭ بۇ پارچىسى قورالنىڭ ان تەرىپىدىكى ئابىدىلەر كۆرگەزمىخانىسىغا قويۇلغان. ئۇنىڭ كەڭلىكى 173 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 47 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 182 سانتىمېتىر. بىر يۈزىگە ئۇيغۇرچە، بىر يۈزىگە خەنزۇچە خەت ئويۇلغان. تاشقا خەنزۇچە تېكىستى يۈەن دەۋرىدىن تارتىپلا ئويۇلغان. «داۋيۈەن يادنامىلىرى»، «يۈەن دەۋرىدىكى ئەسەرلەر»، «ۋۇۋېي ناھىيىسىنىڭ تەزكىرىسى» قاتارلىق كىتابلاردا تولۇق تېكىستى بىلەن خاتىرىلەنگەن. خەنزۇچە يېزىقى ئەسلىگە كەلتۈرۈلسە، ھەر بىر قۇرىغا 92 دىن 36 قۇر خەت ئويۇلغان، مەڭگۈ تاشنىڭ ئەسلى خەت ئويۇلغان قىسمىنىڭ ئېگىزلىكى 396 سانتىمېتىر، ھازىر ساقلىنىپ قالغان قىسمى ئۇنىڭ 46%ىگە توغرا كېلىدۇ. كۆرگەزمىخانىدا يەنە مەڭگۈ تاشنىڭ كەڭلىكى 180 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 57 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 130 سانتىمېتىر كېلىدىغان قالپىقى بار. «ئىندۇگۇڭ مەڭگۈ تېشى» نىڭ موڭغۇلچە تېكىستىنىڭ ئادىتىگە ئاساسلانغاندا، ئىدىقۇت مەڭگۈ تېشىنىڭ ئۇيغۇرچە قىسمىنىڭمۇ ماۋزۇسى بولغان بولسا كېرەك.

«گەنسۇنىڭ يېڭى ئومۇمىي تەزكىرىسى»دە خاتىرىلىنىشىچە: «بۇ تاش يېڭى تېپىلغاندا ساق بولۇپ كېيىن يەرلىكلەر بىلەي تاش قىلىمىز دەپ پارچىلىۋەتكەنلىكتىن، ئۇنىڭ بىر نەچچە يۈزىدىلا خېتى ساقلىنىپ قالغان» دېيىلگەن. 1934-يىلى ۋۇۋېيلىق جيا تەن، تاڭ فاكېلار تاشنىڭ سول بېقىنىغا ئويۇپ چىققان خاتىرىسىدە: بۇ تاش «چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى يەرلىك زومىگەرلەر تەرىپىدىن كۆمۈۋېتىلگەن، كېيىن يېرىمىنى سۇندۇرۇپ ئېلىپ

ياغۇنچاق قىلىنغان، گوي يۇ ( 1933 ) يىلى كۈزدە گاۋچاڭ يېزىسىنىڭ ئابدە ساي (高昌乡石碑沟) دىگەن يېرىدىن ئۇنىڭ ئورنىنى تېپىپ، كولاپ چىقىپ، تەلىم-تەربىيە سارىيى (ھازىرقى مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ئاسراش ئىدارىسى) غا يۆتكەپ كەلگەن.»⑦ دېيىلگەن. ساقلىنىپ قالغان تاشنىڭ يۈزلىرى قاتتىق زېدىلەنگەن، بەلكىم ياغۇنچاق قىلماقچى بولغانلار ئۈستۈنكى قىسمىنى ئاستىنقى قىسمىدىن بېجىرىم كۆرۈپ ئاستىنقى قىسمىنى ئىشلەتمىگەچكە، بۇ قىسمىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولغان بولۇشى مۇمكىن. گاۋچاڭ يېزىسىنىڭ ئابدە ساي دىگەن يېرى ناھىيىنىڭ شىمالىدا 30 چاقىرىم كېلىدىغان يەردە ئىكەن. ئىدىقۇت مەڭگۈ تېشى چىققان گاۋچاڭ يېزىسى يۈەن دەۋرىدىكى گاۋچاڭ ۋاڭ قەۋرىسى قوپۇرۇلغان جاي بولۇپ، بۇ قەۋرە تېخىچە تېپىلمىدى. 9-ئاينىڭ 25-كۈنى ئەتىگەندە، ناھىيىلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ئاسراش ئىدارىسىدىكى يولداش بىلەن بىرگە گاۋچاڭ يېزىسىنىڭ ئابدە ساي دىگەن يېرىگە بېرىپ، ئۇ يەردىكى موڭغۇلچە، خەنزۇچە ئىككى خىل يېزىقتىكى «ئىندۇگۇڭ مەڭگۈ تېشى» نى زىيارەت قىلدۇق. تاش ئابىدىلەرنىڭ كۆپلۈكى بىلەن« ئابدە ساي» دەپ ئاتالغان بۇ جاينى ھېلىمۇ ئابدە داۋۇي دەپ ئاتايدىكەن. 1964-يىلى بۇ يەردىن يەنە پەنچى ئابدىسىنىڭ پارچىسى چىققان. قايتقىچە ناھىيىنىڭ يېنىدىكى لىيتەي بۇتخانىسىغا كىردۇق، خەن دەۋرىگە ئائىت داڭلىق مىس تۇلپارمۇ شۇ يەردىن چىققان ئىكەن. ھويلىغا كىرىپ بىر دەرەخنىڭ تۈۋىدىن كەڭ-تارلىقى 80 — 100 سانتىمېتىرچە كېلىدىغان بىر تاشقا كۆزۈم چۈشتى. خوشنىلاردىن سۇپۇرگە، چوتكا ئەكەلدۈرۈپ تازىلاپ كۆرۈۋىدىم، ئۇنىڭ بىر بۇرجىكىدىن ئەرەپچە ھەرپلەر ۋە يەنە بىر بۇرجىكىدىن خەنزۇچە كالىنداردا ئوخشاش خەتلەر چىقتى. ۋۇۋېيدەك يەردىن بۇنداق ئىككى خىل يېزىقتىكى مەڭگۈ تاشنىڭ چىققانلىقىغا ناھايىتى خۇشال بولدۇم. ناھىيىلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ئاسراش ئىدارىسى ئەتىسىلا تاشنى ئىدارىغا ئەكېلىۋالدى ۋە تاشتىكى خەتنىڭ كوپىيىسىنى بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

كۆرگەزمىخانىدىكى ئىدىقۇت مەڭگۈ تېشىغا قاراسىيا بېسىلغان. ئۇزۇۋاقتىدا مەڭگۈ تاشنى زىيارەت قىلغۇچىلارغا قولاي بولسۇن دەپ، تاشقا ئاۋال بىر قۇر ھاك بېرىپ ئاندىن ئۈستىگە قاراسىيا باسقان. نەتىجىدە خەت ئويۇلغان يەرلەر ئاق بولۇپ، ئوقۇش ئوڭايلاشقان. بىراق تاشنىڭ ئۇيغۇرچە، يۈزى ئەسلىدىلا تولىراق زېدىلەنگەن بولغاچقا، خەت ئويۇلغان خەتلەرنىڭ ھەممىسى ھاكلاش نەتىجىسىدە تۈزلىنىپ كېتىپتۇ. ئەلۋەتتە، بۇنىڭ ئۈستىدىن بېسىلغان كوپىيىنىڭ قانداق چىقىشى كۆرۈنۈپ تۇرغان گەپ. مەن دېرىزىنىڭ بىر كىچىك مىقنى يۇلۇۋېلىپ، تاشتىكى ھاكلارنى ئاستا قىرىپ خەت ئىزدەشكە كىرىشتىم. نەتىجىدە ئىلگىرى ئېنىق قىلىنغان ترانسكرىپسىيىگە

160 نەچچە سۆز قوشۇلدى ۋە شۇنىڭ بىلەن بەزى يېڭى مەزمۇنلار تولۇقلاندى. شۇنداقلا گېڭ شىمىن مۇئەللىمنىڭ ترانسكرىپسىيىسىدىكى مۇجمەل ياكى گۇمانلىق دەپ سوئال بەلگىسى قويۇلغان 13 ئىسكوپكا ۋە 7 سۆزنىڭ توغرا ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى.

تاشنى ئۆز ۋاقتىدا ناھىيىگە يۆتكەپ كېلىدىغاندا ھارۋىغا بېسىش ئۈچۈن، بويىغا ئىككى پارچە قىلىپ يېرىپ ئەكەلگەندىن كېيىن جۈپلەپ، 4 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئويۇلغان ھۆل تاشنىڭ ئۈستىگە دەسسەتكەن. جۈپلىگەن ۋە دەسسەتكەن يەرلەرنى گەج بىلەن يەملىگەن. شۇڭلاشقا، بۇ گەجلەرمۇ بىر مۇنچە سۆز ھەتتا قۇرلارنى يېپىپ تاشلاپتۇ. يېڭى ترانسكرىپسىيىمىزدىكى 27 - 28 - قۇرلار يېڭىدىن تېپىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئەسلىدىكى ترانسكرىپسىيىنىڭ I ئىستون 27 - 28 - قۇرلىرى بىر نومۇردىن ئالدىغا سۈرۈلدى. 29 - قۇرى يوق بولۇپ چىقتى؛ ئەسلىدىكى II ئىستون 27 — 36 - قۇرلار بىر نومۇردىن ئالدىغا سۈرۈلدى، 37 - قۇرى يوق بولۇپ چىقتى؛ ئەسلىدىكى III ئىستون 30 - قۇر يوق بولۇپ، 31 — 36 - قۇرلار بىر نومۇردىن ئالغا سۈرۈلدى. ئەسلىدىكى V ئىستون 32 — 51 - قۇرلار بىر نومۇردىن كەينىگە سۈرۈلدى.

ئىدىقۇت مەڭگۈ تېشىنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇرچە تېكىستى بىلەن خەنزۇچە تېكىستى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، قارىغاندا، بىرسى ئەسلى تېكىست، يەنە بىرسى قوشۇمچە ياكى تەرجىمىسى ئەمەستەك تۇرىدۇ، ئىككى تېكىست بىر خىل مەزمۇن ئاساسىدا ئۆز ئالدىغا يېزىلغان بولسا كېرەك، شۇڭا ئۇسلۇبىمۇ ئوخشىمايدۇ. ئۇيغۇرچە تېكىستنىڭ ساقلىنىپ قالغان قىسمى 61 كۇپلېت شېئىردىن ئىبارەت. بۇ شېئىرلار ئاساسەن تۆتلىك بويىچە تىزىلىپ، قەدىمقى ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئۇسلۇبى بويىچە، ئاساسەن باش قاپىيىدە يېزىلغان، بەزى كۇپلېتلاردا باش قاپىيىدىن سىرت، يەنە ئاياق قاپىيە ماھارىتىمۇ كۆرسىتىلگەن. مىسرالار چېكىت بىلەن، كۇپلېتلار غوجەك 4 چېكىت بىلەن پەرقلەندۈرۈلگەن. خەنزۇچە تېكىستى باشتىن - ئاياق تىك يېزىلغان، ئۇيغۇرچىسىنى ئاۋال توغرىسىغا 10 ئىستونغا ئايرىپ، ھەر بىر ئىستون ئىچىدە ئۆز ئىملا قائىدىسى بويىچە سولدىن ئوڭغا قاراپ تىك يېزىپ ماڭغان. بىزنىڭ ئاتالمىش I ئىستون دېگىنىمىز، ئەسلىدىكى V ئىستونغا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭدىكى ئىملا، روشەنكى، قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ يۈەن دەۋرىدىكى ئۇسلۇبىغا مەنسۇپ. بىراق بەزى« غ » بولۇشقا تېگىشلىك ھەرپلەرگە ئىككى چېكىت ئۇرۇلۇپ، بەزى « ق » بولۇشقا تېگىشلىك ھەرپلەرگە چېكىت ئۇرۇلمىغان. بۇ يەردىكى جۈپ چېكىتلەرنىڭ رولى « غ » بىلەن « ق » نى پەرقلەندۈرۈش ئەمەس، « غ ، ق » بىلەن ئۇلىنىپ كەلگەن سۆز ئوتتۇرىسىدا كەلگۈچى « ئا »، « ئە »، « ن » قاتارلىق ھەرپلەرنىڭ چىشلىرىنى پەرقلەندۈرۈش بولسا كېرەك. ياكىدا

ئۆرۈلۈپ، كايىندا ئۆرۈلمىغان «ن» ھەرپىنىڭ بىر چېكىتىمۇ مۇشۇ رولنى ئوينىسا كېرەك. «س» بىلەن «ش» نى پەرقلەندۈرگۈچى جۈپ چېكىتىمۇ رىتىمسىز، ئەمما كۆپلۈك دەرىجىدە كەلگەن «ش» غا ئىزچىل چېكىت چېكىلگەن.

ئىدىقۇت مەڭگۈ تېشىنى بىر تارىخىي داستان دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. يازغۇچىسى كى كى قۇرسا ئىچقۇ. بۇنىڭدىكى «كى كى» بەلكىم توخار تىلىدىن كەلگەن بىر خىل دىنىي لەقەم. «قۇرسا»دېگەننى ئۆزىنىڭ ئېتى، «ئىچقۇ» بولسا ئىدىقۇت ئوردىسىدىكى مەلۇم ئىچكى ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك مەنسەپ بولسا كېرەك. بېرلىن تۇرپان تېكىستلىرىدىن T II M 252 (3-قېتىملىق پرۇسسىيە تۇرپان ئارخېئولوگىيە ئەترىتى، مۇرتۇق، 252-) نومۇرلۇق شېئىر پارچىسىنىڭ ئاپتورىمۇ «كى كى» دېيىلگەن. بىراق ئەسەرنىڭ تىل ۋە يېزىق ئالاھىدىلىكلىرىدىن قارىغاندا، ئىدىقۇت مەڭگۈ تېشىنىڭ يازغۇچىسى كى كى بىلەن بۇ ككى كى بىر ئادەم ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىمۇ ئوخشىمىغان دەۋرگە مەنسۇپ. تۆۋەندىكى T II M 252 نىڭ 20 مىسرا شېئىرىدا چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسىنىڭ قەدىمقى شەكلى بولغان ئىغ - ئىگ 6 يەردە كۆرۈلگەن ⑧ :

ئا

(1 ..................

1 ئا .... بۇرقانى (غ) (..)

2 ئاغدۇرغۇ ...... گىلارىن.

(2 3 ئا... باسا بىر تۇشتا ..

4 ئاچاكارخ ئاتلىغ بالىقتا ..

5 ئا (چاتا) شاتۇرۇ ئىلىگىنىڭ ..

9 ئاناسى ۋايىتىخى قاتۇنتا .

(3 7 (ئا) بىتا تەگرى بۇرقانىغ ..

8 ئارتۇقراق مەڭىلىگ ئۇلۇشۇغ ..

6 (ئا) دىرتلىغ كۆركىتۇ يارلىقاپ ..

10 ئاچا ئادىرا نوملامىش .

ب

..................

(4 11 تاي پاي لىن ش تىپ ئاتلىغ ..

12 تايشىڭ نومنۇڭ ئىچىنتە ..

تالۇلاپ يىغىپ مەن كىكى ..
تاقشۇتقا ئىنتۈرۈ تەگىندىم .
5) ئابىتا تەگرى بۇرقانىغ ...
ئايايۇ ساقىناق ئۆمەكىگ ..
ئامرىلىپ ئولۇرغۇ ديانىغ ..
ئايۇ سۆزلەيۇ بىرەلىم.
6) كىملەر بۇ ديان ياگىنتا ..
كىرىپ بىشرۇنغالى كۈسەسەر ..

..........................

ئىدىقۇت مەڭگۈ تېشىنىڭ 257 مىسراسىدىن بۇ خىل قوشۇمچە پەقەت ئىككىلا يەردە كۆرۈلدى ( 53 - ، 116-) . بۇ شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى «دىن» ئاساسەن «نى» بىلەن ئىپادىلەشكە قاراپ ئۆزگەرگەن. شىناسى تېكىن 1980 - يىلى ئېلان قىلغان « يېڭەن دەۋرىدىكى ئۇيغۇر بۇددا يازمىلىرى» دىگەن توپلىمىغىمۇ 252 TⅢM نى كىرگۈزمىگەن.

گاۋچاڭ ئۇيغۇرلىرى باسمىللاردىن ئىدىقۇت ئۇنۋانىنى قوبۇل قىلغان. دەسلەپكى گاۋچاڭ ئۇيغۇر ئەمىرلىرى يەنىلا خان ياكى قاغان ئاتىغىنى ساقلاپ قالغان. مەسىلەن، مۇللېر ئېلان قىلغان تۇرپاندىن تېپىلغان ئىككى ياغاچ تۈۋرۈكتىكى خەتتە مۇنداق يېزىلغان ⑩: T · Ⅱ

1 . قۇتلۇغ كى ئوت قۇتلۇغ قوين يىل. ئىكىنتى ئاي. ئۈچ ياڭىقا. كۈن ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئۇلۇغ

2 . قۇت ئورناتمىش. ئالپىن ئەردەمىن ئىل تۇتمىش ئالپ ئارسلان قۇتلۇغ كۆل بىلگە تەڭرى خانىمىز ....

... خان ئولۇرمىش. ئۆكتۈن ساچىنۇ

3 . كىدىن نۈچ بارسخانقا تەگى ئىلىنۇ ئەركىنۇ

يارلىقا يۇر ئوغۇردا ... خان ... تەڭرىكەن ...... ئىل ئۆگەسى ئالىپ تۇتۇغ

4 ئۆگە. قۇتلۇغ قوچو ئۇلۇسۇغ باشلايۇر ئەركەن ..

( قۇتلۇق كى ئوت. قۇتلۇق قوي يىلى ئىككىنچى ئاينىڭ 3 - كۈنى. كۈن ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئۇلۇغ قۇت ئورناتمىش ئالپىن ئەردەمىن ئىل تۇتمىش ئالپ ئارسلان قۇتلۇغ كۆل بىلگە تەڭرى خانىمىز ... .. ... . خان بولغان. شەرقتە

ساجۇ ( گەنسۇ ) دىن پەرپەتە ئۈچ بارىسخانغىچە ( ئىسسىق كۆلنىڭ شەرقىي جەنۇبى) ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرۇۋاتقاندا ... خان ... تەگرىكەن ...... ئىل ئۆگەسى ئالىپ تۇتۇغ ئۆگە قۇتلۇق گاۋچاڭ دۆلىتىنى باشقۇرار ئىدى ... )

خەنزۇچە مەنبەلەردە گاۋچاڭ ئۇيغۇر ئەمىرلىرىنى خان ياكى قاغان ئاتىغان يەرلەر سانسىز. ئۇ دەۋردە ئۇلار پارلاق ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ياراتقان. غەربىي لياۋ (كىدان) سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن گاۋچاڭ ئۇيغۇر خانلىقى بىر بېقىندى ھاكىمىيەتكە ئايلىنىپ قالدى. شۇ چاغدىكى يۆشەن تەمۇر ئىدىقۇت ئاتالغان ئىدى. چىڭگىزخان قۇرغان موڭغۇل دۆلىتى كۈچەيگەندىن كېيىن ئىدىقۇت يەنە موڭغۇللار ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، موڭغۇل دۆلىتىدىكى بىر يەرلىك ھاكىمىيەتكە ئايلىنىپ قالغان. قۇبلاي تەختكە چىققاندىن كېيىن، موڭغۇل دۆلىتى پارچىلىنىشقا باشلاپ، شەرقتە يۈەن سۇلالىسى، ئوتتۇرا ئاسىيادا بولسا چاغاتاي خانلىقى ۋە ئۇگداي خانلىقى شەكىللەندى. ئۇيغۇر يېرى يۈەن سۇلالىسى بىلەن غەربىي شىمالدىكى موڭغۇل ۋاڭلىرىنىڭ ئارىسىدا قالدى. ئۇزۇن جەڭلەر نەتىجىسىدە، ئىدىقۇت ئائىلىسى تۇرپاندا تۇرالماي، گەنسۇ يۇڭچاڭ ئىدىقۇت مەڭگۇ تېشى چىققان يەرگە كۆچۈپ بېرىپ، يۈەن سۇلالىسى ھىمايىسىدىكى بىر قورچاق ھاكىمىيەتكە ئايلىنىپ قالغان. بۇ چاغدا قوچو ( تۇرپان ) ، بەشبالىق ( جىمسار )لار چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا قالغان بولۇپ، ئۇلار بۇ يەرگە يەنە باشقا ئىدىقۇت تىكلەپ قويغان. ئىدىقۇت مەڭگۇ تېشىنىڭ ساقلىنىپ قالغان قىسمى ئىدىقۇتنىڭ تۇرپاندىن ئىچكىرىگە كۆچۈپ بارغان ۋە ئۇ يەردە ئۆتكۈزگەن تارىخىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئىدىقۇت ئائىلىسى بىلەن بىرگە ئىچكىرىگە كۆچۈپ بارغان نۇرغۇن ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرى يۈەن سۇلالىسى بەرگەن تۈرلۈك دەرىجىلەرگە ئېرىشىپ، ئەمەلدار بولۇپ ئۆتكەن. شىنىڭ ۋاڭ ئىندۇگۇڭ ئائىلىسى مانا شۇلارنىڭ بىرى.

خېشى كارىدورى ۋە ئىچكىرىگە كەلگەن بۇ ئۇيغۇرلار ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە داۋاملىق ئۆز مەدەنىيىتىنى ساقلاپ، ئۆز تارىخىنى يادلاپ كەلگەن. ئىدىقۇت مەڭگۇ تېشى مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا مەيدانغا كەلگەن. خەنزۇ يېرىگە كەلگەن ئۇيغۇرلار چاغاتاي خانلىقىنىڭ مۇستەقىللىق خاھىشىنىڭ راۋاجىدا، ئۆز يۇرتى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى يوقىتىپ، خەنزۇلار يېرىدە يىلتىز تارتىشقا باشلىغان. يۈەن سۇلالىسى تارمار بولغاندىن كېيىن، ئىچكىرىدىكى ۋە خېشى كارىدورىدىكى ئۇيغۇرلار بارا - بارا خەنزۇلار بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن. تۇرپان، جىمسار ئەتراپىدا قېپقالغان ئۇيغۇرلار ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالغان.

بۇ سېلىشتۇرما ئارقىلىق، كىتابخانلارنى ئىدىقۇت مەڭگۈ تېشىنىڭ ئۇيغۇرچە تېكىستىنىڭ تېخىمۇ تولۇق ۋە ماتېرىيال بولالايدىغان تىرانسكرىپسىيىسى ۋە تەرجىمىسى بىلەن تەمىنلەشنى مەقسەت قىلدىم. ھازىرچە ھەل قىلالمىغان بەزى سۆزلەرنى ئۆز ۋاقتىدىكى خاتىرە بويىچىلا تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم. ئۇنىڭدىن باشقا، يۇقىرىدا ئېيتىلغان دىياكرىتىك چېكىتلەر مەسىلىسىمۇ مەخسۇس ئىزدىنىشكە مۇھتاج. سېلىشتۇرمىنى ئىشلەش جەريانىدا نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى يولداش ليۇ يىڭشېڭنى مەڭگۈ تاشتىكى يۈەن تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك يەرلەرگە مەسئۇل بولۇپ تېگىشلىك ئىزاھات بېرىش ئۈچۈن ھەمكارلىققا تەكلىپ قىلدىم.

تېكىستتىكى چېكىتلەر تەخمىنەن ئۆچكەن خەتنىڭ سانىغا باراۋەر.

① كارل. يان: «رەشىدىدىننىڭ كىتاۋىدىكى ئوغۇز تارىخى»، 1969، ۋېنا (نېمىسچە).

② «رەشىد ئەددىن»، يىلنامە تەرتىۋىدە، I-توم، 1-كىتاب (رۇسچە).

③ ج. ئاۋدىن: «مۇئىنىددىن ناتانزى. مۇنتاخاب تارىخى مۇئىنىي»، 1957.

④ ئاپتور نۇرغۇن تۈركچە سۆزلەرنى نەقىل ئېلىپ، بۇنىڭ ئۇيغۇرچە يىلنامىدىن ئېلىنغانلىقىنى قىياس قىلىدۇ: «قىرغىزلار ۋە قىرغىز تارىخى ماتېرىياللىرى» I-توم، 112-113-بەتلەر، (رۇسچە) موسكۋا، 1973-يىل.

⑤ «ئارخېئولوگىيە ژورنىلى»، 1980-يىل 3-سان (خەنزۇچە).

⑥ «يۈەن تارىخى ۋە شىمالدىكى مىللەتلەر تارىخى تەتقىقات مەجمۇئەسى»، 1984-يىل 8-سان

⑦ داڭ شۈسەن: «ئىدىقۇت گاۋچاڭ ۋاڭلىقىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى ئۈستىدە نوتىلار»، «ئارخېئولوگىيە، يادىكارلىقلار ژورنىلى»، 1983-يىل I-سان (خەنزۇچە).

⑧ رىشىت رەخمەتى ئارات: «قەدىمقى تۈرك شېئىرلىرى»، ئەنقەرە، 1966-يىل 186-بەت (تۈركچە).

⑨ شىناسى تېكىن: «يۈەن دەۋرىدىكى ئۇيغۇر بۇددا يازمىلىرى»، 1980-يىل، ۋىسبادىن (نېمىسچە).

⑩ ك. مۈللېر: «تۇرپاندىن تېپىلغان ئىككى تۈۋرۈك»، 1915-يىل، 24-بەت (نېمىسچە).

«قۇتلۇغ كى-ئوت قۇتلۇغ قويىن يىل» نىڭ تەرجىمىسى ھەر خىل. مۈللېر «كى» نى خەنزۇچە 气 دەپ قارايدۇ. خەن رۇلىن ئەپەندى بۇنى 期 بولۇشى كېرەك دەيدۇ («يۈەن تارىخى ۋە شىمالدىكى مىللەتلەر تارىخى تەتقىقات مەجمۇئەسى»، 6-سان، 1982-يىل). گابائىن خانىم بۇنى بىلەن 己 قوي يىلى دەپ قارايدۇ (فون گابائىن

«850 — 1250 - يىللاردىكى قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھاياتى» ، 1973 - يىل ۋىسبادىن، 20 - بەت ( نېمىسچە ).

## تېكستى

1

1 ) 1 ... ... ... مىن ئوزاقى - تەگ ئەتىپ .

2 ) 2 ... ... ... ... لارنىڭا ئۆرۈنچاق قودۇپ.

3 ) 3 ... ... ...يا يارلىقادى ئەرسەر *

4 ) 4 ... ... ... ئوغلى مامۇراق تىگىن - تە.

2

5 ) 5 ... ... قوچغار تىگىن تۆرۈيۈ يارلىقاپ.

6 ) 6 ... ... ... ا كەستەمى.

7 ) 7 ... ... ... سويۇرقادىپ.

8 ) 8 ... ... ... تا ئىدۇق - قۇت ئاتانىپ *

3

9 ) 9 ... ... ... ىلىك ئۇلاغىن ئۆزمەدىن.

10 ) 10 ... ... ... ئوغراغىن بۇزمادىن.

11 ) 11 ... ... ... ياغىن يازمادىن

12 ) 12 ... ... ... ھۇرلۇغ باشلايۇر ىنىدا *

4

13 ) 13 ... ... ... تۇبا بۇسپا باشلىغلىغ.

14 ) 14 ... ... ... ئوغلان تىگىتلەر.

15 ) 15 ... ... ... ىر سۆسىڭە ئوقشادى.

16 ) 16 ... ... ... ... قوچۇغا كەلىپ *

5

17 ) 17 ... ... ... ... ئوقچى تۇرغاقلارىن.

18 ) 18 ... ... ... قاۋشايۇ ... ...

19 ) 19 ... ... ... ... ئەرەنلەرىن .

20 ) 20 ... ... ... مىچتۇرۇ قاۋشايۇ *

6

21 ) 21 ... ... ... ( قوچو ) تەگدۈرمەك.

22 ) 22 ... ... ... مىبارا ئىستىتۇرمەك .

23 ) 23 ... ... ... سۇق ئۆگىى تۇرلۇگ.

24 ) 24 ... ... ... تۇكەل قىلىپ *

7

25 ) 25 ... ... ... ىقا تۇسۇپ .

26 ) 26 ... ... ... بىرىپ .

27 ) 27 ... ... ... ـ تەگ بىتىمدىپ.

28 ) 28 . ... ... ساۋلار ئىدتى *

8

29 ) 29 ... ... ... ۇن ئىمدۇق ـ قۇت .

30 ) 30 ... ... دمادىن تەگىشىپ.

31 ) 31 ... ... ... ـ ى ئوغلۇم تىدۇرۇپ.

32 ) 32 ... ... ... ىزنى بىردۇرمىش *

9

33 ) 33 ... ... ... ئەدگۇ ئەرەنلەرنىڭ .

34 ) 34 ... ... ... ىن ساقىنسار.

35 ) 35 ... ... ... ىن مەن قىزىڭ

36 ) 36 ... ... ... بولغۇ تۇرۇ ـ مەن*

10

37 ) 37 ... ... ... كۆركىلۇگ مەڭىزلىگ.

38 ) 38 ... ... ... كلۇگ بىلمگلىگ.

39 ) 39 ... ... ... يانتىلىغ تۆرۈلۈگ

40 ) 40 ... ... ... قىزىڭىز بار ئەرمىش

11

41 ) 41 ... ... ... ئۆركىن ئۆزمەدىن.

42 ) 42 ... ... ... نى ئۆگى قىلمادىن.

43 ) 43 ... ... ... ىى ئۆزۈمگە بىرسەرسىز .

44 ) 44...... . ئۇرى تۇتۇشغاي ئەرتىمىز*

12

45) 45 ... ... ... دا بىرلە تەگىشىپ .

46) 46 ... ... ... ئاغا - ئىنى تۇتۇشۇپ .

47) 47 ... ... ... تويلىشىپ ئىچىشىپ .

48) 48 ... ... ... ئابامۇلۇغ ئامراشىپ*

13

49) 49 ... ... ... قايتىپ بارايىن.

50) 50 ... ... ... قارا قوۋاق قاچ.

51) 51 ... ... ... قاتۇنى قىز تەگرىم بىرلە*

52) 1 قايغۇسۇزىن يىرقاسۇن قارا قوچوتا تىپ*

14

53) 2 تۆ - نۆرلۈگ مۇنى - تەگ ئەدگۈ ساۋلارىغ.

54) 3 تۆكەل كەسىكچە ئەكسۈكسۈز تۆكەل بىتىدىپ.

55) 4 تۆرۈپ بىتىگنى ئوقغا باغلاتىپ .

56) 5 تۆركەنلەرنى كەلۈرۈپ بالىغقا ئاتىدۇردى*

15

57) 6 ئالقۇ ئىل بودۇن ئاچىپ كۆرۈپ ئارتۇرۇ سەۋىنىشىپ.

58) 7 ئالىپ ئول بىتىگنى ئاچتۇرۇ ئۈنىشىپ.

59) 8 ئاتلىغ تۈزلۈگ بەگ بەگىت بارچا يىغىلىشىپ.

60) 9 ئايىغلىغ تەگرىكەنگە ئىنچە تىپ ئۆتۈگ بىردىلەر*

16

61) 10 ئالتى ئايسولانىپ ئازۇغسۇزىن سانچىشىپ.

62) 11 ئاشىمىز ئازۇغۇمۇز ئارىغ ئالقىنمىشىندا.

63) 12 ئاق ياغىمىز ئوزىن ئوك ئارتۇق ... لىنىپ.

64) 13 ئادا يىگىمىز ئوگ... ... غ تەگى ئول تولدۇرۇ كەتمىش*

17

65) 14 ئاداسىن ئابىغۇ ئۈچۈن ئال ... قلىغ ئىلىنىلك.

66) 15 ئالىپ مۇڭ تاقى ئۆتۈگۈمۈزنى سىغۇرۇ يارلىقاسۇن.

67) 16 ئاسىغىن بۇتۇرگۇ ئۈچۈن ئالقىنمىش ئۇلۇسىنلك.

68) 17 ئەدگۈسىن بىرگۈ قىد ... ( تۆكەلىگ ) يارلىغاسۇن تىپ*

18

69 ) 18 بۇ ئۆتۈك بىردىلەر تەكرىدكەنىمىز.

70 ) 19 بوغۇزىندا ت ... ... ... ...

71 ) 20 بولمازۇن ... ... ......

72 ) 21 بوشمىش بولغايمەن ئوتغۇراق ئول ئىلىم ...*

19

73 ) 22 كەڭەقۇ بودىستۇي ئىدۇق تەكرىدكەنىمىز ئەمگە -

74 ) 23 ك مۇڭ بولمىش ئىلىنىڭ ... ...

75 ) 24 كەنچىندىبەرۇ ئوغلاغۇ بۇدىستۇي - تەگ ئىل يىغمىش بەگىنى

76 ) 25 ك ... گەكۇ - تەگ ئىشىغ بىرلە بالىق قودى تۇشۇردى*

20

77 ) 26 قانىپ كۆسۈسى تۇۋا بۇسپا ... باردىلار.

78 ) 27 قاماغ ق ... ... ... ...

79 ) 28 قاراچۇ ئىلىن ئەۋرۇپ قىزىن يول ...

80 ) 29 قاچانغا تەگى ئەدگۇ ئاتى يىر تىنچۇتە ... ل ...*

21

81 ) 30 بۇقۇق تۆزلۈگ پۇندارىك چەچەك - تەگ تىگىن بەگىنى.

82 ) 31 بۇرقان توغمىش قوچو ئىلىگە ئۇلۇغ ... ...

83 ) 32 بۇلۇنغا بىرمىش ئۇچۇن ا ... ... ...

84 ) 33 بۇ ئاغىز بىرلە سوزلەپ قاچان ... ... ...*

22

85 ) 34 ئاغىتىپ تۇۋا چەرىگى ... ... ...

86 ) 35 ئادىنچىغ ئىدۇق تەكرىكەنىمىز تە ... ... ...

87 ) 36 ئانتا بولمىشچا ئالقۇ ساۋ ... ...

88 ) 37 ( ئارانچلار بەگدۇنى ) ... ... ...

23

89 ) 38 ...... قانىمىزقا ... ... ... لار.

90 ) 39 ئالىپ توشۇپ تۆكەتگۈلۈكسۈز ئالتۇن كۈمۈشلەر.

91 ) 40 ئانچۇلا يۇ ئوق ئىنچۇ ...ىپ ت ... ... ( كەدىم ) ... ...

92 ) 41 ئارتۇق سويۇرقاپ ئۆگدىرەگۇ ت ... ... دۇرۇپ*

24

93 ) 42 ئۆرۈغۇمۇز ئاچىغى باشلاپ قوچغار تىككەن.

94 ) 43 ئۇلۇغ چەرىگ بىرلە ئۆترۆتىن ( مادىن ) يانىپ ئەرىپ.

95 ) 44 ئۆتلى بىلگۈ ئۆچۈن ئىدۇق ... زىنلىق ئەدگۈمىزكە.

96 ) 45 ئون ئىكى تۈمەن چ ... مك بىرلە سويۇرقادىپ ئىدتى*

25

97 ) 46 ئەبۇ گەلەرىگىنلىق ئەدگۈ ئات ... داتىمادىن.

98 ) 47 ئەسەلەرلىك ئورۇنىگا تۈشمىش ئۆتلىمەن ئونىتمادىن.

99 ) 48 ئەرتەگ ئىش قىلمىشەن ئەدگۈگىنى تولپ بىلدىم.

100 ) 49 ئەكسۈكسۈز ئون ئىكى تۈمەن ئۆك چاۋ ياستۇق بىرمىيىن*

26

101 ) 50 ئوقتا تۈرمىش بودۇنۇڭغا يۇلۇغ بولزۇن.

102 ) 51 ئۆترۈ تۈرۈپ سانچىشمىشىڭغا تانۇق بولزۇن.

III 103 ) 1 ئون ئىكى تۈمەن ياستۇق بۈرۈن بەلگۈ بولزۇن.

104 ) 2 ئوباسى بۇ ئوق ساقىنماغىل ئۇلۇغى كىن بولزۇن*

27

105 ) 3 يارلىقانچۇچى كۆڭۈللۈگ تەڭرىكەنىمىز مۇنىتەگ سويۇرقادىپ.

106 ) 4 ياباقاماغ بەگ بەگىتى بىرلە قوچوغا يانىپ.

107 ) 5 يادامىش ئۇيغۇر ئىلىگە ياستۇق تاۋار بىردۈرۈپ.

108 ) 6 ياۋرىمىش ئۇلۇسىن يانا بۇنتەگ تۈرغۇردى*

28

109 ) 7 ئاغىر بۇيانىلىغ

110 ) 8 سەچەن قاغان بىر كۈن ئوردۇتا.

111 ) 9 ئالتۇن ئۇرۇغلارى تايزىلار بىرلە ئاغلاغ ئولۇرۇردا.

112 ) 10 ئادىن كىم ئەرسەر بەگ بەگەت ئۆتۈندە چىسىزىن.

113 ) 11 ئانتاغ تىپ ئالتۇن ئاغىزىن سويۇرقال بولدى*

29

114 ) 12 ئۆرتىن ئۆنمىش بىش تىگىتلەرتە بىرە كۈسى.

115 ) 13 ئوي ئىچىڭگە كىرىپ يانمادى تىپ ئەشىدىلتى.

116) 14 ئول ساۋىغ ەەن كۆكۆلۆمتە ... ە ... يۆ ... ...

117) 15 ئوغرايـۆ بىزگە ئۆرۆغ يارپ ... ... ...*

30

118) 16 ئانى ئۆچۆن مـۆندىن سوك ... ...

119) 17 ... ئاقائىنى تـۆرۆسىنچە ... ...

120) 18 ئالتۆن ئۆرۆغۆمۆز ... ... تا ... ...

121) 19 ئاتتاغ ياڭلىغ ... ...

122) 20 يارلىغ بـولدى *

31

123) 21 ... ... ... لاغۆق تۆتمىشتا

124) 22 ... ... ... مىشقا .

125) 23 ... ... ... ... ... ... ... ...

126) 24 ... ... ... قـا ... ... ...

127) 25 ... ... قوچغار ئـىدۆق - قۆت ( يورىدى ) ... *

32

128) 26 ... ... ... ساقىنچلىغ ئىسىز ئۆيغۆر ... ...

129) 27 ... ( كىشى ) ئىشىگىندىن ئاچتى ( يورد ) ...

130) 28 ... ( تاقى ياماغ قاتاي ئ ) كىمتە بار ئا ...

131) 29 ... ەدۆرمەدىن ( ياندۆرۆ ) ... ... ...

132) 30 ( يارلىغ بـولدى )

33

133) 31 ... مـۆنـداغ ئـوتـغۆراق سـويۆرقال بولمىشقا

134) 32 ... ( چ ئۆگر ) دىنچ قىز كـۆتەگـۆ كـىم كىمتە ...

135) 33 ... پ ياشىپ سىغىنمىش ... ...

136) 34 ... ئىلىن بـەر ... ق. ( تىر ) اد ... ... ... چ... ى*

34

137) 35 ... ... ... ( تەگ ) ... ... ...

138) 36 ... ... ... ... ......

139) 37 ... ... ... ئىل ... ... ...

140) 38 ... ...... ( باسد ) د ... سي ... ه ... ...

35

141 ) 39 قوچغار ئىدۇق ـ قۇت ( ئىلىگ ) ... تۇغمىش .

142 ) 40 قورمۇزتا تەڭرىنىڭ ... ...

143 ) 41 ... ... كۆركلە ( ئامراق ) تىگىن ... ...

144 ) 42 ق ... تەڭرىسى ... ... تىك ... ... *

36

145 ) 43 كۈي ... ك ... قۇغ تو ... غتا يارلىقامىش يەتە

146 ) 44 ك ... رئوغلىت ... چ تىگىن.

147 ) 45 كۆركلۈگ قا ... غا سويۇر قادىپ.

148 ) 46 ك ... قۇتلۇغ بىچىن يىلىن ئىدۇق ـ قوت ئاتانىپ*

37

149 ) 47 ئالقۇ ئۇيغۇر ئىلىن ئوزاقى ياڭىچا باشلايۇ ئولۇردى.

150 ) 48 ئانتا باسا يانا

151 ) 49 بويانىدۇ قاغانقا سويۇرقادىپ.

152 ) 50 ئالتۇن تامغا گاۋ چاڭ ئۇلۇغ ئات بىردۈرۈپ.

153 ) 51 ئاشنۇقى ئەسەسى بارچۇق ئارت ئىدۇق ـ قۇت ـ تەگ ئۆك.

154 ) 52 ئابامۇقا تەگى ئۇرۇغ ئورۇغلارىڭا ئۇلاغ قىلىپ*

38

IV 155 ) 1 ياڭى بىردۈرمىش كاۋ چاڭ ئۇلۇغ ئالتۇن تامغانى.

156 ) 2 يات تاش ئىللەردە يورىدۇر لىكچىقا ئىشلەتىپ.

157 ) 3 يانا بىر ئول ئوزاقى ئالتۇن تامغانى.

158 ) 4 ياقىنتا ئۇيغۇر ئارا ئىشلەتگىل تىپ.

159 ) 5 يارلىغ بولدى*

39

160 ) 6 يانا مۇندا باسا سامپىن كۆمۈش تامغالىغ .

161 ) 7 ياڭى تۆرۈسى بارچا تاۋغاچ ياڭىزلىغ

162 ) 8 يارغۇچىسى بىتىگەچىسى بارچا تولىپ تۆكەللىگ .

163 ) 9 ياراشى ئۈز بەرك يارپ ئۆگىغۇ يامۇن تۇرغۇزدى*

40

164 ) 10 تەرىك بىلىگلىگ تەڭرىكەنىمىز قۇتىندا.

165 ) 11 تەڭگەشىگسىز قۇتلۇغ ئىدۇق با باچا ئاغاتا .

166 ) 12 تەڭگەر كۆلوگسۆز بۇيانلىغ تەمۆر بۇقا سەڭكى تىپ.

167 ) 13 تەڭرى ئۆرسى تەگ ئىكى تىگىن ... لار تۇرۇدى *

41

168 ) 14 ئاغىر بۇيانلىغ كۆدەن تايزىنىڭ ئاچىسى.

169 ) 15 ... ر ( بـەگى ) ... ... يارلىقادى ...

170 ) 16 ... ... ... ... مچـە .

171 ) 17 ......... تايپىنۇ تىگىن تۆرۇدى *

42

172 ) 18 ... ... ... ( ئىدۇق تەڭرىكەن ... بۇ مۇنى ) تەگ .

173 ) 19 ئا ( ر ... ى ) ... ... ... ئارتۇق ئاسىغلار.

174 ) 20 ئارتۇق ئىشلە كۆلوگ ... ... ئەرتۇرۇ تۆكەتىپ.

175 ) 21 ئاشنۇقى ئورۇنى تۇزىت ... ... د ... ... د ( تىپ )*

43

176 ) 22 ئۆرۆغىن ئۆكلىتكۆ ئۆچۈن ... ... ( لار ).

177 ) 23 ئۆ ... مىن يالترىتايۇ ئۇب ... ... ...

178 ) 24 ئۇدان قان ئۆرۆغى تەمۆر بۇقاتىگ ( مىنىڭ ) .

179 ) 25 ئۇلۇغ ئىدۇق *

44

180 ) 26 بۇيانتۇ قاغان سويۇرقايۇ يارلىقاپ.

181 ) 27 ئەرتتۆرۆ ئىدمىش ئىلچىنى ( يىرا ) قىتا سويۇرقاپ .

182 ) 28 ... ... ئىدۇق ... ... ئىدۇق قۇت ئاتاپ.

183 ) 29 ئىل ... دۇن ... ۆك بەكەدەن ( ئۆك )... ۇ ( سەۋىنچ )...*

45

184 ) 30 ئىدۇق ئو ... بقا ... ...

185 ) 31 ... رۇس ... چلار بەگدۇنى تەمۆر بۇقا تەڭرىكەنتە

186 ) 32 ( پۆن ) د (اردك) چەچەك - تەگ ئارىغ كورتلە نورچىسمان ئاغاتا

187 ) 33 ... ت بۆگى بىلىگى بىر - تەگ تۆگەل تەركەنىمىز *

46

188 ) 34 ... ( سرى ) ئاتلىغ ئادۇرۇق تىگىن تورۇدى .

189) 35 ... ... ... ... ... ...

190) 36 ( ئـاسـ ) ... مىن . ك ... ... . گىتتىن ...

191) 37 ( ئاتىمن ئاتىن ) بودۇن ... مىنچىن تىنىدۇ ...(*)

47

192) 38 ئىدۇق ... ( تەگىلىر ) ئۇلۇغ سىكۈيىتا ئولۇرۇرىندا.

193) 39 ... مىتا ... ئوراغى ... كۈسىن ئوتغۇراق بىلە ...

194) 40 ئـۇلۇغ ( ئەكەسى )

195) 41 قاغان قانىقا ئۇقىدۇ ئۈتۈنۈپ.

196) 42 ئوغـرايۇ بەگەنلەتىپ ئۇلۇغ بىرلە تايىتوغا كەلۇرۇپ.

197) 43 ئـو ... قىدىغىتا باسۇرۇپ بولغۇ قائىدتى تۇتۇشۇپ*

48

198) 44 ئىدۇق قۇت ئولۇغ ئات ئالتۇن تـامغا ئۆزىندە ئۆك تـەرىپ.

199) 45 ئىكىلـەيـۇ يانا قۇ كۈك سىڭغا ئـىدتى ئاغارلاتىپ.

200) 46 ئېدەرىپ بىرمىش نوكۇرلەرىن ئـۆكۈش ئۆگدىرلەتىپ.

201) 47 ئىدتى ئاغىرلاپ ئـۇلاغ بىرلە كۆرۈ ئۇزاتىپ *

49

202) 48 ئانتا يىتمىشتە ئەشلەرى بىرلە ئـايىتمىشىپ كـەڭەشىپ.

203) 49 ئارتامىش بۇزۇلمىش سىلك ئىشلەرىنى ئاشۇرۇ ياساشىپ.

204) 50 ئاقـالاپ ئولۇرۇرتا ئاشنۇقى تاقاتىرىغلارى ئـەسلەشىپ

205) 51 ئايىغلىغقا بولغۇ

206) 52 تايزى بىرلە ئانتا يولۇغۇشۇپ *

50

207) 1 ئۆتۈنىدۇرۇلـۇپ

208) 2 تايزى تايتۇ سـىڭار يانارتا

209) 3 ئۆگـدىلمىش تەڭرىكەنىمىزنى. بىنلاڭتا چىڭساك قىلىپ.

210) 4 ئـۆتە بىرلە تايتۇقا يانا سـويالاتىپ.

211) 5 ئۆسىركەنىپ ئىشەنىپ ئۆكسىنتە ياقىن تۇتۇپ *

51

212) 6 چىنـاسدان بەگى ئىدۇق

213) 7 ياياغـاتۇ قاغان سۇسى.

214) 8 چىنتامانى ـ تەگ تەگرىكەنىمىز بىرلەچىن يارپ سۆزلەشىپ.

215) 9 چىداقۇ ـــ تەگ ئەدگۈ ئەر ئەرۈردىن چىنغارۇ بىلىپ.

216) 10 چىى ئۈن قىلىپ چۈمۈي ئۈنتە تۈشتىدى ئۇلۇغلاپ *

52

217) 11 تولپ قاماغ چىغاي بۇلغاق ئىشلەردىن ئامۇرتغۇرۇپ.

218) 12 تۈنيانى ئەركسىگۈ باۋ تامغالار قاۋشىمىشىندا.

219) 13 تۈزدىتىن ئىنىمىش تەگرىكەنىمىزنى يانا سويۇرقادىپ.

220) 14 تۈ سىگتا چىگساڭ قىلىپ تۈشيۇ يارلىقادى *

53

221) 15 ئالقۇتا ( قا ) يىملىغ تەگرىكەنىمىز چىگساڭ بولمىشىندا.

222) 16 ئاغىر بۈيانلىغ

223) 17 قاغان سۈسىگە ئادىرتلىغ ئۆتۈنۈپ.

224) 18 ئالتۈن تامغاسىن ئىدۇق ـــ قۇت كاۋچاڭ ئوڭ ئاتنى

225) 19 ئامراق ئىنىسى سەكىكى تىگىنكە بىرىپ ئورۇن ئو ......*

54

226) 20 ئا .. ۈن ت (اي) ـلى ئۆكسۈتە ئە ... كىرە ...

227) 21 ( ئارۇ ) قودى بەگ ( تاس ) ......

228) 22 ئون ئىكى تۇ ( مەن ) ...مىپ.

229) 23 .............................................

55

230) 24 .............................................

231) 25 .............................................

232) 26 ئۆكۈش كىن ئاسىغلىغ ئەدگۈ ئىشلە......

233) 27 يىرتىنچۈتە يانا ئەرك تۈركىنىڭ ئو ...

56

234) 28 ئۆگىكە ئاسىغ قىلغۇلۇق كى ... سوس ...

235) 29 ئۆكۈش بودۇنى ئىگىتتۈرۈپ ئوك تە ...

236) 30 ئۆزۈن ...... قا ئەسەن.

237) 31 ئو .. دىلىگ .. سەكىكى ئەكى ئىدۇق قوت ...

57

238) 32 ئـۆز ئوردۇلى تۇزىتتا ... يارلىقادى .

239) 33 ئـۆ ......... ت ... ت ...

240) 34 ......... . قـۇت ئوردۇن ئـۇلات ...

241) 35 ......... ئۇچۇن باي تاش .. د .. *

58

242) 36 ئـوچۇ ئاب ...... تا ... ككت ..

243) 37 ......... د ... كـىپ بىرگىل تىپ .

244) 38 ......... ىتدۇرۇپ يـارلىقاسۇن

245) 39 ......... ونغۇنقا ئىنمىش ... مچ ...*

59

246) 40 .........مپ ئـوي ئىچىنتە تۆرۈمىش ... من.

247) 41 ئـاد ... ( تا ) كـۈچلۈگ قان بولۇپ ئۇلۇس ئەركەنمىشلەرد ...

248) 42 ئۇرۇغ ئوچۇغـلارى ئۇلاسۇ بۇ ئۆدكە يىتمىشلەرىگە تەگ ...

249) 43 ئـۇلۇغ تالۇي ـ تەگ ئۇچسۇز قىدىغسىز ئەدگۈ ئادرۇغلارىندا*

60

250) 44 ئوغرايۇ بىر تامىزىمچا ـ قىتا ئالىپ قوشا تەگىنتىم.

251) 45 ئۇچىنگا قىدىغىنگا تەگى تـولپ تۇكەل يىتگۇرۇ ...

252) 46 ئـۆز ئوغـۇر قوشقۇلۇق كۈچۈم نەچۇك يىتىلگەي.

253) 47 ئۇن توك ئىكىنتى كەسىك تەكى سىپقان *

61

254) 48 ئىت يىل ئونـۇنچ ئاي قۇتلۇغ ئەدگۈ كۈن ئۈزە

255) 49 تـولپ تـۈكـەل بۈتۈرۈ تۇرغۇزۇلدى مەن جام بالىقلىغ

256) 50 كـىكـى قۇرسا ئىچقۇ بىتىيۇ تەگىندىم لۇيىپ ساۋ ...

257) 51 ئىتتۇرمىش ياڭ تىلىك سىردىيۇ تەگىندىم ساتۇ*

## تەرجىمىسى

1

............. بـۇرۇنقىدەك قىلىپ،

............. ئۇلارغا كۆرۆكە بېرىپ ،

.............. بۇيرىغان بولسا،

............ ئوغلى مامۇراق تېگىنىمۇ.

2

...... قوچىغار تېگىن تۇغۇلۇپ، ،

................ زىياپەت ،

................ ھەدىيە قىلىپ،

................ ئىدىقۇت ئاتالدى.

3

.............. ئۇلىغىنى ( نەسەبىنى ) ئۈزمەي،

.............. ئىستىگىنى بۇزماي،

.............. يوسۇنىنى تاشلىماي،

.............. باشلىماقچى بولغاندا .

4

.......... تۇبا ۋە بۇسپا باشچىلىغىدىكى

.......... ئوغلان - شاھزادىلىرى

.......... قوشۇنىغا ئوخشىدى .

.......... قوچوغا كېلىپ.

5

.......... ئوقچى ۋە تۇرغاق ئەسكەرلىرى بىلەن

.......... قورشاپ ........

.. ........ ئەرەنلىرى بىلەن

..........................

6

.......... قوچوغا ئېرىشمەك ،

.......... قىلدۇرماق ،

. . . . . . ھەر تۈرلۈك.

. . . . . . تۈگەل قىلىپ.

7

. . . . . . چۈشۈپ،

. . . . . . . . . بېرىپ ،

...... ئوخشاش يازدۇرۇپ،
...... گەپلەرنى يەتكۈزدى:

8

...... ئىدىقۇت
...... ھاي تىگىشىپ،
...... ئوغلۇم دىگۈزۈپ.
...... ھىزنى بەرگۈزگەن.

9

...... ياخشى ئەرەنلەرنىڭ
...... ئويلىسا،
...... مەن قىزنىڭ
...... بولۇپ تۇرۇرمەن.

10

........ گۈزەل ھۆسنىلۈك،
........ ئەقىللىق،
...... ياخشىلىق، قائىدىلىك،
...... قىزنىڭىز بار ئىكەن.

11

....... ئاغامچىسىنى ئۈزمەي،
...... باشقىچە قىلماي،
...... ئۆزەمگە بەرسىڭىز،
...... ئوغۇل بولۇشقان بولاتتۇق.

12

...... بىلەن تىگىشىپ،
...... ئاكا ـ ئىنى بولۇشۇپ،
...... تويلۇشۇپ، ئىچىشىپ،
...... مەڭگۈ ئىناق ئۆتۈشۈپ.

13

...... قايتىپ كېتەي،
...... تەخمىن باھاسى قانچە

........ قاتۇنى قىزىم بىلەن
قارا قوچودا غەم - قايغۇسىز بەختلىك ئۆتسۇن، دەپ.

14

تۇرلۇك - تۈمەن مۇشۇنداق باخشى گەپلەرنى
تۈگەل رەت بويىچە كەمكۈتسىز تولۇق يازدۇردۇپ،
قاتلاپ پۈتۈكنى ئوققا باغلىتىپ،
زەمبىرەكلەرنى ئەكلىپ شەھەرگە ئاتقۇزدى.

15

بارلىق ئەل خەلقى ئىچىپ كۆرۈپ تولىمۇ شاتلىنىپ،
ئۇ پۈتۈكنى ئاچتۇرۇپ چىقىپ،
ئابرويلۇق، يۈزلۈك بەگ، ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى يىغىلىپ.
ھۆرمەتلىك تەگىرىكەنگە ( قوچغار ئىدىقۇتقا ) شۇنداق دەپ ئىلتىماس بەردى:

16

« ئالتە ئاي سولۇنۇپ، ئوزۇق - تۈلۈكسىز جەڭ قىلىپ،
ئىشىمىز - ئوزۇغۇمىز ئېرىق تۈگىگەندە،
لەنىتى دۈشمىنىمىز ئۆزىلا ئارتۇق ......
ئادايىمىز ........... تولدۇرۇپ كەتتى.

17

... ئەلنى كۆلپەتتىن خالى قىلىش ئۈچۈن
قاتتىق دەرتلىك ئىلتىماسىمىزنى قوبۇل قىلسا
تۈگەشكەن بۇ ئەلگە پايدا يەتكۈزۈش ئۈچۈن
ياخشىلىق قىلىش ........ تۈگەل ئورۇندىسا » دەپ

18

مۇشۇ ئىلتىماسنى بەردى. تەگىرىكەنىمىز
قوسىغىدا ..........
بولمىسۇن .............
ئازات قىلغان بولمەن، ئېلىم دەرھال ...........

9

كەڭەقۇ بودىساتۋا مۇقەددەس ئۇلۇغىمىز جاپا
ۋە دەرت تارتقان ئەلنىڭ ............

كىچىگىدىن ئەركە ئۆسكەن بودىساتۋادەك ئىسىل يىغىمىش بەگى نى
... دەك ئاغامچا بىلەن شەھەردىن پەسكە چۈشۈردى.

20

تىۋۋا بۆسپادىك تەلۋى قىنىپ ( قايتىپ ) كەتتى.
بارلىق ..................
يات ئەلنى ... قىزىنى ..................
قاچاندىكى بولىسۇن ياخشى نامى ئالەمدە ....

21

پورەكلىگەن نىلۆپەر كۆلىدەك مەلىكە بەگى نى
بۆرخان تۆغۆلغان قوچو ئېلىگە ئۇلۇق ......
ئەسىرلىككە بەرگەچكە .........
بۆ ئېغىز بىلەن سۆزلەپ قاچان .........

22

تۆۋانىڭ ئەسكەرلىرى چېكىنىپ .........
ئاجايىپ مۇقەددەس تەگرىكەنىمىزدە .........
ئاندا ( موڭغۇل ئوردىسىدا ) بولغاندا، ھەممە گەپ ......
ئارانچلار ( ؟ ) بەگدۇنى .........

23

... خانىمىزغا ..................
ئېلىپ تۇشۇپ تۆگەتكۈسىز ئالتۇن، كۆمۈشلەر.
شۇنداقلا ئۇنچە ......... كىيىم ...
كۆپلەپ ھەدىيە قىلىپ، خۇشال قىلىدىغان ........

24

ئۇرۇق - ئەۋلادىمىزنىڭ ھەدىيەسى قوچقار تېگىن باشچىلىقىدا
ئۇرغۇن ئەسكەر بىلەن ئۇدۇل ( توختىماي ) قوچوغا يانىدى.
ياخشىلىقنى قايتۇرۇشنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئىدۇق ... ئېلىمىزغا؟
ئون ئىككى تۈمەن ... بىلەن سوغا قىلىپ، يولغا سالدى.

25

« بۆۋىلىرىگىنىڭ ياخشى نامىنى ( يوقاتماي )
ئەجداتلىرىگىنىڭ ئورنىغا چۈشكەن ( ھالاكەتنى ) ئۇنۇتماي.

ئەردەك ئىش قىلىپەن. ياخشىلىقىڭنى تولۇق بىلدىم.
كەمكۈتىسىز ئون ئىككى تۈمەن ياستۇق پۇل بېرەي.

26

ئوق ئالدىدا تۇرغان خەلقىڭگە قۇتقۇزۇش بولسۇن.
تاقابىل تۇرۇپ ئېلىشقىنىڭغا گۇۋا بولسۇن.
ئون ئىككى تۈمەن پۇل ئاۋال بەلگە بولۇپ تۇرسۇن.
ئىنئامى بولا دەپ ئويلاپ قالما، نۇرغۇنى كېيىن بولسۇن.» (دېدى.)

27

مېھرىبان كۆڭۈللۈك تەڭرىتەكە ئىنسىز مۇشۇنچىۋىلا ئىنئامغا ئېرىشىپ،
ھەممە بەگ ـ ئەمەلدارلىرى بىلەن قوچوغا يېنىپ،
يادىغان ئۇيغۇر خەلقىگە پۇل، تاۋارلارنى تارقاتقۇزۇپ،
ئاجىزلاپ كەتكەن دۆلىتىنى قايتا بۇرۇنقىدەك تۇرغۇزدى.

28

ھۆرمەتلىك ئەزىز
سەچەن (قۇبلاي) قاغان بىر كۈنى ئوردىدا
ئالتۇن ئۇرۇق شاھزادىلىرى بىلەن ئايرىم ئولتۇرغاندا:
«باشقا بەگ ـ ئەمەلدار كىملا بولمىسۇن شەرتسىز
شۇنداق (قوچغار تىڭگىنىدەك) بولسۇن» دەپ ئالتۇن ئاغزى بىلەن مۇبارەكلىدى.

29

«ئۇزۇن بولدى چىقىپ كەتكەن بەش شاھزادىدىن بىرسى
ئۇيغا (ئىچكىرىگە) كىرىپ كېتىپ يانمىدى، دەپ خەۋەر كەلدى،
ئۇ گەپنى مەن كۆڭلۈمدە.........
تىرىشىپ بىزگە ئۇرۇق.........

30

شۇنىڭ ئۈچۈن مۇنىڭدىن كېيىن.........
... ئاكا ئىنى يولى بويىچە.........
ئالتۇن ئۇرۇغىمىز..........
شۇ ياڭزىدا...........
يارلىق چۈشتى.

31

. تۆتغاندا ................

... ... ... ... ... ... ...... ... ... ... ... ...

.........................................

......................................

... قـوچغار ئىدىقۇت ( يۇرۇش قىلدى ) ...

32

...... ئەنسىز ، ناچار ئۇيغۇر ( خەلقى )

..... ( كىشى ) ئىشىگىدىن ئېچىپ ( كەتتى؟ )

.........................................

.... يانـدۇر .......................

يارلىق قىلدى.

33

.. مۇنداق دەرھال ئىنىشامغا ئېرىشكەنگە

سۆيۈنۈپ ، شاتلىنىپ قىز ۋە خان كۆيۈغۇلىرىدىن كىمدە ـ كىم بولمىسۇن

.... تەنتەنە قىلىپ سېغىنغان ...........

...... ئېلى بىلەن ...................

34

... ... ... ... ... ... ... ... ئوخشاش ...

. . . . . . . . . . . . . .

. . . . . . . . . ئەل . . . .

. . باستۇر . . . . . ، . . . . .

35

قوچغار ئىدىقۇتنىڭ . . . توغۇلغان

خورمۇزدا تەگرىنىڭ . . . . . . . .

. . . . . كۆركەم ئامراق تىگىن . .

. . . . . تەگرىسى . . . .. .

36

. . . . . . . . . . يەتتە

. . . ئوغلى . . . . . تىگىن

كۆركەم . . . . . . . ئىنئام قىلىپ

. . قۇتـلۇق مايمۇن يىلى ئىدىقۇت ئاتالدى.

37

پـۇتۇن ئۇيغۇر ئېلىنى بۇرۇنقىدەك باشقۇرۇپ ئولتۇردى.

ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە

بۇيانتۇ قاغـان هـەدىيە قىلغان

ئالتۇن تامغا بىلەن گاۋچاڭ ۋاڭ دىگەن نامنى ئېلىپ،

بـۇرۇنقى ئەجداتى بارچۇق ئارات تېگىندەكلا

مەڭـگۈگە ئەۋلاتتىن ـ ئەۋلاتقا ئولاشتۇردى.

38

«بېگى بەرگەن گاۋچاڭ ۋاڭ ئالتۇن تامغىنى

يات، سىرت ئـەللەرگە يوللايدىغان بۇيرۇقلارغا ئىشلىتىپ،

يەنە بىر ئاۋالقى ئالتۇن تامغىنى بولسا

ئەتراپىڭدىكى ئۇيغۇرلارغا ئـىشلەتكىن.» دەپ

يارلىق چۈشتى.

39

يـەنە بۇنىڭدىن قالسا، سـەنپىن (3 دەرىجىلىك) كۈمۈش تامغىلىق

ياڭزىسى ۋە قائىدىسى پۈتۈنلەي جۇڭگوچە

سوتچىسى، پـۈتۈكچىسى پۈتۈنلەي تولۇق بولغان

يـاراشقان، قابىلىيەتلىك، بەك، مۇستەهكەم ۋاڭفۇ يامۇل قۇردى.

40

تىرەن بىلىملىك تەڭرىكەنىمىزنىڭ قۇتىغا

تېگى يـوق قۇتلۇق ئەزىز باباچا مەلىكە

تەڭـداشسىز ئەزىز تەمۇر بۇقا ۋە سەڭگى دىگەن

تەڭـرىزادىلىرىدەك ئىككى شاهزادە . . . تۇغدى.

41

هۆرمەتلىك، ئەخلاقلىق كۈدەن تەيزى (شاهزادە) نىڭ (چوڭ ـ كىچىك) دادىسى

. . . . بېگ . . . يـارلىق قىلـدى.

. . . . . . . . . . . . . . . . . . .

. . . . . . . . تـايىنپۇ تېگىننى تـۇغدى.

42

. . . . . . مۇقەددەس تەڭرىكەن . . . مۇشۇنىڭدەك
. . . . . . نۇرغۇن پايدىلىق ئىشلار
نۇرغۇن ئىشلەشكە تېگىشلىك . . . تولۇق تۈگىتىپ،
ئەسلى ئورنى بولغان جەننەتكە (كەتتى) دەپ.

43

ئورۇق ـ ئەۋلادىنى كېڭەيتكەنلىگى ئۈچۈن . . . .
. . . يالتىرىتىپ . . . . . . . . . . . . .
ئۇنىڭدىن كېيىن خان ئەۋلادى تەمۈر بوقا تېگىنىنىڭ.
ئۇلۇق ـ مۇقەددەس.

44

بۇيانتۇ قاغان ئىنئام بېرىپ،
يىراقتا ئەلچى ئەۋەتىپ، ھەدىيە بېرىپ،
. . . مۇقەددەس . . . ئىدىقۇت ئاتىدى.
ئەل خەلقى . . . . . . . . . شاتلاندى.

45

مۇقەددەس . . . . . . ... ... ... ... ... ... ... ...
....بەگدۈنى ، تەمۈر بۇقا تەڭرىكەنىمۇ
(ئىلۇپەر) گۈلدەك پاك، چىرايلىق تۇرچىمىسمان مەلىكىنىمۇ،
... ئەقلى، بىلىمى تۈگەل خان ئانىمىز.*

45

... ئاتلىق ئاجايىپ شاھزادە تۇغدى،
... ... ... ... ... ... ... ... ... ...
... ... ... ... ... ... ... ... ... ...
باشقا ـ باشقا خەلق ... ... ... ...

46

مۇقەددەس ... ... ... ... ئولتۇرغاندا،
... ... ... ... ... دەرھال بىلدى.
چوڭ تاغىسى
قاغان خانىغا ئۇقتۇرۇپ ئۆتۈنۈپ،

.............. بىلەن پايتەختكە كەلتۈرۈپ،
.......... تۇتۇشۇپ باستۇرۇۋېتىشكە ئەۋەتتى.

48

ئىدىقۇت ۋاڭ ئاتلىق ئالتۇن تامغا ئۆزىدە بولۇپ تۇرۇش بىلەن ئىككىنچىدىن يەنە خوگۇاڭ سىلىڭ (ئۆلكە) غا ئۆستۈرۈپ ئەۋەتتى. ئەۋەتىپ بەرگەن نۆكەرلىرىنى كۆپلەپ مۇكاپاتلىدى. ئۆز نەسىبىدەك كۆرۈپ ھۆرمەتلەپ ئۇزاتتى.

49

ئۇ يەرگە بارغاندا ياردەمچىلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، چۈۋۈلغان، بۇزۇلغان ئۆلكە خىزمەتلىرىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنداپ، باشقۇرۇپ ئولتۇرغاندا، بۇرۇنقى
تايانچىلىرى بىلەن (ئىشلارنى) قانات يايدۇرۇپ،
(ئۇلار) يامانلىققا يۈزلەندى
شاھزادە بىلەن يولۇقۇشۇپ قالدى.

50

كەچۈرۈم سوراپ بەردى.
شاھزادە پايتەختكە يانغاندىن كېيىن
مۇبارەك تەڭرىكەنىمىزنى بېيەنلىياڭدا ۋەزىر قىلدى.
كېيىن يەنە پايتەختكە ئۆستۈرۈپ،
ئەتىۋارلاپ، ئىشىنىپ ئۆزىگە يېقىن تۇتتى.

51

چىناسىدان بىگ ۋە مۇقەددەس
ياياغاتۇ قاغان ئائىلىرى
گۆھەردەك تەڭرىكەنىمىز بىلەن سەممىي سۆزلەشتى.
چىدامىلىق ياخشى ئەر ئىكەنلىكىنى ھەقىقى بىلدى.
جىيۇەن قىلىپ شۇمى يۈەن (ئارخىپخانا) غا تەيىنلەپ، چوڭ كۆرۈپ ئىشلەتتى.

52

بارلىق پەسكەشلىك ۋە قالايمىقان ئىشلارنى تىنجىتىپ
دۇنيانى باشقۇرىدىغان باۋ (گۆھەر) تامغىلارنى تۇتۇپ تۇرغاندا،
جەننەتتىن چۈشكەن تەڭرىكەنىمىزنى يەنە ئۆستۈرۈپ،
دۇشىڭ (پايتەخت ئۆلكىسى) غا ۋەزىر قىلىپ تەيىنلىدى.

53

ھەممىدە قابىلىيەتلىك (؟) تەگرىكەنىمىز ۋەزىر بولۇپ تۇرۇۋاتقاندا،

ھۆرمەتلىك ئەزىز

قاغان ئالىلىرىدىن ئايرىم ئۆتتۇلۇپ

ئالتۇن تامغىسى بىلەن ئىدىقۇت گاۋچاك ۋاك دىگەن ئاتنى

ئامراق ئىنىسى سەڭكى تېگىنگە بېرىپ، ئوردۇن ....

54

... يېنىدا ................

... چۇشتى بەگ ...........

ئون ئىككى تۇمەن ...........

.......................

55

..............................

..............................

تۇرغۇنلىغان كېيىنگە پايدىلىق ياخشى ئىش ...

دۇنيادا قايتا ئەركىنلىكنىڭ ....

56

باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىدىغان ...

تۇرغۇن خەلقنى باقتۇرۇپ ......

ئۆزىنى ......... ئېيسەن ...

............ سەڭكى ئىككى ئىدىقۇت

57

ئۆز ئورنى جەننەتكە ، ... كەتتى

............................

...... ئىدىقۇت ئورنىنى ئۇلاشتۇردى،

.......... ئۇچۇن باي تاش ...

58

............................

............. بەرگىن دەپ.

............ يارلىق قىلسۇن .

............ چۈشكەن ........

59

.......... ئىچكىرىدە تۇغۇلغان ........

...... كۈچلۈك خان بولۇپ دۆلەتنى باشقۇرغان ...

ئۇرۇق - ئەۋلاتلار داۋاملىق مۇشۇنداق پۇرسەتلەرگە ...

ئۇلۇغ دېڭىزدەك ئۇچسىز، قىرغاقسىز ياخشى خىسلەتلەرگە ئېرىشسۇن.

60

تىرىشىپ بىر تامچىلا تېپىپ قوشتۇم.

ئۇچىغا، قىرغىقىغا قەدەر تولۇق تۈگەل يەتكۈزۈشكە

ئۆز ھاياتىمدا قۇشالىغان كۈچۈم قانداقمۇ يەتسۇن!

يۈەن تۈگىنىڭ ئىككىنچى رېتىدىكى شى گەن (ئون بۇرچ)

61

ئىت يىلى (1334) ئونىنچى ئاي قۇتلۇق ياخشى كۈندە

تولۇق - تۈگەل پۈتۈپ تىكلەندى. مەن جامبالىقلىق

كىيكى قورسا ئىچقۇ يازدىم. لىۋ شۈ سى ...

بۇيرۇتقان. مەن ياڭ تىلىڭ چەكتىم. ياخشى .

## ئىزاھات

4 ) 4 . « مامۇراق » . ئىبدىقۇت مەڭگۈ تېشىنىڭ خەنزۇچە تېكىستىدا مۇنداق دېيىلگەن : « ئۈكرۈنچ تېگىن ئۆلۈپ، ئوغلى مامۇراق ئىبدىقۇت نامىغا ئېرىشكەن ، ئەسىرلەردىن تەشكىللەنگەن تۈمەن ئەسكەرگە قوماندانلىق قىلىپ ، شەنزۇڭ ( مۆڭكە ) خانغا ئەگىشىپ ، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ خېچۇ ئوبلاستىغا جازا يۈرۈشى قىلغان ، دىياۋيۈشەن تېغىنى ئېلىشتا خىزمەت كۆرسەتكەن. ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ قوچوغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئۆلگەن. » مامۇراقنىڭ ئۆلگەن ۋاقتى نامەلۇم . ئۇنىڭ دادىسى ئۈكرۈنچ .

خۇاڭ ۋېنبي مامۇراق تېگىننى ئۈكرۈنچ تېگىننىڭ ئىنىسى دەيدۇ. بىراق « داۋيۈەن يادنامىلىرى » ۋە « يۈەن تارىخى » دا مامۇراقنى ئۈكرۈنچنىڭ ئوغلى دېگەن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە « يۈەن تارىخى، مەلىكىلەر جەدۋىلى » دە قوچقارنى بارچۇق ئارتنىڭ چەۋرىسى دېگەن. دېمەك دادىسى مامۇراق بارچۇقنىڭ

ـەۋرىسى بولىدۇ. بۇلىندىقۇت مەڭگۈ تېشىنىڭ خەنزۇچە تېكىستىگە ئۇيغۇن. «ئوغۇل» يۈەن دەۋرىدە خەنزۇچە 斡兀儿 دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ سۆز موڭغۇللارغا كىرگەندىن كېيىن مەخسۇس خان جەمەتىگە مەنسۇپ ياش ئوغۇل-قىزلارغا قوللىنىلغان. مەسىلەن، دىڭزۇڭ خان گۈي يۈۋنىڭ قاتۇنى 斡兀立海迷失 قىپچاق خانى 斡兀立别儿哥. چاغاتاينىڭ نەۋرىسى 斡兀立 [旭烈]合剌 قاتارلىقلار. بۇنداق ئاتالغۇلاردىن ئەرلەر كۆپرەك.

5) 5. «قوچغار»، يەنى قوچقار. ئىدىقۇت مەڭگۈ تېشىنىڭ خەنزۇچە تېكىستىدا: «جېيۇەنىنىڭ 3 - يىلى (1267) شىزۇخان ئۇنىڭ ئوغلى (مامۇراقنىڭ ئوغلى) قوچغارتىگىنگە ئىدىقۇت نامىنى ئاتا قىلغان.» دېيىلگەن. مەڭگۈ تاشنىڭ ئۇيغۇرچە تېكىستىدا دېيىلىشىچە، قوبىلاي قوچغارغا ئىدىقۇت نامىنى بەرگەندە، ئۇنىڭ شەرىپىگە ئالاھىدە زىياپەت بەرگەن.

13) 13. «دۇۋا» چاغاتاي خانلىقىدىكى بىر خان، شەجەرىسى: چاغاتاي — موتۇغان 杆土干 — باراق 八剌 دۇۋا.

جامال قارشىنىڭ كىتاۋى «مۇلهاقات ئەل سۇراخ» تا خاتىرىلىنىشىچە، ئۇ 1282 - يىلى تەختكە چىققان. «ۋاشاف تارىخى» غا قارىغاندا، ئۇ 1275 - يىلى تەختكە چىقىپ، 1306 - يىلى ئۆلگەن.

«ۋاساف تارىخى 瓦撒夫史» قا قارىغاندا ئۇ 1275 - يىلى تەختكە چىقىپ، 1306 - يىلى ئۆلگەن. «بۇسما»، يەنە بۇسپا. دۇۋانىڭ ئىنىسى.

17) 17. «تۇرغاق»، قاراۋۇل. «قۇتادغۇ بىلىك» تە كېچىلىك چارلىغۇچى دېگەن. بۇ سۆز موڭغۇلچىغا «تۇرقائۇت»، مۇھاپىزەتچى مەنىسىدە كىرگەن («يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەخپىي تارىخى» 170 - 171 - باپلار). موڭغۇل دەۋرىدىكى پارچە يادىكارلىقلاردا، بۇ سۆز كۆپىنچە تۈركچىدىكى ئەسلى مەنىسىدە كەلگەن. مەسىلەن، جۇۋەينىنىڭ «جاھان بويسۇندۇرغۇچىنىڭ تارىخى» I جىلدىدە «كىشىلەر قاراۋۇللارنى تۇرقاق دەيدۇ». دېگەن (دورفېر: «يېڭى پارسچىدىكى تۈركچە، موڭغۇلچە ئېلېمېنتلار» II توم، 477 - بەت، ۋىسبادېن، 882 - ماددا). بۇ سۆز ئابۇلغازى 17 - ئەسىردە يازغان چاغاتايچە «شەجەرى تۈرك» دېگەن كىتابىدىمۇ ساقلىنىپ قالغان (كلاۋسون: «13-ئەسىردىن ئىلگىرىكى تۈرك تىلىنىڭ ئېتىمولوگىيە لۇغىتى» 539 - بەت). رادلوف «تۈركىي تىللار دىئالېكتلىرى لۇغىتى» گە (1960 - يىلى باسمىسى، II توم) بۇ سۆزنى قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى دەپ كىرگۈزگەن (1475- بەت).

خەنزۇچە يادىكارلىقلاردا تۇرغاقنى 质子 دەپ تەرجىمە قىلىدۇ. يۈەن دەۋرىدىكى مەنبەلەردە خاتىرىلىنىشىچە، باشقا مىللەت ياكى قوماندانلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى يىغىپ ئەكىلىپ تەشكىللىگەن قوشۇننى تۇرغاق قوشۇن دەپ ئاتىغان. مەڭگۇ تاشتىكى «تۇرغاق» موڭغۇللار قوبۇل قىلغان سۆزنىڭ تۈرك تىلىغا قايتا كىرىشى بولۇپ، بۇنىڭدا موڭغۇللاردىكى تۇرقاق قوشۇن مەنىسى قوشۇلغان.

(31) 31 . كونتېكستقا قارىغاندا، تۇبا قوچقارنىڭ قىزىنى تەلەپ قىلغاچقا ئۆزىنى ئوغۇل ئاتىغان.

(41) 41 . بۇ يەردىكى يىپ ئىدىقۇت ئائىلىسى بىلەن چىڭگىزخان ئائىلىسى ئوتتۇرىسىدىكى قۇدىلىق مۇناسىۋەت ياكى چىڭگىزخاننىڭ ئىدىقۇتنى 5 - ئوغلۇم دەپ ئاتىغانلىق مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىشى كېرەك .

(87) 36 . يۇقۇرىدا تۇبا ئىل يىغمىش بەگكە ئېرىشكەندىن كېيىن چېكىنىپ كېتىش ۋە ئىدىقۇتنىڭ يۈەن ئوردىسىغا بېرىش جەريانى يېزىلغان. بۇ يۈەن دەۋرىدە غەربىي شىمالدا يۈز بەرگەن بىر چوڭ ۋەقە. مەڭگۇ تاشنىڭ خەنزۇچە تېكىستى، «يۈەن تارىخى»، «ۋۇۋېي تەزكىرىسى» دە بۇ جەڭ جىيۈەننىڭ 12 - يىلى سادىر بولغان دەپ يازغان. مەڭگۇ تاشنىڭ ئۇيغۇرچە تېكىستى بەك زېدىلىنىپ كەتكەچكە، بۇ تەرىپى ئېنىق ئەمەس. بۇ توغرىدا ئىزدەنگەن تۇججى جەڭ بولغان يىلى جىيۈەننىڭ 12 - يىلى ئەمەس، 22 - يىلى (1285) دەيدۇ.

ئىدىقۇت مەڭگۇ تېشىنىڭ خەنزۇچە تېكىستىدا بۇ جەڭنىڭ جەريانى مۇنداق: جىيۈەننىڭ 12 - يىلى تۇبا، بۇسپا قاتارلىق ئىسيانچى موڭغۇل شاھزادىلىرى 12 تۈمەن ئەسكەرنى باشلاپ قوچونى قورشىغان، بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇلار ئاجىجىلار قوماندانلىق قىلغان 30 تۈمەن يۈەن ئەسكىرىنى مەغلۇپ قىلغان ئىدى. چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئەسكەرلىرى قوچونى 6 ئاي قورشاپ ئالالماي، ئىدىقۇتنىڭ قىزىنى تەلەپ قىلغان. بۇ چاغدا ئۇزۇن قورشاۋدا قالغان قوچو خەلقىنىڭ ئاشلىقى تۈگەپ، تەۋرىنىپ قالغان ئىدى. قوچقار ئىدىقۇت نائىلاج قىزى ئىل يىغمىش بەگنى ئېغىر سوغاتلار بىلەن ئارقان بىلەن سېپىلدىن چۈشۈرۈپ بەرگەن. تۇبا قىزغا ئېرىشىپ، ئەسكەرلىرىنى چېكىندۈرۈپ كەتكەن. ئۇيغۇرچە تېكىستتا يېزىلغان جەريانمۇ ئاساسەن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش.

(89) 38 . بۇ يەردىكى «قانسىزقا» ئىدىقۇتنى كۆرسىتىدۇ. يۈەن دەۋرىدە موڭغۇللارنىڭ چوڭ خاقانى ياكى يۈەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاسىنى «قاغان»

دەپ، ئۇ دىڭگىدىن تۆۋەندىكىلەرنى «قان» دەپ پەرىقلەندۈرگەن. مەڭگۈ تاشتا ئىدىقۇتنى ئىدۇق قۇت، تەڭرىكەن ۋە قان دەپ 3 خىل ئاتىغان.

32(134 · بۇ يەردە مەلىكە ۋە كۈتەڭۈ (پادىشانىڭ كۈيوغلى) دەپ باباقار مەلىكە بىلەن قوچقار ئىدىقۇتنى دېمەكچى. قوچقار ئىدىقۇت جەڭدىن كېيىن يۈەن ئوردىسىغا بارغاندا دىڭزۇڭ قاغان ئۇنى مۇكاپاتلاپ، قىزى باباقارنى بەرگەن.

41(143 · بۇ يەردە ئامراق تىگىن دەپ قوچقارنىڭ ئوغلى نۆلمىنى دېمەكچى. خەنزۇچە تېكىستتا ئاساسلانغاندا، قوچقار ئۆلگەندە نۆلمىن تېخى كىچىك ئىدى. ۋۇزۇڭ قاغان تەختكە چىققاندا نۆلمىنى تېجىتتىن چاقىرتىپ كېلىپ، ئىدىقۇت نامىنى بەرگەن. بۇنداقتا جىيۈەنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىن دايۈەنىڭ دەسلەپكى يىللىرىغىچە ئۇيغۇرلاردا ئىدىقۇت بولمىغان بولۇشى كېرەك ئىدى. بىراق بىر قانچە مەنبەلەردە بۇ جەرياندىكى ئىدىقۇتنى تىلغا ئالغان.

33(187 · «تەركەن»، قاغان قاتارىدىكى ئاتاق. كۆپىنچە خاننىڭ ئانىسى، خانىش قاتارلىق ئاياللارغا قوللىنىلىدۇ. بەزىلەر بۇنى «تۈركان» ياكى «تۈركەن» دەپ خاتا يازىدۇ. بۇ بەلكىم بەزى مەنبەلەردە ئەرەبچە تە، رە، كاف، نۇن 4 ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپىنى ھەرىكىسىز «تركن» ياكى «تركان» دەپلا بەرگەنلىكتىن بولسا كېرەك. تېكىستىمىزنىڭ 56 - قۇرىدىكى «تۈركەن» شۈبھىسىز زەمبىرەكنى كۆرسىتىدۇ.

34(240 · بۇ يەردە تايپىنۇنىڭ تەختكە چىققانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بەزى مەنبەلەردە خاتىرلىنىشچە تەمۇر بۇقا گۇناغا تارتىلغاندا ئىنىسى تايپىنۇنىمۇ چېتىپ ئۆلتۈرگەن.

ئىلاۋە 1 -

## يۈەن دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئىدىقۇتلىرىنىڭ شەجەرىسى

ئىدىقۇت مەڭگۈ تېشىنىڭ خەنزۇچە تېكىستىغا ئاساسلىنىپ ۋېنزۇڭ قاغاندىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇر ئىدىقۇتلىرىنىڭ شەجەرىسىنى تۆۋەندىكىچە رەتلىدۇق. گىراپىدىكى ئەرەبچە رەقەملەر تەختكە ۋارىسلىق قىلىش رېتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇرچە تېكىستتا كۆرۈلمىگەن ئىسىملارنىڭ خەنزۇچىسى بېرىلدى.




玉古仑赤 نى كىلىك شىمىن «ئۈگرۈنچ» دەپ ئەسلىگە كەلتۈرگەن. بۇنىڭدىن سىرت 怯失迈失 ‘撒仑的 ‘察钦台纽林 لەرنى كەسمەس، سالىندى، نۆلىن، قىپچاقتاي دەپ ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بېقىشقىمۇ بولىدۇ.

«يۈەن تارىخى قارا ياغاچ بىلۇ تەزكىرىسى» دە بارچۇق ئارت تېگىننىڭ ئىلگىرى ئۇنىڭ دادىسى 月仙帖木山 (يۆشەن تەمۈر) ئىدىقۇت ئىدى دەپ يازغان.

قوچقار قۇبلاي تەختتە چاغدا ئۆلگەن. ئۇ چاغدا ئوغلى نۆلىن تېگىن تېخى كىچىك بولۇپ، ۋۇزۇڭ قاغاننىڭ ۋاقتىغا كەلگەندىلا ئىدىقۇت تورنىغا چىققان. خەنزۇچە تېكستنى يازغۇچى يۇجى قوچقار ئۆلگەندىن كېيىن، نۆلىن تەختكە چىققىچە بولغان ئارىلىقتا باشقىلاردىن ئىدىقۇت بولغان - بولمىغانلىقىنى يازمىغان. «يۈەن تارىخى» 195 - جىلد «بايان بۇقا تېگىن تەزكىرىسى» دە ئۇنىڭ بوۋىسى 雪雪的斤, (سۆكسۆك تېگىن) گە گاۋچاڭ ۋالىلىق مەنسىۋى بېرىلگەن دەپ يېزىلغان. سۆكسۆك تېگىن جىيۈەننىڭ 20 - 30 يىللىرىدا غەربىي جەنۇپتا خىزمەت ئۆتەپ يۈرگەن. ئۇ بەلكىم جىيۈەننىڭ ئاخىرقى يىللىرى قايتىپ كېلىپ قوچقارنىڭ تورنىغا ئىدىقۇت بولغان بولسا كېرەك. نۆلىننىڭ چىققان ۋاقتى سۆكسۆكتىنمۇ كېيىن.

سۆكسۆكنىڭ ئوغلى «بايان بۇقا تەزكىرىسى» دە 朵儿的斤, دەپ يېزىلغان. ئۇ بەلكىم تىيەنلى يىللىرىدا خېنەن شىڭسىڭ بولۇپ تۇرغان 朵耳只亦都护 (دورجى ئىدىقۇت) بولۇشى مۇمكىن. بىراق بۇ چاغدا ئىدىقۇتلۇق تورۇن بولمىغان، تەمۈر بۇقا تىيەنلىنىڭ 2 - يىلى ئىدىقۇتلۇق مەنسۇپنى ئىنىسى سەڭگىگە ئۆتۈنۈپ بەرگەن، نىمە ئۈچۈن ئەينى ۋاقىتتا دورجىنىڭمۇ ئىدىقۇت ئاتالغانلىقى نامەلۇم.

تايىپنۇدىن كېيىن ئىدىقۇت بولغانلىقى مەلۇم بولغانلار:

月鲁帖木儿، (يۆلۈ تەمۇر). «يۈەن تارىخى»، 41 - جىلد. يۆلۈتەمۇر كىشىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس.

桑哥(ساڭگى)، «يۈەن تارىخى»، 43 - جىلد تا، يۆلۈ تەمۇر ھەربىدە ئۆلگەندىن كېيىن ئوغلى ساڭگىنى ئىدىقۇت گاۋچاڭ ۋاڭ قىلىپ تەيىنلىگەنلىكى خاتىرلەنگەن.

不答失里 (بۇتاشىرى)، سۆڭ لىيەن يازغان 《故怀远将军高昌王同知指挥司事和赏公坟记》 دىگەن خاتىرىگە ئاساسلانغاندا، بۇ تاشىرى تەمۇر بۇقىنىڭ ئوغلى بولۇپ، گاۋچاڭ ۋاڭ ئورنىغا چىققان.

和赏 (خارشاڭ) بۇتاشىرىنىڭ ئوغلى 《明太祖实录》 55 - جىلد تا، خۇڭۋۇنىڭ 3 - يىلى گاۋچاڭ ۋاڭ خارشاڭ ... قول ئاستىدىكىلىرى بىلەن كېلىپ تەسلىم بولدى.. دېيىلگەن. خارشاڭ يۈەن دەۋرىدىكى ئەڭ ئاخىرقى گاۋچاڭ ۋاڭ.

2 - ئىلاۋە

## «قوچو قاتۇنلىرى» غا ئىزاھات

ئەل ئالتۇن. تەيزۇ چىڭگىز قاغاننىڭ قىزى. بارچۇق ئارت تېگىنگە ياتلىق بولغان. ئىدىقۇت مەڭگۈ تېشىنىڭ خەنزۇچە تېكىستىدا: «تەيزۇ ئۇنى (بارچۇق ئارت تېگىن) مۇكاپاتلاپ، ئەل ئالتۇن ئىسىملىك مەلىكىسىنى بەرگەن»، دېيىلگەن. «يۈەن تارىخى» دا: «قاغان (بارچۇقنىڭ) سۆزىدىن تەسىرلىنىپ، مەلىكە ئەل ئالتۇننى بەرگەن ۋە ئوغۇللىرى قاتارىدا سانىغان.» دېيىلگەن. «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» دا: «چىڭگىز قاغان ئىدىقۇتقا شەپقەت بىلدۈرۈپ، ئەل ئالتۇننى بەرگەن» (238 - قىسىم) دېيىلگەن. «جاھاننى بويسۇندۇرغۇچىنىڭ تارىخى» دا: «بۇ مۇبارەك تۆھپىنى تەقدىرلەش ئۈچۈن، چىڭگىزخان ئۇنىڭغا ئالاھىدە كۆيۈنۈپ، ئۆزىنىڭ بىر قىزىنى بەرمەكچى بولغان، چىڭگىزخان ئۆلگەنلىكتىن قىز ياتلىق قىلىنماي قالغان؛ شۇڭا ئىدىقۇت بەشبالىققا قايتىپ كەتكەن. قاغان (تەيزۇڭ) تەختكە چىقىپ، دادىسىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن، ئالتۇن بەگىنى بەرگەن؛ ئوردىغا يېتىپ بارمايلا ئالتۇن بەگى ئۆلگەن» چىڭگىزخاننىڭ ئەل ئالتۇننى بېرىمەن دېگەن ۋاقتى 1211 - يىلى بولمىغاندىمۇ، ئۇ ئۇلۇشتىن سەل بۇرۇن.

ئالاچىن: «جاھاننى بويسۇندۇرغۇچىنىڭ تارىخى» دا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئال ئالتۇن ئۆلۈپ «بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن قاغان (تەيزۇڭ) ئالاچىن بەگنى ئۇنىڭغا (بارچۇقتا) بەرگەن. بىراق قىزنى ئىدىقۇتقا ئەۋەتىپ بەرگىچە، ئىدىقۇت ئالەمدىن ئۆتكەن. كېيىن ئوغلى كەسمەس ئورنىغا كېلىپ ئىدىقۇت بولۇپ، ئالاچىن بەگى بىلەن توي قىلغان». مەنبەلەردە ئالاچىننىڭ كىمنىڭ قىزى ئىكەنلىكى توغرۇلۇق ئېنىق مەلۇمات يوق.

باباقار — دىڭزۇڭ قاغاننىڭ قىزى. قوچقار تېگىنگە ياتلىق قىلىنغان.

بۇلۇغان — قوچقارنىڭ ئوغلى نۆلىن تېگىنگە ياتلىق قىلىنغان. مەلىكە ئۆلۈپ، سىڭلىسى باباچا نۆلىنگە ياتلىق بولغان. ئۇمۇ ئۆلۈپ، ئاخىرى نۆلىن ئىنىشى ۋاڭ (شىزۇ قاغاننىڭ نەۋرىسى) ئاناندانىڭ قىزى ئۇلاجىننى ئالغان.

تورچىسمان — تەيزۇڭ قاغاننىڭ ئوغلى كۇدەننىڭ قىزى، تەمۇر بۇقاغا ياتلىق قىلىنغان.

بەنجىن، بۇيانقۇل — بۇلار سەڭگىگە ياتلىق قىلىنغان. خەنزۇچە تېكىستتا: «سەڭگى ئالغان قاتۇننىڭ ئىسمى بەنجىن، كۇدەن تەيزىنىڭ نەۋرىسى. قاتۇن ئۆلۈپ، سەڭگى ئۇنىڭ سىڭلىسى بۇيانقۇلنى ئالغان» دەپ يازىدۇ.

ئاغا ئىشان قۇت — تەمۇر بۇقانىڭ ئوغلى بۇ تاشىرىگە ياتلىق قىلىنغان. سۆكسۈك تېگىن بىلەن دورجى ئىدىقۇت ئىككىلىسى كۈتەگۇ دۇۋى ئاتالغان. دىسمەك ئۇلارمۇ مەلىكە ئالغان بولۇشى كېرەك.

كۆز ئالدىمىزدىكى ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ئىدىقۇت ئائىلىسىدىكىلەر ئالغان مەلىكىلەر ئاساسەن ئوقاتاي سېتىسىدىن.

# مەنچىڭ خانلىقى دەۋرىدە بېيجىڭدا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار

جاڭ يۇشىن

مەنچىڭ خانلىقى مەركىزىي ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنى بېيجىڭغا كۆچۈرۈپ ئاپىرىپ ئولتۇراقلاشتۇرغان. بېيجىڭدىكى ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىنچىسى شۇلارنىڭ ئەۋلادى. مەنچىڭ خانلىقى بىرلىككە كەلتۈرگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشقا مەنپەئەتى بولار دېگەن ئۈمىت بىلەن، بۇ ماقالىدا مەنچىڭ دەۋرىدىكى ئوردا خەت - چەكلىرى ۋە ئارخىپلىرىغا ئاساسەن، مەنچىڭ دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ بېيجىڭغا كۆچۈرۈلۈش جەريانى ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى ئۈستىدە دەسلەپكى قەدەمدە مۇھاكىمە قىلماقچى.

## مەنچىڭ خانلىقىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنى بېيجىڭگە كۆچۈرۈشى

مەنچىڭ خانلىقى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىلگىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى شىنجاڭ رايونىدا ياشايتتى. چيەنلۇڭنىڭ 24 - يىلى (1759 - يىلى) چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭى جىمىقتۇرۇلغاندىن كېيىن، مەنچىڭ ھۆكۈمىتى بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنى بىرۋاراقى بېيجىڭگە كۆچۈرۈپ ئاپارغان. بۇ ئومۇمەن مۇنداق ئۈچ خىل ئەھۋالغا بۆلۈنىدۇ:

بىرىنچى، قىسمەن ھۈنەرۋەن، سەنئەتچىلەر بېيجىڭغا كۆچۈرۈپ ئاپىرىلغان.

شىنجاڭنىڭ ماددى بايلىقى مول، «ئالتۇنمۇ، قاش تېشىمۇ چىقىدۇ» («غەربىي رايوننىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، 43 - جىلد)، ئۇيغۇرلارنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان، «ئالتۇن ۋە قاش تېشىدىن رەڭگا - رەڭ، نەپىس - نازۇك گۈل - نەقىشلەر ياسايدۇ». «ھۈنەر - سەنئەتچىلىرى كۆپ» («غەربىي رايوندا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمدىن خاتىرە»، 2 - جىلد)، ماھارەتلىك ئۇستىلىرى بەك كۆپ ئىدى.

ئۇيغۇرلار يەنە كىلىپ ناخشىچى - ئۇسسۇلچى مەللەت، «7 - 8 ياشلىق بالىلىرىمۇ ھەر- تەرەپكە ئۆرۈلۈپ، بىر قانچە ئون تۇرلۇك مۇللاق ئويۇنى ئوينىيالايدۇ، ئۇچقاندەك سەكرەپ مۇللاق ئېتىشى تاماشىچىلارنىڭ كۆزلىرىنى قاماشتۇرىدۇ» («ئۇيغۇرلار رايونى ھەققىدە خاتىرىلەر»). «ئاياللىرى ناخشا - ئۇسسۇلغا ماھىر، خەلمۇ - خىل ئۇسسۇل ئوينايدۇ، مۇللاق ئاتىدۇ، مىس سىم ئۈستىدە دار ئوينايدۇ، بىر كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ» («غەربىي رايوندا كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىمدىن خاتىرە»). ئۇلارنىڭ ھۈنەر - سەنئىتى مەنچىڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ھەۋىسىنى قوزغىغان، شۇڭلاشقا چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭىنى جىمىقتۇرغاندىن كېيىن، بىر قىسىم ھۈنەرۋەن- سەنئەتچىلەرنى بېيجىڭغا مەجبۇرى كۆچۈرۈپ ئاپىرىپ، ئوردىدا خىزمەتكە سالغان. چىيەنلۇڭنىڭ 25 - يىلى 1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى (1760 - يىلى 3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى) پادىشا چىيەنلۇڭ ھەربى ۋەزىرىگە بېيجىڭغا كۆچۈرۈپ ئاپىرىلغان ئۇيغۇر «ھۈنەرۋەن- سەنئەتچىلەرنى بىر سومۇن قىلىپ تەشكىللەش» ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەن (تەپسىلاتى تۆۋەندە) . بۇ ئەھۋال ئۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ كۆپلىگەن ئۇيغۇر ھۈنەرۋەن- سەنئەتچىلىرىنىڭ بېيجىڭغا كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلاشقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنمۇ مەنچىڭ ھۆكۈمىتى داۋاملىق بىر قىسىم ھۈنەرۋەن - سەنئەتچىلەرنى بېيجىڭغا كۆچۈرۈپ ئاپارغان. ھازىر جۇڭگو بىرىنچى تارىخ ئارخىپلىرى ئىدارىسىدا ساقلىنىۋاتقان بىر پارچە «شەنشى - گەنسۇ باش ۋالىيسىنىڭ مۇشۇ ئىشنى بېجىرگۈچى تەپتىشى ۋۇدا- شەننىڭ مەلۇماتنامىسى» ۋۇداشەن چىيەنلۇڭنىڭ 25 - يىلى 8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى (1760 - يىلى 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى) مۇشۇ ئىشنى بېجىرگەن ئەھۋالنى پادىشا چىيەنلۇڭغا خەۋەر قىلىپ يازغان مەلۇماتنامە. بۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: «خەيمىڭ، ئىمىن خوجىلارنىڭ مەلۇماتىدا: ئەسلىدىكى باش ئاغلاقچى شېتۇڭلۇ قاتارلىقلارنى تەيىنلەپ، زەرگەلەر ۋە مۇللاقچى ئۇيغۇرلارنىڭ خوتۇن - بالىلىرىنى ئاقسۇغا يولغا سالدىم، دېگەن ئىكەن، ئېلى گۇڭ ئەۋەتكەن ھۈنەرۋەن - ئۇستىلارنىڭ خوتۇن - بالى- لىرىنى قوشۇپ ئەسلى ئېلىپ كەلگەن ئەمەلدار، ئەسكەرلەر بىلەن بىرلىكتە بېيجىڭغا يولغا سالدىم» ①. بۇ ھەر ھالدا مۇشۇ يىلىنىڭ كۈز پەسلىدە، يەنە بىر قىسىم ھۈنەر- ۋەن - سەنئەتچىلەرنىڭ بېيجىڭغا كۆچۈرۈپ ئاپىرىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بېيجىڭغا كۆچۈرۈپ ئاپىرىلغان بۇ ئۇيغۇر ھۈنەرۋەن - سەنئەتچىلەر، ئائىلە - تەۋەلىرى قوشۇلۇپ تەخمىنەن 300 دىن ئاشىدۇ (تەپسىلاتى تۆۋەندە).

ئىككىنچى، چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ ئائىلە - تەۋەلىرى ئەسىر سۈپىتىدە بېيجىڭغا يالاپ ئاپىرىلغان.

مەنچىڭ ھۆكۈمىتى چوڭ - كىچىك خوجىلارنى يوقاتقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىدىن قولغا چۈشۈرگەنلىرىنى بېيجىڭغا يالاپ ئاپارغان. چىيەنلۇڭنىڭ 24 - يىلى 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى (1760 - يىلى 1 - ئاينىڭ 27 - كۈنى) گەنسۇنىڭ تەپتىشى ۋۇداشەن مۇشۇ ئىش توغرىسىدا چىيەنلۇڭغا يازغان مەخسۇس مەلۇمات ھازىرمۇ جۇڭگو بىرىنچى تارىخ ئارخىپلىرى ئىدارىسىدا ساقلانماقتا. بۇ مەلۇماتتا مۇنداق دېيىلگەن: بۇ يىل 12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى جىمىڭ ئۇلارنىڭ داققالچىسى «سۇجۇغا يالاپ ئېلىپ كەلگەن ئاسىيلار بەشلىكىدىن كالىسى ئېلىنغان خوجا جاھان (كىچىك خوجىلاردىن — ئاپتور) نىڭ ئائىلە تەۋەسى ۋە ئۇرۇق - جەمەتى بولۇپ 14 كىشى، بىللە كەلگەن ئايال 4 كىشى، جەمى 18 كىشىنى شۇئان يول خېتى تارقىتىپ بېرىپ، يول ئۈستىدىكى جايلارغا ئۆتكۈزۈپ، يالاپ - مۇھاپىزەت قىلىپ ئاپىرىش ئۈچۈن ئىككى نەپەر ئەمەلدار — بىر چەنزۇڭ، بىر بازۇڭ بىلەن 10 دىن ئەسكەر، خىزمەتچى بەلگىلەپ، 12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى سۇجۇدىن بېيجىڭغا يولغا سالدىم»②. بۇ ئادەملەرنىڭ تەقدىرى قانداق بولغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق خاتىرە بولمىسىمۇ، لېكىن مەنچىڭ ھۆكۈمىتى ئۇلارنى ئەسىر سۈپىتىدە ئولتۇرغۇزمىغان، بېيجىڭدا «قالدۇرۇپ باققان». چوڭ خوجىنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىنى بېيجىڭغا يالاپ ئاپىرىپ ئورۇنلاشتۇرغان ئەھۋال بۇنى ئىسپاتلايدۇ. ھازىر ساقلىنىۋاتقان چىيەنلۇڭنىڭ 26 - يىلى (1761 - يىلى) شىنجۇ، ئىمىن خوجىلارنىڭ مەلۇماتىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن چىيەنلۇڭنىڭ يارلىقىدا بۇ ئەھۋال ئېنىق ئېيتىلغان. ئەسلى مەلۇمات مۇنداق: «يارلىققا بىنائەن شۇنى مەلۇم قىلىمىزكى، چىيەنلۇڭنىڭ 26 - يىلى 4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، جۇنجىچۇنىڭ ئەۋەتكەن خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالدۇق. بۇنىڭدا خانىنىڭ 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىكى يارلىقى يەتكۈزۈلۈپ: خەيمىڭنىڭ يازغان مەلۇماتىدا چوڭ خوجا بۇرھانىدىننىڭ چىقىشىپ كەتكەن خوتۇنى ئايشە ئاغاچىدىن تۇغۇلغان ئوغلى ساماقنى ۋە ساماقنىڭ ئىمەك ئانىسى ئۇيغۇر ئەختەر بوۋىنى ھەم ساماقنى باققان ئۇيغۇر پولات سوپىنى بىرلىكتە بېيجىڭغا يولغا سالدۇق دېيىلدۇ. چوڭ خوجا بۇرھانىدىننىڭ ئوغلى ساماق كىچىك بالا تۇرسا، ئۇنىڭ قانداقمۇ جىنايىتى بولسۇن؟ بېيجىڭغا ئەۋەتىلگەن بولسا، پەقەت بېقىپ ئۆستۈرۈلىدۇ، ھېچقانداق جىنايەت ئارتىلمايدۇ. پولات سوپى ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى خوجايىنىنى يادئېتىپ ساماقنى باققان ئىكەن، ئۇنى كەچۈرسە بولاتتى. بېيجىڭغا ئەۋەتىلگەندىمۇ، ئۇنىڭغا جىنايەت ئارتىلمايدۇ. پەقەت ئورۇنلاشتۇرۇپ بېقىلىدۇ. خالاس. بۇنى يېڭگويى، شىنجۇ، خەيمىڭلارغا يەتكۈزۈڭلار، ئۇلار بۇ يارلىقتىن پۈتۈن ئۇيغۇرلارنى

خەۋەردار قىلسۇن ③ دېيىلگەن». مەنچىڭ ھۆكۈمىتى نېمە ئۈچۈن بۆلگۈنچىلىك قىلىپ توپىلاڭ كۆتەرگەنلەرنىڭ باشلىقى بولغان چوڭ - كىچىك خوجىلار ئائىلە تەۋەلىرىنىڭ «قائىدە بويىچە» كاللىسىنى ئالمىغان؟ بۇنى چيەنلۇڭنىڭ 25 - يىلى 3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى (1760 - يىلى 5 - ئاينىڭ 2 - كۈنى) خوجا جەمەتىنىڭ قەۋرىسىنى مۇھاپىزەت قىلىش توغرىسىدا چۈشۈرگەن يارلىقىنىڭ مەزمۇنىدىن چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. چيەنلۇڭ چۈشۈرگەن يارلىقىدا مۇنداق دېگەن: «ئاسىي خوجا جاھان قاتارلىقلار ۋاپاغا جاپا قىلىپ، بېشىنى يېيىشتى، ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى بىر تەرەپكە باشلىق بولغان، جىنايىتى يوق. ھازىر ئۇيغۇرلار دەسلەپكى قەدەمدە تىنجىدى، قەشقەردىكى بۇرۇنقى خوجىلارنىڭ بارلىق قەۋرىلىرى ئادەم بەلگىلەپ ساقلانسۇن، ئۇتتۇن كېسىپ بىزەۋەت قىلىش مەنئى قىلىنسۇن. رېمونت قىلىشقا پۇل ئاجرىتىپ بېرىلسۇن ۋە بۇنى باشقۇرۇشقا مەخسۇس ئەمەلدار تەيىنلەپ، دۆلەتنىڭ مېھرى - شەپقىتى بىلدۈرۈلسۇن. باشقىلارمۇ بۇنى بىلىپ تەسىرلەنسۇن» ①. بۇنىڭدىن شۇنى بىلگىلى بولىدۇكى، چوڭ - كىچىك خوجىلار تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، مەنچىڭ ھۆكۈمىتى ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە كەڭچىلىك سىياسىتىنى قوللانغان. بۇنىڭدا ئاساسلىقى خوجا جەمەتىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى تەسىرىنىڭ چوڭلۇقىنى كۆزدە تۇتقان. مۇشۇنداق قىلغاندا، شىنجاڭ تىنچلانغان دەسلەپكى مەزگىلدە، كىشىلەر قەلبىنى رام قىلىپ، سىياسىي ۋەزىيەتنى مۇقىم-لاشتۇرغىلى بولاتتى.

چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىنىڭ بېيجىڭغا كۆچۈرۈپ ئاپىرىلغاندىن كېيىنكى ئەھۋالى قانداق بولغانلىقى تازا ئېنىق ئەمەس، ئېھتىمال، ھۈنەرۋەن - سەنئەت-چىلەر سۈمۈنىغا كىرگۈزۈلگەن بولۇشى، بەزىلىرى ئوردىغا كىرگەن بولۇشى مۇمكىن.

ئۈچىنچى، شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈش جەريانىدا مەركىزىي ھۆكۈمەتكە ئەل بولغان ۋە خىزمەت كۆرسەتكەن ئۇيغۇر بەگلىرىنى بېيجىڭغا كۆچۈرۈپ ئاپارغان.

«ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» گە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر بەگلىرىدىن بېيجىڭغا تۆۋەندىكىلەر كۆچۈرۈپ ئاپىرىلغان:

غوجەك، خوتەندىن، ئەسلى قەشقەرنىڭ ھاكىم بېگى. چوڭ - كىچىك خوجىلار توپىلىڭىدا، غوجەك ئۆزىنى قاچۇرۇپ بۇيرۇتلار تەۋەسىگە بېرىۋالغان، چيەنلۇڭنىڭ 24 - يىلى (1759 - يىلى) مەنچىڭ قوشۇنىغا ئەل بولغان ۋە مەنچىڭ قوشۇنىغا خىزمەت تەقدىم قىلىپ، چوڭ - كىچىك خوجىلارنى يوقىتىشقا ياردەم بېرىپ، يەكەنگە ھاكىم بەگ بولغان. چيەنلۇڭنىڭ 25 - يىلى (1760 - يىلى) خانغا تازىمغا بارغاندا، «پەرمان بىلەن بېيجىڭدا قالدۇرۇلۇپ. ئوتتۇرانچى گۈڭلۈق مەنسىۋىگە تەيىنلىنىپ، ئىككى كۆزلۈك

قۇشقاچ جەركى ئىنئام ئالغان»، چيەنلۇڭنىڭ 46 - يىلى (1781 - يىلى) ئۆلگەن. چوڭ ئوغلى ئىبراھىم ئۇنىڭ مەنسۇپىگە ۋارىسلىق قىلغان. چيەنلۇڭنىڭ 53 - يىلى (1788 - يىلى) «يارلىق بويىچە ئوتتۇرانچى گۇڭلۇققا ۋارىسلىق قىلغان.

ھۈسەيىن، يەكەندىن. لەقىمى ئەركە خوجا. خوجا جەمەتى، مەنچىڭ قوشۇنى جۇڭغارلارنى جىمىقتۇرغاندا، ھۈسەيىن مەنچىڭ خانلىقىغا ئەل بولغان. چوڭ-كىچىك خوجىلار توپىلاڭ كۆتەرگەندە، «ھۈسەيىن بويسۇنماي»، ئۆزىنى قاچۇرۇپ بۇيرۇتلار تەۋەسى ۋە باشقا جايلاردا بولغان. چيەنلۇڭنىڭ 24 - يىلى (1759 - يىلى) قوشۇن تارتىپ چوڭ - كىچىك خوجىلارغا ھۇجۇم قىلغان، «بىر بايراقتا ئىبرىشىپ، قوشۇننى تەقدىم قىلىپ، ئىچكىرىگە ئەل بولۇشنى ئىلتىماس قىلغان». مەنچىڭ قوشۇنىنىڭ قوماندانى جاۋخۇي ھۈسەيىننى خان ھۇزۇرىغا تازىمغا ئەۋەتكەن، چيەنلۇڭ «ئۇنى پەيغەمبەر ئەۋلادى دەپ، ئوتتۇرانچى گۇڭلۇققا تەيىنلەپ يارلىق چۈشۈرگەن»، ئۇ «ئەسلىدە ئۆزى تۇرغان، يەكەنگە قايتۇرۇش ئەپسىز بولغاچقا»، بۇيرۇق بىلەن ئۇنى ئائىلە تەۋەلىرى بىلەن بېيجىڭغا كۆچۈرگەن. چيەنلۇڭنىڭ 55 - يىلى ئۆلگەن. ئوغلى ئۇنىڭ مەنسۇپىگە ۋارىسلىق قىلغان. چيەنلۇڭنىڭ خانىشى (راۋايەتتىكى «ئىپارخان») شۇلارنىڭ جەمەتى.

تۇردى، ھۈسەيىننىڭ جىيەنى. چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭىدا، ھۈسەيىن بىلەن بىللە بۇيرۇتتا بولغان، چيەنلۇڭنىڭ 24 - يىلى (1759 - يىلى)، ھۈسەيىن بىلەن بىللە مەنچىڭ قوشۇنىغا ئەل بولۇپ، خانغا تازىمغا بارغان. چيەنلۇڭ «ئۇنى پەيغەمبەر ئەۋلادى دەپ، يارلىق چۈشۈرۈپ 1 - دەرىجىلىك جاساق تەيجى مەنسۇپىنى بېرىپ، بېيجىڭدا قالدۇرغان. 27 - يىلى (1762 - يىلى) قەشقەرگە ھۇجۇم قىلغاندا خىزمەت كۆرسەتكەن دەپ قاراپ، ئوتتۇرانچى گۇڭلۇققا ئۆستۈرگەن». 44 - يىلى (1779 - يىلى) ئۆلگەن. ئوغلى بولمىغاچقا، جىيەنى توختى ئۇنىڭ مەنسۇپىگە ۋارىسلىق قىلغان.

مامۇت، ھۈسەيىننىڭ جىيەنى، تۇردىنىڭ ئاكىسى. توپىلاڭدا چوڭ - كىچىك خوجىلارغا بويسۇنماي، ھۈسەيىنلەر بىلەن بىللە بۇيرۇتلار تەۋەسىگە كەتكەن. كېيىن مەنچىڭ قوشۇنىغا ئەل بولغان. چيەنلۇڭنىڭ 24 - يىلى (1759 - يىلى) خانغا تازىمغا كىرگەندە، 1 - دەرىجىلىك جاساق تەيجىلىك مەنسۇپىنى بېرىپ، بېيجىڭدا قالدۇرغان ۋە ئائىلە تەۋەلىرىنى بېيجىڭغا كۆچۈرۈپ ئاپىرىپ، «بىر يەرگە جەم قىلىپ قويغان». 44 - يىلى (1779 - يىلى) ئۆلگەن. ئوغلى باباغا 2 - دەرىجىلىك تەيجى مەنسۇپى مىراس قالغان.

ھاشىم، موڭغۇل نەسلىدىكى ئۇيغۇر. چيەنلۇڭنىڭ 24 - يىلى (1759 - يىلى) مەنچىڭ قوشۇنىغا ئەل بولۇپ، كېيىنكى يىلى خانغا تازىمغا كىرگەندە، 1 - دەرىجىلىك تەيجىلىك مەنسىۋى بېرىلىپ، بېيجىڭدا قالدۇرۇلغان. 30 - يىلى (1765 - يىلى) ئۆلگەن، ئوغلى ئابلاغا 2 - دەرىجىلىك تەيجىلىك مىراس قالغان.

ئابدۇرامان، يەكەندىن، ئۇنىڭ بوۋىسى ئەركە غوجا تۇپىلاڭدا چوڭ - كىچىك خوجىلارغا بويسۇنمىغاچقا ئۆلتۈرۈلگەن. ئابدۇرامان بۆيرۈتلار تەۋەسىگە بېرىپ پانالانغان، كېيىن چوڭ - كىچىك خوجىلار تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ ھەپسىگە ئېلىنغان. چيەنلۇڭنىڭ 24 - يىلى (1759 - يىلى) مەنچىڭ قوشۇنى چوڭ - كىچىك خوجىلارنى مەغلۇپ قىلغاندا، بوشۇنۇپ چىققان. كېيىنكى يىلى خانغا تازىمغا كىرگەندە، 2 - دەرىجىلىك تەيجىلىك مەنسىۋى بېرىلگەن، 37 - يىلى (1772 - يىلى) ئۆلگەن، ئوغلى ئابدۇنەزەرگە 3 - دەرىجىدىكى تەيجىلىك مىراس قالغان.

پەرسا، ھۆسەيىننىڭ ئىنىسى، تۇپىلاڭدا چوڭ - كىچىك خوجىلارغا بويسۇنماي، بۆيرۈتلار تەۋەسىگە بېرىۋالغان. چيەنلۇڭنىڭ 24 - يىلى (1759 - يىلى) مەنچىڭ قوشۇنىغا ئەل بولۇپ، كېيىنكى يىلى خانغا تازىمغا كىرگەندە، 3 - دەرىجىدىكى تەيجىلىك مەنسىۋى بېرىلىپ، بېيجىڭدا قالدۇرۇلغان. 55 - يىلى (1790 — يىلى) ئۆلگەن، مەنسىۋىگە ئوغلى بوۋاق خوجا ۋارىسلىق قىلغان.

خوجىس، ئۇچتۇرپاندىن، چيەنلۇڭنىڭ 20 - يىلى (1755 - يىلى) جۇڭغارلار خانى داۋاجىنى تۇتۇپ مەنچىڭ ھۆكۈمىتىگە تەقدىم قىلغان، 23 - يىلى (1758 - يىلى) ئۆزىگە تەۋە 5 مىڭ ئۆيلۈك، 20 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇرنى باشلاپ مەنچىڭ قوشۇنىغا ئەل بولغاندا، گۇڭلۇق مەنسىۋى، ئىككى كۆزلۈك كۆللۈك جىغە ئىنئام قىلىنغان. كېيىن مەنچىڭ قوشۇنى يەكەنگە ھۇجۇم قىلغاندا لەشكەر تارتىپ ياردەملەشكەن، بۇ چاغدا يەنە گۇسەن بېيزى مەنسىۋى بېرىلگەن، كېيىن مەنچىڭ قوشۇنىنىڭ تۇپىلاڭغا قارشى ئۇرۇشلىرىغا قوشۇن تارتىپ ياردەم بېرىپ، خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ 6 شەھەرنىڭ ھاكىم بەگلىرىنى باشقۇرىدىغان گۇسەن بەيلى قىلىپ تەيىنلىگەن، كېيىن دولو بېيزى، ئىنالچىلىق مەنسىۋىنى بەرگەن. چيەنلۇڭنىڭ 25 - يىلى (1760 - يىلى) «ئۇچتۇرپاننىڭ بەگلىرى ئۇنىڭ ئۈستىدە ئاتا — بالا بىرلىكتە ئۇيغۇرلارغا ئېغىر زۇلۇم قىلدى، دەپ ئەرز قىلغان»، مەنچىڭ ھۆكۈمىتى بىز ۋەقەنىڭ چوڭىيىپ، شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە داۋالغۇش پەيدا قىلىشتىن قورقۇپ، «خوجىسنى بېيجىڭغا كۆچۈرۈپ ئاپارغان»، بىزنىڭ بىلەن ئۇ «خاتىرجەم ھايات كەچۈرگەن». «قوغداپ قېلىنغان». («غەرپ پادىشاھلىرىنىڭ ناخشا تېكىستى»).

ئاق خوجا، بۇمۇ بېيجىڭغا كۆچۈرۈپ ئاپىرىلغان مەشھۇر ئۇيغۇر بەگلىرىدىن بىرى. ئۇنىڭ ئاتىسى چاغلىق ئەسلىدە تۇرپاننىڭ بېگى بولۇپ، چيەنلۇڭنىڭ 21 - يىلى ( 1755 - يىلى ) مەنچىڭ خانلىقى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈش جەريانىدا مەنچىڭ قوشۇنىغا ئەل بولغان. لېكىن كېيىنكى يىلى باھاردا، مەنچىڭ قوشۇنىنىڭ قوماندانى فۇكۈي تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن. بۇ چاغدا ئاق خوجا چيەنلۇڭ خانغا سالام بېرىشكە كېتىۋېتىپ قۇمۇلغا بارغاندا، مەنچىڭ قوشۇنى تۇتۇۋالغان. كېيىن مەنچىڭ ھۆكۈمىتى ئەھۋالنى ئېنىقلاپ، فۇكۈينىڭ كاللىسىنى ئالغان. «ئاق خوجىنىڭ جىنايىتىنى كەچۈرۈپ، تۇرپاندىن ئۇنىڭ خوتۇنى مەلىكىنى ۋە ئىنىسى تۇختى نەزەرنى بېيجىڭغا ئاپارغان، موڭغۇللارنىڭ جەڭبەيچى تەۋەسىگە ئورۇنلاشتۇرغان. كېيىن 3 - دەرىجىلىك ياساۋۇللۇقتىن شاڭخۇاڭچى موڭغۇللىرىنىڭ مۇئاۋىن سەركەردىلىكىگە ئۆستۈرگەن.

بۇلاردىن باشقا، ئۇيغۇرلاردىن يەنە بىر قىسىم يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىمۇ بېيجىڭغا كۆچۈرۈپ ئاپارغان. شەنشى - گەنسۇ باش ۋالىيسى ياڭ يىڭجۇنىڭ چيەنلۇڭنىڭ 24 - يىلى 10 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ( 1759 - يىلى 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ) دىكى مەلۇماتىدا : «ئۇيغۇر سالا ئاخۇن قاتارلىقلارنىڭ خوتۇن، بالىلىرى ۋە ھاكىم خوجا قاتارلىقلارنىڭ خوتۇن - بالىلىرى بولۇپ جەمئىي 18 ئادەم ... ئەمەلدار ۋە ئەسكەر - خىزمەتچىلەرنىڭ مۇھاپىزىتىدە يولغا سېلىنىپ، سۇجۇغا يېتىپ كەلگەن ئىكەن. شۇڭلا بېيجىڭغا ماڭدۇردۇق، تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش مەھكىمىسىنىڭ تاپشۇرۇپ ئېلىشىنى سورايمەن» ⑤ دېيىلگەن. بۇ، سالا ئاخۇن ۋە ھاكىم خوجا قاتارلىق ئادەملەرنىڭ خوتۇن - بالىلىرىدىن 18 ئادەمنىڭمۇ مەنچىڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بېيجىڭغا كۆچۈرۈلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بىرمۇنچە ئۇيغۇر بەگلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ بالا - ۋاقىلىرىنى بېيجىڭغا كۆچۈرۈپ ئاپىرىپ ئولتۇراقلاشتۇرۇشىدىكى ئاساسىي سەۋەپ، بۇ ئادەملەرنىڭ جايلاردا زور ئەنئەنىۋى تەسىرى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئامۇرسانا ۋە چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ ئىزىغا دەسسەپ قېلىشىدىن قورققان، مەنچىڭ ھۆكۈمىتى ئۇلارنى كونترول قىلىش ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇش غەرىزىدە بولغان. مەنچىڭ ھۆكۈمرانلىرى بۇنى قىلچە يوشۇرمىغان، چيەنلۇڭ مۇنداق دىگەن: «خوجا جاھان جەمەتىنىڭ بېيجىڭدا قالدۇرۇلىشى ۋە قوشۇنىنى چېكىندۈرگەندە بۇيرۇق بىلەن خوجىس بەگنىڭ بېيجىڭغا بىللە كەلتۈرۈلىشىدىكى سەۋەپ شۇكى، ئۇلار ئەسلى ماكانىدا تۇرۇۋەرسە، يامان خىياللاردا بولۇپ، چاتاق چىقىرىشى چوقۇم ئىدى، شۇڭا ئۇلارنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىندى. ... مۇشۇنداق قىلىنغاندا، ئۇلاردىكى يامان خىياللارمۇ تۈگەيدۇ، جايلاردىمۇ خاتىرجەملىك بولىدۇ» ( «چېگرىلارنى تىنچلاندۇرۇش لايىھەسى» رەسمىي توپلام، 79 - جىلد ).

## 3 . بېيجىڭغا كۆچۈرۈلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى

بېيجىڭغا كۆچۈرۈلگەن ئۇيغۇرلار مەمۇرىي جەھەتتە ئىككى سىستېمىغا تەۋە بولغان، يەنى ئەسلىدىكى بەگ قاتارلىق ئاقسۆڭەكلەر تەۋەلىكنى باشقۇرۇش مەھكىمىسىگە، مۇنەررەۋەن - سەنئەتچىلەر ئىچكى ئىشلار مەھكىمىسىگە تەۋە بولغان. چيەنلۇڭنىڭ 25 - يىلى 1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى (1760 - يىلى 3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى) دىكى خان يارلىقىدا مۇنداق ئېنىق بەلگىلەنگەن: «بېيجىڭغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئۇيغۇرلاردىن ھۈسەيىن گۇڭپىڭ دەرىجىلىك، مامۇت، تۇردى خوجا جاساق دەرىجىلىك بولغاچقا، بۇلار تەۋەلىك مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە بولسۇن؛ يەنە، مۇنەررەۋەن - سەنئەتچىلەر بىر سومۇن قىلىپ ئۇيۇشتۇرۇلسۇن، بۇنىڭغا ئاق خوجا سومۇن بولۇپ، ئىچكى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولسۇن. مۇندىن كېيىن داۋاملىق كەلگەن ئۇيغۇرلار مۇشۇ سومۇنغا كىرگۈزۈلسۇن» («مەنچىڭ خانى گاۋزۇڭنىڭ ئەمەلىي ئىشلىرى خاتىرىسى»، 605 - جىلد). ئۇلارغا قىلىنىدىغان سىياسىي مۇئامىلە ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىنغان. تەۋەلىك مەھكىمىسىگە تەۋە قىلىنغانلىقى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىگە موڭغۇللارنىڭ ۋاڭ - گۇڭلىرى ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يۇقىرى تەبىقىدىكى كىشىلىرىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمران سىنىپقا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مۇنەررەۋەن - سەنئەتچىلەرنىڭ ئىچكى ئىشلار مەھكىمىسىگە تەۋە قىلىنغانلىقى بولسا، ئۇلارنىڭ 8 خوشۇن «رەڭدار كىيىم» لىكلەر (مالاي) لارغا ئوخشاشلىقىنى، ھەممىسى ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئەمرىدە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

بېيجىڭغا كۆچۈرۈلگەن ئۇيغۇر بەگلىرى قاتارلىق بۇ بىر قىسىم يۇقىرى تەبىقىدىكى ئادەملەر موڭغۇللارنىڭ جەڭبەيچىسى تەركىبىگە كىرگۈزۈلۈپ، موڭغۇل ۋاڭ - گۇڭلىرىغا ئوخشاش مەرتىۋىسى بويىچە مائاش ئالغان. «ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دە مۇنداق ئېنىق خاتىرىلەنگەن: «ئوتتۇرانچى گۇڭ غوجەك، ھۈسەيىن، 1 - دەرىجىلىك تەيجى مامۇت، تۇردى، ھاشىم، 2 - دەرىجىلىك تەيجى ئابدۇرامان، 3 - دەرىجىلىك تەيجى پەرسا قاتارلىقلار ئىلگىرى - كېيىن ئوردىغا تازىمغا كەلگەندە، پەرمان بىلەن بېيجىڭدا قالدۇرۇلۇپ، ھەممىسى موڭغۇللارنىڭ جەڭبەيچى قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن. بۇلارنىڭ مائاشىغا كۈمۈش پۇل، تەمىناتىغا گۈرۈچ بېرىشكە تېگىشلىك». بۇلارنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش - چۈشۈرۈش، مەنسۇپكە ۋارىسلىق قىلىش ئىشلىرىنى تەۋەلىك مەھكىمىسىدىن دوغابەگ لەي يوەنچىڭ كونكرېت بېجىرگەن. «تەۋەلىك مەھكىمىسىنىڭ قائىدە - نىزامى»

دا: «دوغا بەگلەي يۈەنچاڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ئۇيغۇر ۋاڭ، گۇڭ، تەيجىلىرى، ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ھەر قايسى شەھەرلەرنىڭ ئۇيغۇر ۋاڭ، گۇڭ، تەيجى، بەگلىرىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، چۈشۈرۈش ۋە ۋارىسلىق قىلىش ئىشلىرىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە تەزكىرىسىلىرىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ تارماق مەزھەپلىرىنى تىزىمغا ئېلىش ئىشلىرىنى بېجىرىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. ئۇلارنىڭ مائاشى تەۋەلىك مەھكىمىسىنىڭ غەزنىسىدىن بېرىلگەن. «تەۋەلىك مەھكىمىسىنىڭ قائىدە - نىزامى» دا يەنە: «ئومۇمەن موڭغۇل ۋاڭ، گۇڭلىرى ۋە ئۇيغۇر ۋاڭ، گۇڭلىرى ئېلىشقا تېگىشلىك مائاشلىرىنى ھەر يىلى 2 - ئاينىڭ 13 - كۈنى غەزنىگە بېرىپ ئالىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.

دەسلەپتە، مەنچىڭ ھۆكۈمىتى بېيجىڭغا كۆچۈرۈپ ئاپارغان ئۇيغۇر بەگلەرنى غەربىي چاڭئەن كوچىسىنىڭ جەنۇبىدىكى، كېيىنكى ۋاقىتتا «ئۇيغۇر مەھەللىسى»* (تەپسىلاتى تۆۋەندە) دېگەن جايغا ئورۇنلاشتۇرماقچى بولغان. چيەنلۇڭنىڭ 24 - يىلى 12 - ئاينىڭ 13 - كۈنى (1760 - يىلى 1 - ئاينىڭ 30 - كۈنى)* ئىلمىي كالان، قوشۇمچە تەۋەلىك مەھكىمىسىنىڭ، باشلىقى ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى فۇخىڭنىڭ يازغان مەلۇماتىدا: «(غەربىي چاڭئەن) دەرۋازىنىڭ سىرتىدىكى ئۆيلەر ياسىلىپ پۈتتى، ئۇيغۇر گۇڭ خوسىيىن، تەيجى مامۇت، تۇردىلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى بېيجىڭغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھەممىسى مۇشۇ جايغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ» ⑥ دېيىلگەن. ئېھتىمال، بېيجىڭغا كۆچۈرۈلگەن ئۇيغۇرلار كۆپ بولۇپ، «ئۇيغۇر مەھەللىسى» گە سىغدۇرۇشقا مۇمكىن بولمىغاچقا، كېيىنكى يىلى 1 - ئايدا، چيەنلۇڭنىڭ بېيجىڭغا كۆچۈرۈلگەن ئۇيغۇر بەگلىرى ۋە ھۈنەرۋەن - سەنئەتچىلەر ئايرىم-ئايرىم تەۋەلىك مەھكىمىسى ۋە ئىچكى ئىشلار مەھكىمىسىگە تەۋە قىلىپ جايلاشتۇرۇش يارلىغىنى چۈشۈرگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقۇرى تەبىقىدىكى ئادەملىرىگە ئايرىم جاي بېرىلگەن. مەسىلەن، تۇردىنى دۇڭسىنىڭ 6 - كوچىسىغا ئورۇنلاشتۇرغان. چيەنلۇڭنىڭ 25 - يىلى 3 - ئاينىڭ 2 - كۈنى (1760 - يىلى 4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى) فۇخىڭنىڭ يازغان مەلۇماتىدا: «يارلىققا بىنائەن تۇردىغا ئۆي جايلاپ بېرىش ئىشىنى چىڭ فۇنىڭ بېجىرىشىگە تاپشۇرغان ئىدىم. ئەمەلدارلار جايلاشتۇرۇلغان دۇڭداسى (شەرقىي چوڭ بازار) نىڭ 6 - كوچىسىدىكى (ھازىرقى دۇڭسىنىڭ شىمالىدىكى 6 - كوچا) تەييار 22 ئېغىزلىق ھۆكۈمەت ئۆيىنى بەرمەكچى بولغان ئىكەن. ئۇنىڭ ئولتۇرۇشىغا بۇيرۇق بېرىلدى»، دېيىلگەن. بېيجىڭغا كۆچۈرۈلگەن ئۇيغۇر بەگلەرگە ھۆكۈمەتتىن ئۆي - جاي بېرىش بىلەنلا قالماستىن، يەنە ھۆكۈمەت پۇل ئاجرىتىپ، تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىمۇ ھەل قىلىپ بەرگەن. فۇخىڭنىڭ يۇقۇرىدا ئېيتىلغان مەلۇماتىدا يەنە:

* ئۇيغۇر مەھەللىسى — ئەينى ۋاقىتتا خۇيزىيىڭ 回子营 دەپ ئاتالغان — ت

«ئائىلىلىرى ئىلتىماسات قىلىپ، تۇردىنىڭ ئۆي- سەرەمجان، مالاي ۋە يۇرۇش - تۇرۇش مەسىلىلىرى ھەل قىلىپ بېرىلسۇن دېگەن ئىكەنلەر، كىيىم - كېچەك، ئات، ئېگەر - جابدۇق ۋە قورال - سايمانلىرىنى تەييارلاپ بېرىش ئۈچۈن، مالىيىدىن 500 سەر كۈمۈش بېرىش تەستىقلاپ بېرىلسە، يەنە، تۇردىنىڭ يىللىق مائاشى ئاران يۈز سەر ئىكەن، بۇ ئۇنىڭ مالايلىرى ۋە ئائىلە تۇرمۇشى ئۈچۈن يېتىشمەيدىغاندەك قىلىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ھۆكۈمەتنىڭ ئۆي ئىجارە غەزنىسىدىن ھەر ئايدا 20 سەر كۈمۈش چىقىم قىلىپ، تۇرمۇشىغا ياردەم بېرىلسە» دېيىلگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ يۇقۇرى تەبىقىدىكى ئادەملىرىنى پادىشا دائىم قوبۇل قىلىپ تۇرغان ھەم ئۇلار دائىم ئوردىغا بېرىپ زىياپەتلەرگە قاتنىشىپ، پادىشا ئەتراپىدا مەھرەمىلىك قىلغان. ئۇلار يەنە دائىم شىكارغا چىقىپ تۇرغان («ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»). پادىشاغا ھەمرا بولۇپ ھەر يىلى بىر نۆۋەت رېخېغا بېرىپ سالقىنداپ كەلگەن ۋە شىكارغا چىققان، ئالاھىدە ھەشەمەتلىك تۇرمۇش كەچۈرگەن. لېكىن «ئەمەلىي ھوقۇق تۇتمىغان» («غەرب پادىچىلىرىنىڭ ناخشا تېكىستى»).

بېيجىڭغا كۆچۈرۈلگەن ئۇيغۇرلاردىن ئېچكى ئىشلار مەھكىمىسىگە تەۋە ھۈنەرۋەن - سەنئەتچىلەر بىر سومۇن قىلىپ ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ئۇلارغا ئىلگىرىكى تۇرپاننىڭ بېگى چاغالىق نىڭ ئوغلى ئاق خوجا باشچىلىق قىلغان. ئۇلار «ئۇيغۇر مەھەللىسى» دە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. چيەنلۇڭ يېزىپ بەرگەن «ئۇيغۇر مىچىتىنىڭ سېلىنىشىغا بېغىشلانغان خاتىرە» دە: «بۇلارنىڭ بەگلىرىدىن خوجىس، خوجەك قاتارلىقلارغا گۇڭلۇق مەنسىۋى، تۇرار جاي ئىنئام قىلىندى، قالغانلاردىن ئۆز يۇرتىغا قايتۇرۇلمىغانلار چاڭئەن دەرۋازىسىنىڭ غەربىگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئەمەلدار بولدى ۋە باشقا خىزمەتلەرنى قىلدى، بىر ئورۇندا يىغىلىپ ئولتۇراقلاشتى، شۇڭا كىشىلەر بۇنى ئۇيغۇر مەھەللىسى دەيدۇ» دېيىلگەن. مەنچىڭ ۋاقتىدىكى جۇيىشىن يازغان «بېيجىڭ كوچىلىرى تەزكىرىسى» دىكى خاتىرىگە ئاساسلانغاندا، غەربىي چاڭئەن كوچىسىنىڭ «جەنۇبىي خالتا كوچىسى، «ئۇيغۇر مەھەللىسى» دېيىلگەن». بۇنىڭ ئورنى ھازىرقى تيەنئەنمېننىڭ غەربىدىكى غەربىي چاڭئەن كوچىسىنىڭ جەنۇبىدىكى دۆڭتەنفۇ دېگەن كوچىدا.

«ئايدىڭ كېچىدە بۇرۇن ئىشىتكەنلىرىم ھەققىدە ئېنىقلىما» نىڭ 71 - جىلدىدا، «گۇاڭشۈنىڭ شۇنتيەن مەھكىمىسى تەزكىرىسى» نىڭ 7 - جىلدىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن «ئىچكى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ تىزىملىكى» دە: «چيەنلۇڭنىڭ 25 - يىلى، يارلىققا بىنائەن ئاق خوجىغا ئۇيغۇر سومۇنلىقى بېرىلىپ، تەسلىم بولغان ئۇيغۇرلار بىر سومۇن قىلىندى، ئۇلارنى ئولتۇراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن غەربىي چاڭئەن كوچىسىنىڭ جەنۇبىدا بىر ئۇيغۇر

مەھەللىسى بىنا قىلىندى. بۇ يەرگە سېلىنغان جەمئى ئۆي 147 ئېغىزلىق. ئۇيغۇر مەھەللىسىدە ئىش بېجىرىش ئۆيى تەسىس قىلىندى، بۇنىڭ ئىشلىرىنى ئىچكى ئىشلار مەھكە-مىسىنىڭ ئەمەلدارى باشقۇرىدۇ» دېيىلگەن. «ئۇيغۇر مەھەللىسىدە ئىش بېجىرىش ئۆيى تەسىس قىلىندى» دېگىنى «بېيجىڭ كوچىلىرىنىڭ تەزكىرىسى» دىكى «ئۇيغۇر سۈمۈنى لاۋازىمەت باشقارمىسى» دۇر.

147 ئېغىزلىق ئۆي، چيەنلۇڭنىڭ 24 - يىلى 12 - ئايدا فۇخېڭنىڭ يازغان مەلۇماتىدا ئېيتىلغان خوسيىن قاتارلىقلارنىڭ ئولتۇرۇشىغا بەرمەكچى بولغان ئۆيگە قارىتىلغان. كېيىن خوسيىن قاتارلىق بەگلەرگە مەنسەپ، ئايرىم ئۆي - جاي بېرىلىپ، بۇ ئۆيلەر خۇنەرۋەن - سەنئەتچىلەرنىڭ ئولتۇرۇشىغا بېرىلگەن. ئۇيغۇر خۇنەرۋەن - سەنئەتچىلىرىنىڭ بېيجىڭغا داۋاملىق كۆچۈرۈلۈپ كۆپىيىشى بىلەن يەنە ئۆي سېلىشقا مەجبۇر بولغان. چيەنلۇڭنىڭ 27 - يىلى 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى (1763 - يىلى 1 - ئاينىڭ 11 - كۈنى) «شەرقىي ۋە غەربىي چاڭئەن دەرۋازىسىنى رېمونت قىلىش ئۈچۈن كېتىدىغان كۈمۈش توغرىسىدا سەن - يىڭ (ئىچكى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ ۋەزىرلىرى سەنخې، يىڭلىەن) لەرنىڭ مەلۇماتى» دېگەن تېمىدا يېزىلغان بىر پارچە مەلۇماتتا، چاڭئەننىڭ شەرق، غەربتىكى ئۈچ دەرۋازىسىنى ياساش قۇرۇلۇشى جەريانىدا، يەنە «ئۇيغۇر مەھەللىسى» نىڭ كېڭەيتىلگەنلىكى، جۈملىدىن «ئۇيغۇرلارغا يېڭىدىن 152 ئېغىز ئۆي سېلىپ بېرىلگەن»، «ئۇيغۇرلارنىڭ 108 ئېغىز ئۆيى رېمونت قىلىنغان»، «ئۇيغۇرلارنىڭ ئولتۇرۇشى ۋە ئىش بېجىرىشى ئۈچۈن يېڭىدىن 50 ئېغىز ئۆي سېلىنغان» ⑦ لىقى تىلغا ئېلىنغان. مۇشۇنداق بولغاندا، «ئۇيغۇر مەھەللىسى» دە (ئىش بېجىرىش ئۆيى، يەنى ئۇيغۇر سۈمۈن باشقارمىسى قوشۇلۇپ) جەمئى 310 ئېغىز ئۆيى بولغان بولىدۇ.

بۇ ئۇيغۇر خۇنەرۋەن - سەنئەتچىلەرگىمۇ مەھكىمىدىن پۇل - ئاشلىق بېرىلگەن. گۇاڭشۈنىڭ 15 - يىلى 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، ئىچكى ئىشلار مەھكىمىسى يۇقۇرىغا يازغان ئىلتىماسلار ئىچىدە «ئۇيغۇرلارغا بىر يىلدا بېرىلىدىغان كۈمۈش پۇل، ئاشلىق جەھەتتە، سەرپ قىلىنغان كۈمۈش پۇلنىڭ سانى مەلۇم قىلىندى، ئەنگە ئېلىنسا» دېگەن بىر پارچە ئىلتىماس بولۇپ، بۇنىڭدا مۇنداق يېزىلغان: «... چيەنلۇڭنىڭ 25 - يىلى 1 - ئايدىكى مەلۇماتىمىزغا بېرىلگەن تەستىق جاۋابىدا: يەكەن قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن ئۇيغۇرلار 126 نەپەر ئىدى. كېيىن يەنە 203 نەپەر ئۇيغۇر كەلگەن، ئىلگىرى-كىنى قوشقاندا جەمئى 300 دىن ئاشقان. بۇ يىل چيەنلۇڭنىڭ 34 - يىلى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بېيجىڭغا كەلگىنىگە 10 يىلدىن ئاشقان ۋە تەدرىجى كۆپەيگەن. ئەمدى نوپۇس

سانى بويىچە تۈرگە ئايرىپ، چوڭلارغا بىر سەردىن كۈمۈش، ئوتتۇرا ياشلىقلارغا 7.5 مىسقالدىن، كىچىكلەرگە 5 مىسقالدىن كۈمۈش ھېسابىدا يېمەكلىك پۇلى بېرىلسۇن. ھەر ئايدا كۈمۈش، ئاشلىق بېرىڭلەر، ئۆزلىرى تاماق قىلىپ يېسۇن. توي قىلغانلارغا ھەر بىرىگە 5000 ياماق، ئۆلۈم - يېتىم ئۈچۈن ھەر جانغا 5000 ياماق بېرىلسۇن، دېيىلگەن. ھازىر بۇلارنىڭ سومۇنىنى ئىچكى ئىشلار مەھكىمىسى باشقۇرىدىغان بولدى. سومۇن يېنىدا ياساۋۇل سۈپىتىدە خىزمەت قىلىشقا 59 كىشىلىك شتات تەستىقلاپ بېرىلسە، دېيىلگەن.» ⑧.

بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى، چيەنلۇڭ دەۋرىدە شىنجاڭدىن بېيجىڭغا كۆچۈرۈپ ئاپىرىلغان ھۈنەرۋەن - سەنئەتچىلەر، ئائىلە تەۋەلىرى قوشۇلۇپ جەمئىي 329 بولۇپ، بۇلار بىر سومۇن قىلىنغان، ئىچكى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. ئۇلارغا ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەمىنات ئۈچۈن پۇل، ئاشلىق بېرىلگەن.

يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئىچكى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ ئىلتىماسىدا يەنە: «گۇاڭشۈنىڭ 14 - يىلى 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 15 - يىلى 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ تەمىناتى ئۈچۈن چىقىم قىلىپ بېرىلگەن پۇل، ئاشلىق، كۈمۈش ھېسابىدا 1393 سەر 2 مىسقال» دېيىلگەن. چيەنلۇڭ ۋاقتىدىكى چوڭ - كىچىك جان ئۈچۈن بېرىلگەن ئوتتۇرىچە تەمىنات پۇلى 7.5 مىسقال بويىچە ھېسابلىغاندا، بۇ چاغدا ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى كۆپىيىپ 1800 دىن ئاشقان. 120 يىلدىن كېيىن ئۇلارنىڭ نوپۇسى 5 ھەسسىدىن ئارتۇق كۆپەيگەن بولسا كېرەك.

بۇ ئۇيغۇر ھۈنەرۋەن - سەنئەتچىلەردىن، سومۇنىنىڭ ياساۋۇللىقى ئۈچۈن بەلگىلەپ بېرىلگەن 59 كىشىدىن باشقا، كۆپىنچىسى ئۆزلىرىنىڭ ھۈنەر - سەنئىتى بىلەن ئوردا خىزمىتىدە بولغان.

چيەنلۇڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ دار ئويۇنىنى كۆرۈشكە بېغىشلاپ يازغان شېئىرى» نىڭ كىرىش سۆزىدە: «ئۇيغۇرلار ئوردىغا تەۋە قىلىنىپ، ھەر خىل سەنئەتچىلىرى مۇزىكا مەھكىمىسىنىڭ قارمىقىدا بولغان ئىدى، يېڭى يىلدا سىرتتىن تازىمغا كەلگەنلەرنى پانۇسلار بىلەن كۈتۈۋېلىش ۋاقتىدا، ئۇيغۇرلارنى دار ئويۇنى ئويناپ بېرىشكە بۇيرىغان ئىدىم، ئۇلار مېھمانلار ئالدىدا دارغا چىقىپ ئۆزلىرىنىڭ ماھارىتىنى كۆرسىتىپ، كۆرگۈچىلەرنى خۇشال قىلدى» دېگەن («مەنچىڭ خانى گاۋزۇڭنىڭ شېئىر توپلىمى»، 17 - جىلد). مەسىلەن، خاننىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەش بايرىمى، چاغان ھارپىسى، يېڭى يىل بايرىمىدا ئوردىدا تەبرىك يىغىنى ئۆتكۈزگەندە، ھەرەمدىكى ئۇيغۇر سەنئەتچىلەر ھەرەم ئالدىدا سەنئەت ماھارىتىنى كۆرسەتكەن، جىياچىڭ ۋاقتىدا يېزىلغان

«مەنچىڭ خانلىقى ئوردا تارىخىنىڭ داۋامى» 40 - جىلد دا مۇنداق يېزىلغان: «تەيخې سارىيىدىكى زىياپەتتە، خانلىقنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەشتە ۋە يېڭى يىل دۆلەت بايرىمىدا، ... ئىچكى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ ئەمەلدارى چاۋشەن قىزىقچىلىرى، ئۇيغۇر ۋە جىڭچۇەنلىك زاڭزۇلارنى ئەكىلىپ تۈرلۈك ئويۇن كۆرسىتىپ بېرىدۇ». «ھەر يىلىنىڭ ئاخىرقى كۈنى، موڭغۇل ۋاڭلىرى قاتارلىقلارغا بوخېدىيەن سارىيىدا زىياپەت بېرىلىدۇ ... شۇ كۈنى مۇزىكانتلار، ئۇسۇلچىلار بىرلىشىپ ئويۇن كۆرسىتىدۇ. چاۋشەن قىزىقچىلىرى، ئۇيغۇر، جىڭچۇەنلىك زاڭزۇ قاتارلىق ھەر خىل ئويۇنچىلار جەم بولۇپ، خاننىڭ چىقىشىنى كۈتىدۇ». بۇ يەردە ئېيتىلغان «ئۇيغۇر، جىڭچۇەنلىك زاڭزۇلار تۈرلۈك ئويۇن كۆرسىتىپ بېرىدۇ»، «ياكى ھەر خىل ئويۇنچىلار» دېگىنى ئويۇن ۋە سەھنىدىكى چوڭ - كىچىك جىڭچۇەنلىك زاڭزۇ سەنئەتچىلىرى ئورۇنلىغان سەنئەت نومۇرلىرىغا قارىتىلغان.

مەنچىڭ ئوردىسىدا خىزمەت قىلىدىغان ئۇيغۇر سەنئەتچىلىرى«ئۇيغۇر مۇزىكا-ئۇسۇلى»ۋە«دار ئويۇنى» بىلەن داڭ چىقارغان.

«چىڭ سۇلالىسى تارىخى. مۇزىكا تەپسىراتى» دا: «پادىشا گاۋزۇڭ ئۇيغۇرلارنى تىنچلاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مۇزىكىسىغا ئېرىشكەن. زىياپەتلەردە چېلىنىدىغان مۇزىكا ئۇيغۇر مۇزىكىسى» دېيىلگەن. مەنچىڭ دەۋرىدە ئوردىدا «4 خىل مۇزىكا - ئۇسۇل» بولۇپ، بۇنىڭ بىرى «ئۇيغۇر مۇزىكا - ئۇسۇلى» ئىدى. «چىڭ سۇلالىسى تارىخى. مۇزىكا تەپسىراتى» دا مۇنداق يېزىلغان: «ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ سازچىلىرى 8 كىشى بولۇپ، بۇلار تېشى كىمخاپتىن، ئەستىرى شايىدىن تىكىلگەن؛ يېڭىگە ھەر خىل رەڭلىك يىپەك تۇتۇلغان كىيىم، تېشى كىمخاپتىن، ئەستىرى تاۋاردىن تىكىلگەن دوپپا، قارا تاۋاردا تىكىلگەن ئۆتۈك كىيىدۇ، مورىسىگە يېشىل شايا ئورايدۇ؛ ئۇسۇلچى 2 كىشى، ئۇسۇلچى ياندىشلىرى 2 كىشى بولۇپ، ھەر خىل يىپەكتە يەڭ ئۇلانغان كىيىم، رەڭگا - رەڭ تاۋاردا تىكىلگەن دوپپا كىيىدۇ؛ ئۇيغۇر شاكىچەكلىرى 2 بولۇپ، شايىدىن ئەستەر قىلىپ ھەر خىل رەڭدىكى تاۋادا تىكىلگەن كىيىم كىيىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى تەييارلىنىپ قىزىل پەلەمپەي تۈۋىدە ئۆرە تۇرىدۇ، چاۋشەن قىزىقچىلىرى ئويۇن كۆرسىتىپ بولغاندا، بۇلار قىزىل پەلەمپەيگە چىقىپ مۇزىكىنى باشلايدۇ، ئۇسۇلچى چىقىپ ئۇسۇل ئوينايدۇ، ياندىشلىرى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئوينايدۇ. ئۇسۇل ئاياغلاشقاندا، ئۇيغۇر موللاقچى شاكىچەكلەر داۋاملىق ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىدۇ».

چيەنلۇڭ «يۈەنشاۋ چاغىنى پانۇسى ھەققىدىكى 8 كۇپلېت شېئىر» نىڭ بىر كۇپلېتىدا: سورۇن باشقۇرغۇچىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۇيغۇر دارۋازلىرىنىڭ دارغا چىقىپ،

مۇللاق ئېتىپ ماھارەت كۆرسەتكەنلىكى، چەتتىن كېلىپ قاتناشقانلار قوشۇلۇپ ھەممە بىرلىكتە شۇ كېچىنى خوشال ئۆتكۈزگەنلىكى، پايتەختنىڭ بۇ ئاجايىپ كۆرۈنۈشىگە ھەر قانداق مەنزىرە تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. ئۇ شېئىرغا بەرگەن ئىزاھىدا: «ئۇيغۇر سېرىكچىلىرىنىڭ ماھارىتى مۇراسىم مەھكىمىسىدىكى مانجۇلارنىڭكىدىن پەرقلەنمەيدۇ» دەپ يازغان. بۇ ئەھۋال ئوردىدا خىزمەت قىلىدىغان ئۇيغۇر ھۈنەرۋەن - سەنئەتچىلەرنىڭ قەدەممۇ - قەدەم ئىچكىرىنىڭ تۇرمۇشىغا ئادەتلىنىپ، مانجۇ، خەنزۇلارغا ئارىلىشىپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، مىنگونىڭ باشلىرىدا، بېيجىڭغا كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلاشقان بىر قىسىم يۇقۇرى قاتلام ئۇيغۇرلار شىنجاڭغا قايتقان بولسىمۇ، لېكىن بېيجىڭغا كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى شۇ يەردە تۇرۇپ قالغان. ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسىل مەدەنىيىتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى ئىچكىرىگە ئېلىپ بېرىپ، مانجۇ، خەنزۇ قاتارلىق ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە ۋەتىنىمىزنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتىنى تەرەققى قىلدۇرۇشتا تېگىشلىك تۆھپە قوشقان.

ئىزاھلار:

① جۇڭگو بىرىنچى تارىخ ئارخىپلىرى ئىدارىسى: جۇنجىچۇ مەلۇماتلىرى»، مىللەتلەر تۈرى، 1200 - جىلد.

② يۇقۇرىقىغا ئوخشاش، 1191 - جىلد.

③ يۇقۇرىقىغا ئوخشاش، 1205 - جىلد.

④ «جۇڭغارلارنى تىنچلاندۇرۇش لايىھەسى»، داۋامى، 1 - جىلد.

⑤ ①گە ئوخشاش.

⑥ شاۋزىشەننىڭ «ئىمپارخان، غا دائىر تارىخ ماتېرىياللىرىنىڭ يىغىندىن تېپىلىشى» دېگەن ئەسىرىدىن ئېلىندى. («مەدەنىي يادىكارلىقلار» ژورنىلى، 1971 - يىل، 2 - سان)

⑦ ⑧ ياڭ نەيجىنىڭ «ئىمپارخان ھەققىدىكى راۋايەت ۋە باۋيۈ راۋسىغى، ئۇيغۇر مەھەللىسى» دېگەن ئەسىرىدىن ئېلىندى. («گۇگۇڭ مۇزېيى ژورنىلى» 1982 - يىل، 3 - سان)

روزى تۇردى تەرجىمىسى

# غەربىي تۈركلەر ۋە غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىدىكى تارىخىغا ئائىت بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا

## — يولداش ۋاڭ خۈەنگە مەسلىھەت

دۈەن ليەنچىن

«تارىخ تەتقىقاتى» نىڭ 1982 - يىل 2 - سانىغا يولداش ۋاڭ خۈەننىڭ «ئاپا قاغان — غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى» دېگەن ماقالىسى بېسىلدى، بۇ ماقالىدا غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىدىكى تارىخىغا ئائىت بەزى ئاساسىي مەسىلىلەر ئۈستىدە دادىل مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلگەن. يولداش ۋاڭ خۈەن سۈينامە ۋە تاڭنامىلەرگە ئاساسەن، تۈرك خانلىقى بۆلۈنۈشتىن ئىلگىرىكى ئاپا قاغاننىڭ سىيۇرغاللىق زېمىنى ۋە «شىمالىي بارگاھى» نىڭ ئورنى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «سۈينامە. غەربىي تۈركلەر تەزكىرىسى» دىكى ئاپا قاغان غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ قانۇنىي ۋارىسى دېگەن نۇقتىئىنەزەرنى قۇۋۋەتلەپ، «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى»، چاۋاننىس يازغان «غەربىي تۈرك تارىخىي ماتېرىياللىرى.»، چېن جۇڭمىيەن يازغان «تۈرك تارىخىدىن توپلام» قاتارلىق كىتابلاردىكى تاردۇ قاغان غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ قانۇنىي ۋارىسى دېگەن كۆز قاراشنى رەت قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ يەنە تارىخچىلارنىڭ ئەنئەنىۋى كۆز قاراشلىرىدىن پرىنسىپال پەرقى بولغان نۇرغۇن يېڭى نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. يولداش ۋاڭ خۈەن جۇڭگو ۋە چەتئەللەردىكى تۈرك تارىخى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان پېشقەدەملەرنىڭ تەتقىقات ئەھۋالىنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، «ئىلگىرى ئېلىپ بېرىلغان تۈرك تارىخى تەتقىقاتى» دا شەكىللەنگەن «ئەنئەنىۋى كۆز قاراشلار خاتا» دېدى ①. شۈبھىسىزكى، بۇ ئېلىمىز تارىخ ساھەسىنىڭ دىققىتىنى قوزغاشقا تېگىشلىك ماقالىدۇر.

دەرۋەقە، تۈرك تارىخى، بولۇپمۇ غەربىي تۈركلەرنىڭ دەسلەپكى دەۋرلەردىكى تارىخىغا ئائىت تۈپ مەسىلىلەر ئۈستىدىكى تەتقىقات، يولداش ۋاڭ خۈەن ئېيتقاندەك،

جۇڭگو ۋە چەتئەللىك ئىلىم ئەھلى «ئېنىق بايان قىلىپ بەرگىدەك دەرىجىگە يەتمىدى». لېكىن بىز ئىلگىرىكىلەرنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ياكى ئىنكار قىلىشتا، يەنىلا سالماق پوزىتسىيە قوللىنىش كېرەك دەپ قارايمىز. مۇھاكىمە ئارقىلىق، تۈرك تارىخىدىكى بەزى ئاساسىي مەسىلىلەر ئۈستىدە توغراق تونۇش ھاسىل قىلىش ئۈچۈن بىز بۇ ماقالىدا يولداش ۋاڭ خۇەننىڭ ماقالىسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەرگە قارىتا ئۆزىمىزنىڭ بەزى باشقىچە قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلەشمەكچىمىز ھەمدە تارىخ ساھەسىدە بۇ مەسىلىگە قىزىقىدىغان يولداشلار بىلەن ئورتاقلاشماقچىمىز.

## 1 ئاپا قاغاننىڭ تۈرك خانلىقى بۆلۈنۈشتىن ئىلگىرىكى سۈيۈرغاللىق زېمىنى ۋە بارگاھىنىڭ ئورنى

غەربىي تۈركلەرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى تارىخىنى مۇھاكىمە قىلىشتا، ئالدى بىلەن غەربىي تۈركلەرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى زېمىنى قايسى جايدا ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. يولداش ۋاڭ خۇەن، تۈرك خانلىقى بۆلۈنۈشتىن ئىلگىرىكى ئاپا قاغاننىڭ سۈيۈرغاللىق زېمىنى غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ ئەسلى زېمىنى، ئاپا قاغان بۇ خانلىقنىڭ ئاساسچىسى، دەپ قارىغان. بىز ئۇنىڭ بۇ قارىشىغا قوشۇلمايمىز، لېكىن بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش زۆرۈر دەپ ھېسابلايمىز، چۈنكى بۇ مەسىلە ئاپا قاغاننىڭ تۈرك خانلىقى بۆلۈنۈشتىن ئىلگىرىكى سىياسىي پوزىتسىيىسى، تۈرك خانلىقى بۆلۈنگەندىن كېيىن ئۇنىڭ غەربىي تۈرك خانلىقىدا تۇتقان ئورنى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك.

تۈرك خانلىقى مىلادى 583 — يىلى (سۈيۋېندىنىڭ كەيخۇاڭ 3 - يىلى) بۆلۈنۈپ كەتكەن. ئاپا قاغاننىڭ تۈرك خانلىقى بۆلۈنۈشتىن ئىلگىرىكى سۈيۈرغاللىق زېمىنى ۋە بارگاھىنىڭ ئورنى مەسىلىسىدە، يولداش ۋاڭ خۇەن: زېمىنى «جەنۇپتا كۇسەنىڭ شىمالى بىلەن، شەرقتە ئۆتۈكەن تېغىنىڭ غەربى، يەنى بۈگۈنكى ئالتاي تېغى ۋە جۇڭغارىيە بىلەن چېگرىلىنىدۇ»، بارگاھى قاغان بۇت (قاغان ساي) شەھرىدە دەپ ھېسابلىغان. بىز ئۇنىڭ زېمىنى ئۆتۈكەن تېغى (ھازىرقى موڭغۇلىيىدىكى خانگاي تاغ تىزمىسى ②) بىلەن ئالتۇن تاغ (ئالتاي تېغى) ئوتتۇرىسىدا يەنى ھازىرقى موڭغۇل يايلىسىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى قوبدۇ ئويمانلىقىدا، ئۇنىڭ بارگاھىمۇ بۇ ئويمانلىقنىڭ مەلۇم بىر جايىدا؛ قوبدۇ ئويمانلىقى بىلەن تۇتىشىدىغان جۇڭغارىيىنىڭ شىمالىي قىسمى يەنى ھازىرقى شىنجاڭدىكى ئالتاي رايونىمۇ ئاپا قاغان ئىدارە قىلغان بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايمىز. بۇنىڭ سەۋەبى تۆۋەندىكىچە:

(١) تۈرك قاغانلىرىنىڭ سۇيۇرغاللىق زېمىنىنىڭ چايلىشىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، موڭغۇل ياپلىقىدىن جۇڭغار ئويمانلىقىغىچە بولغان جاي ئاتا قاغاننىڭ سۇيۇرغاللىق زېمىنى. بۇ مەسىلىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، تۈرك خانلىقىدا يۈرگۈزۈلگەن سۇيۇرغاللىق تۈزۈمىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

ئەسلىدە، تۈمەن (بۇمىن) قاغان مىلادى 552 - يىلى تۈرك خانلىقىنى قۇرغاندىن كېيىن، ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان زېمىنى كەڭ، بۇ كەڭ زېمىندا ماكانلاشقان بويسۇندۇرۇلغان خەلق ۋە ئەللەرنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي، دىن جەھەتتىكى ئەھۋالى مۇرەككەپ ۋە ھەر خىل بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ خانلىقنىڭ چوڭ قاغانىدا خوجىلىق ھوقۇقىنى ساقلاش پىرىنسىپى ئاستىدا قاغانلارغا سۇيۇرغاللىق زېمىن بۆلۈپ بېرىش تۈزۈمىنى قوللانغان. بۇنداق شەكىل غەربىي جۇ سۇلالىسىنىڭ بەگلەرگە سۇيۇرغاللىق زېمىن تەقسىم قىلىش تۈزۈمىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. تۈمەن ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىدىن تۈرك خانلىقىنىڭ چوڭ قاغانى بولغانلار سۇيۇرغاللىق ئاساستا بۆلۈنگەن ئەللەر ئۈستىدىكى خوجا دۆلەت ھېسابلىنىدۇ، ئۇلار بۇ خانلىق زېمىنىنىڭ تەخمىنەن يېرىمىنى، يەنى بۈگۈنكى پۈتكۈل موڭغۇل ياپلىقى ۋە شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىنى بىۋاسىتە ئىدارە قىلغان. تۈمەنىنىڭ ئىنىسى ئىستەمى «10 تۈمەن ئەسكىرى بولغانلىقى، غەربىي رايوندىكى ئەللەرنى تىنجىتىپ تۇرغانلىقى» («كونا تاڭنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى») ئۈچۈن، ئىستەمى ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى تۈرك خانلىقىنىڭ غەرپ تەرەپ قاغانى ئاتالغان، ئۇلارنىڭ ئىدارە قىلغان زېمىنى غەرپتە ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدىن شەرقتە شىنجاڭنىڭ غەربىي، ئوتتۇرا قىسمىغىچە بولغان رايونلارنى، جۈملىدىن بۈگۈنكى كۇچارنىڭ شىمالى ۋە ئىلى ۋادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇشى مۇمكىن.

تۈمەن سىلسىلىسى ۋە ئىستەمى سىلسىلىسىدىكى قاغانلارمۇ ئۆزلىرى بىۋاسىتە ئىدارە قىلغان زېمىنىنىڭ بىر تەرىپى ياكى بىر رايوننى ئوغلى ۋە ئىنىلىرىگە بۆلۈپ بېرىپ، ئۇلارغا قاغان ئۇنۋانى بېرىش ئارقىلىق يەرلىك خەلقنى باشقۇرغۇزغان. ئىستەمى ۋە ئۇنىڭ ۋارىسى تاردۇ قاغاننىڭ ئۆز زېمىنىنى تەقسىم قىلىش ئەھۋالى تارىخىي كىتابلاردا ئاز خاتىرىلەنگەنلىكى، بۇ ماقالا بىلەنمۇ مۇناسىۋىتى ئانچە چوڭ بولمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ ھەقتە ھازىرچە توختالمايمىز. ئەمدى تۈمەن سىلسىلىسىدىكى قاغانلارنىڭ سۇيۇرغاللىق زېمىن بۆلۈپ بېرىش ئەھۋالى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

تۈمەن قاغان ۋە ئۇنىڭ ۋارىسى ئىشىك قاغان (553 — 552)، مۇقان (بىلگە قاغان (572 - 553) ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدىكى سۇيۇرغاللىق ئەھۋالى تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلەنمىگەن. بىزمۇ بۇ ھەقتە توختالماقچى ئەمەسمىز. مىلادى

572 - يىلى مۇقان قاغان ئۆلدى، ئورنىغا ئىنىسى تاباز قاغان ( 581 - 572 ) ۋارىسلىق قىلدى. تاباز قاغان «ئىشتۈنى نىۋار قاغان ئاتاپ شەرق تەرەپنى باشقۇرۇشقا قويغان، يەنە ئىنىسى رۇدەننى بۆرى قاغان دەپ ئاتاپ غەرب تەرەپكە قويغان» («سۈينامە. تۈركلەر تەزكىرىسى»). بۇ يەردىكى «شەرق تەرەپ» ۋە «غەرب تەرەپ»، ئەلۋەتتە، تاباز قاغاننىڭ بارگاھى جايلاشقان ئۆتۈكەن تېغىنىڭ شەرقىي قىسمى، ئورخۇن دەرياسىنىڭ يۇقۇرى ئېقىمىدىكى جايلارنى ئاساس قىلىپ ئېيتىلغان. بۆرى قاغاننىڭ سۈيۈرغاللىق زېمىنى ئۆتۈكەن تېغىنىڭ غەربى يەنى موڭغۇل يايلىقىنىڭ غەربىي قىسمىدا، نىۋار قاغاننىڭ زېمىنى موڭغۇل يايلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىدا بولۇشقا تېگىشلىك. بىپايان موڭغۇل يايلىقى ۋە جۇڭغار ئويمانلىقىدا يەنە باشقا قاغانلارنىڭ سۈيۈرغاللىق زېمىنى بار - يوقلىقىنى بىلمەيمىز.

مىلادى 581 - يىلى تاباز قاغان ئۆلدى، تۈركلەردە مۇقان قاغاندىن كېيىن چوڭ قاغاننىڭ ئورنىغا ئىنىلىرى ۋارىسلىق قىلغان (ئىشىك، مۇقان، تاباز قاغانلارنىڭ ئورنىغىمۇ ئىنىلىرى ۋارىس بولغان). تاباز ئۆلگەندىن كېيىن، قائىدە بويىچە ئىشىك قاغاننىڭ ئوغلى شىتۇ قاغان بولۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن تاباز ئۆلۈشتىن ئاۋال مۇقان قاغاننىڭ ئوغلى داروبىيەن (كېيىنكى ئاپا قاغان) نى ۋارىس قىلىشنى ۋەسىيەت قىلغان، بۇنىڭغا شىتۇ قارشى چىققان. ئۇ داروبىيەننىڭ «ئانىسى تۆۋەن تەبىقىدىن» دېگەننى باھانە قىلىپ، چوڭ قاغان بولۇشىغا قارشى چىققان. ئۇ «يانلىغ (تابازنىڭ ئوغلى) قاغانلىق تەختىگە چىقسا، مەن ئىنىلىرىمنى ئەگەشتۈرۈپ ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولىمەن، ناۋادا داروبىيەن تەختكە چىقسا ئۆتكۈر قىلىچ، ئۇزۇن نەيزە ئارقىلىق دائىرەمنى قوغداشقا تەييار تۇرىمەن» دەپ جار سالغان. بىر قەپەس ئاشكارا ۋە خۇپىيانە ئېلىشىشتىن كېيىن، يانلىغ شىتۇنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا چوڭ قاغان بولغان. لېكىن داروبىيەن دائىم ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇنى ھاقارەتلىگەن. يانلىغ ئۇنىڭغا ئامال قىلالماي، ئەلنى شىتۇغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. ئەل جامائەت شىتۇنى تەختكە چىقىرىپ ئىشپارا قاغان دەپ ئاتىغان. قاغان ئۇنۋانى ۋە سۈيۈرغاللىق زېمىنى بار تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ خانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىش يولىدىكى بۇ قېتىمقى جېدەل كۆرەشتىكى نام - ئەمەلى ھەققىدە تارىخىي كىتابلاردا مەلۇمات بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ سۈيۈرغاللىق زېمىنى ئۈستىدە ئىزدىنىشىمىزگە ئىمكانىيەت تۇغۇلدى. بىز ئەمدى ئىشپارا قاغان تەختكە چىققان يىللار (تۈرك خانلىقى بۆلۈنۈشنىڭ ھارپىسى) دا موڭغۇل يايلىقى ۋە جۇڭغار ئويمانلىقىدىكى تۈرك قاغانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ سۈيۈرغاللىق زېمىنى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

يايلىغ قاغانلىقنى شىمالغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىن، «تۇلا دەرياسى (بۈگۈنكى موڭغۇلىيىدە) بويلىرىدا ماكان تۇتۇپ، «2 - قاغان» دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ سۆيۈرغاللىق زېمىنى بۈگۈنكى موڭغۇلىيىدىكى تۇلا دەرياسى ۋە ئورخۇن دەرياسى بويلىرىدا بولغان.

چۇلۇق — ئىشبارا قاغاننىڭ ئىنىسى. ئۇ باغا قاغان دەپ ئاتالغان بولۇپ، موڭغۇل يايلىقىنىڭ شەرقىي قىسمى ۋە تاتابى، شى، قىتانلارنى ئىدارە قىلغان. ئۇنىڭ سۆيۈرغاللىق زېمىنى بۈگۈنكى موڭغۇلىيىدىكى كىرولۇن دەرياسى، خۇلۇنبىر ۋادىسى ۋە موڭغۇل يايلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبى قىسمى بىلەن چېگرىلانغان.

داروبىيەن، ئۇنىڭغا ئىشبارا ئاپا قاغان دېگەن ئۇنۋاننى بېرىپ، «قايتىپ بېرىپ ئۆز قەۋمىنى باشقۇرۇش» قا بۇيرۇغان. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئىشبارا قاغان بىلەن تاقىرىشىپ قالغان بولسىمۇ ئۇنىڭ سۆيۈرغاللىق زېمىن دائىرىسىدە ئۆزگىرىش بولمىغان. ھېچبولمىغاندا تابار قاغان دەۋرىدىكى سۆيۈرغاللىق زېمىنىنى ساقلاپ قالغان بولىدۇ. ئاپا قاغاننىڭ سۆيۈرغاللىق زېمىنى قەيەردە ئىكەنلىكى مەسىلىسى ئۈستىدە تۆۋەندە يەنە توختىلىپ ئۆتىمىز.

تامغان قاغان، تارىخىي كىتابلاردا بۇ قاغان ھەققىدىكى مەلۇماتلار ئاز، لېكىن «سۈينامە. تۈركلەر تەزكىرىسى» دە خاتىرىلەنگەن تامغان «ئاپا قاغان بىلەن ئىنچىل ئىناق ئۆتكەن، ئىشبارا ئۇنىڭ قەۋمىنى ئۆزىگە قارىتىۋېلىپ ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلغاندىن كېيىن تاردۇ قاغاننىڭ يېنىغا قېچىپ كەتكەن» لىكى ھەققىدىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، تامغاننىڭ زېمىنى ئاپا قاغان بىلەن تاردۇ قاغاننىڭ زېمىنىغا يېقىن ئىكەنلىكى، بەلكىم موڭغۇل يايلىقىنىڭ غەربىي قىسمى ياكى ئالتۇن تاغ (ئالتاي تېغى) نىڭ غەربىدە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. «شىمالىي سۇلالىلار تارىخى، قوچو تەزكىرىسى» دە، قوچونىڭ «شىمالىدا قىزىلتاغ بار، بۇ تاغنىڭ شىمالىدا 70 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا تامغان تېغى بار، بۇ تاغدا ياز كۈنىمۇ قار - مۇز بار، بۇ تاغنىڭ شىمالى تېيىلې (تۇرا) لارنىڭ چېگرىسى» دەپ يېزىلغان، يەنە مىلادى 7 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، تۇرالارنىڭ چابىش قەبىلىسى ئىشۇرغولنىڭ غەربىي كېنگىت (قاراشەھەر) نىڭ شىمالى ۋە ئاقتاغ بويلىرىغا تارقىلىپ «تامغان تېغىدا ماكانلاشقان» لىقى قەيت قىلىنغان. تامغان تېغى بۈگۈنكى شىنجاڭدىكى تۇرپان ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى تىيانشاننىڭ شەرقىي قىسمى — بوغدا تېغىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ تاغنىڭ جەنۇبىدا قوچو دۆلىتى، تامغان قاغاننىڭ سۆيۈرغاللىق زېمىنى شۇ تاغنىڭ شىمالىدىكى بۈگۈنكى جىمسار ئەتراپىدا بولۇشقا تېگىشلىك.

غۇج (قىرقىز) قاغان، ئېلىمىز ئالىمى ماچاڭشۇنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، ئۇنىڭ سۈيۈرغاللىق زېمىنى بۈگۈنكى شىنجاڭدىكى تارباغاتاي ئەتراپلىرىدا بولغان («تۈركلەر ۋە تۈرك خانلىقى»، 26 - بەت).

ئەمدى ئاپا قاغاننىڭ سۈيۈرغاللىق زېمىنى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەيلى. يۇقۇرىدا ئېيتىلغان قاغانلار كۈچلۈك - ئاجىزلىقى، سۈيۈرغاللىق زېمىنىنىڭ كەڭ - تارلىقى جەھەتتە پەرقلىنىدۇ، لېكىن تۈركلەرنىڭ چوڭ قاغانى — ئىشپارانىڭ سۈيۈرغاللىرى ياكى ئۇنىڭ رۇخسىتى بىلەن قۇرۇلغان بەگلىكلەر، ئۇلار نامىدىلا ئىشپارانىڭ خوجىلىق ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلاتتى، لېكىن ئۇلارنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان زېمىنى ۋە ئاھالىسى بار ئىدى. شۇڭلاشقا، ئاپا قاغاننىڭ سۈيۈرغاللىق زېمىنى يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان قاغانلارنىڭ سۈيۈرغاللىق زېمىنىدىن باشقا مەلۇم بىر جايدا بولۇشى مۇمكىن. ئاپا قاغان ئەينى چاغدا تۈرك خانلىقىدا چوڭ قاغان ئىشپارا بىلەن قارشىلىشالايدىغان كۈچلۈك قاغان بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ زېمىن دائىرىسى تار چۈللۈكتە ئەمەس، خېلى كەڭ يايلاقتا بولۇشى ئېھتىماللىقى ناھايىتى يېقىن. ئەگەر بىز خەرىتىگە قارايدىغان بولساق، يۇقۇرىدا ئېيتىلغان قاغانلارنىڭ زېمىنى شەرقتە خۇلۇنبىردىن شەرقتە شىنجاڭدىكى جۇڭغار ئويمانلىقىغىچە بولغان دائىرىگە يېيىلغان، جايلاشقان ئورنىدىن قارىغاندا، بۇ قاغانلار (ئاپا قاغاندىن باشقا) نىڭ سۈيۈرغاللىق زېمىنى دەريا ياقىلىرىدىكى چارۋىچىلىققا باپ يايلاقلاردۇر، بۇنداق يايلاقلاردىن پۈتكۈل موڭغۇل يايلىقى ۋە جۇڭغار ئويمانلىقىدا پەقەت قوبدۇ ئويمانلىقى بىلەن ئالتاي رايونىلا بار، بۇ جايدا دەريا - كۆللەر كۆپ بولۇپ، كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ ياشىشىغا تازا باپ كېلىدۇ. بۇ يەر ئاپا قاغاننىڭ سۈيۈرغاللىق زېمىنى بولمىسا، ئۇنداقتا قايسى قاغاننىڭ زېمىنى بولۇشى مۇمكىن؟ موڭغۇل يايلىقىدىكى تۈرك قاغانلىرىنىڭ سۈيۈرغاللىق زېمىنىنىڭ جايلىشىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، قوبدۇ ئويمانلىقى ۋە ئالتاي رايونى ئاپا قاغاننىڭ سۈيۈرغاللىق زېمىنى بولۇشقا تېگىشلىك، يولداش ۋاڭ خۇەن ئاپا قاغاننىڭ سۈيۈرغاللىق زېمىنىنى ئالتاي تېغى بىلەن جۇڭغار ئويمانلىقىدا دەپ ھېساپلىغان، ئاپا قاغاننىڭ بارگاھىنى قاغان بۇت شەھرى (بۈگۈنكى شىنجاڭدىكى جىمسار) دە دېيىش تامغان قاغان ۋە غۇج قاغاننىڭ سۈيۈرغاللىق زېمىنى ئاپا قاغاننىڭ زېمىن دائىرىسىدە دېگەنلىك بولىدۇ، بۇ ئەقىلگە سىغامدۇ؟ «سۈينامە. تۈركلەر تەزكىرىسى» دە تامغان قاغاننىڭ «ئاپا قاغان بىلەن ئىزچىل ئىناق ئۆتكەنلىكى»، ئىشپارا قاغان ئۇنىڭ قەۋمىنى ئۆزىگە قارىتىۋېلىپ، ئۇنى ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلغانلىقى ئۈچۈن، تۈرك خانلىقى بۆلۈنگەندە تاردۇ قاغاننىڭ يېنىغا قېچىپ كەتكەن» لىكى ئېيتىلغان. ناۋادا ئاپا قاغان ئىشپارادىن ئاۋال تامغاننىڭ زېمىنى ۋە خەلقىنى ئۆزىگە قارىتىۋالغان بولسا ھەممە بارگاھىنى تامغان قاغاننىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى

يەرگە قورغان بولسا، ئۇلار قانداقسىگە ئىناق ئۆتەلىسۇن؟ شۇڭا يولداش ۋاڭ خۇەننىڭ كۆز قارىشى كىشىنى قايىل قىلالمايدۇ.

(2) ئۇنىڭ تۈرك خانلىقى بۆلۈنگەندىن كېيىنكى زېمىن دائىرىسىدىن قارايلى. ئاپا قاغاننىڭ ئاساسەن سۈيۈرغاللىق زېمىنىدىكى ئورنىغا «سۈينامە. غەربىي تۈركلەر تەزكىرىسى» دە، ئاپا قاغان بىلەن «ئىشبارا قاغان ئارىسىدا سوغاقچىلىق بولغاچقا ئىككىگە بۆلۈنگەنلىكى، ئاپا قاغان تەدرىجى كۈچىيىپ شەرقتە ئۆتتۈكەندە مۇداپىئە كۆرگەنلىكى، غەربتىكى چېگرىسى ئالتۇن تاغ، كۇسەن، تۇرا، ئۇشۇرغولغا يەتكەنلىكى ھەمدە غەربىي رايوندىكى خۇ (غۇز) لارنى ئۆزىگە بەيئەت قىلدۇرغانلىقى» ئېيتىلغان. بۇ مەلۇماتتىن تۈرك خانلىقى بۆلۈنگەندىن كېيىن ئاپا قاغان ئىگىداچىلىقىدىكى زېمىن دائىرىسىنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇ. ئاپا قاغان مىلادى 583- يىلى سۇي سۇلالىسىدىكىلەر بىلەن ئالاقە ئورناتقانلىقى سەۋەبلىك ئىشبارا قاغاننىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، «ئۆز ماكانىغا قايتالماي، تاردۇ يېنىغا قاچقان» («سۈينامە. غەربىي تۈركلەر تەزكىرىسى»). بۇنىڭدىن ئۇنىڭ زېمىنى پۈتۈنلەي قولدىن كەتكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. تاردۇ قاغان ئاپا قاغانغا 10 تۈمەن ئەسكەر ياردەم بەرگەن، ئاپا «شەرقتە شىتۇغا زەربە بېرىپ ئەسلىي زېمىنىنى قايتۇرۇۋالغان» («سۈينامە. جاڭ سۈنشىڭ تەرجىمىھالى»). روشەنكى، ئاپا قاغان «ئەسلى ماكانى» نى قايتۇرۇۋال- غاندىن كېيىن، شەرقتە يەنى ئۆتتۈكەن تېغىدا شىتۇنىڭ قايتا ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇشقا تەييار تۇرغان. ئۆتتۈكەن تېغى ئاپا قاغاننىڭ «ئەسلى زېمىنى» يەنى تۈرك خانلىقى بۆلۈنۈشتىن ئىلگىرىكى سۈيۈرغاللىق زېمىنىنىڭ شەرقىي چېگرىسى ئىكەنلىكى ئېنىق. بىز يۇقۇرىدا ئالتۇن تاغنىڭ غەربىدىكى ئۇشۇرغول، ئاقتاغ (بوغدا تېغى) ئەتراپلىرى تامغان قاغاننىڭ سۈيۈرغاللىق زېمىنى ئىكەنلىكىنى، كۇسەننىڭ شىمالى ۋە غەربىدىكى جايلار تاردۇ قاغاننىڭ زېمىنى ئىكەنلىكىنى، ئاپا قاغاننىڭ سۈيۈرغاللىق زېمىن دائىرىسى ئۇ يەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى كۆرسەتكەن ئىدۇق. قىسقىسى، ئاپا قاغاننىڭ تۈرك خانلىقى بۆلۈنۈشتىن ئىلگىرىكى سۈيۈرغاللىق زېمىنىنىڭ غەربىي پاسىلى ئالتۇن تاغ بولۇشى كېرەك. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، ئاپا قاغاننىڭ تۈرك خانلىقى بۆلۈنۈشتىن ئىلگىرىكى سۈيۈرغاللىق زېمىنى بۈگۈنكى خاڭگاي تېغى ۋە ئالتاي تېغى ئارىلىقىدا ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز، قوبدۇ ئويمانلىقى دەل مۇشۇ ئىككى تاغ تىزمىسىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ، روشەنكى بۇ جاي ئاپا قاغاننىڭ تۈرك خانلىقى پارچىلىنىشتىن ئىلگىرىكى سۈيۈرغاللىق زېمىنى بولغان.

يولداش ۋاڭ خۇەن «سۈينامە. غەربىي تۈركلەر تەزكىرىسى» دىكى «شەرقتە ئۆتۈكەن تېغى، غەربتە ئالتۇن تاغ، كۇسەن، تۇرا، ئۈۋرغول ۋە غەربىي رايونلاردىكى بەيئەت قىلدۇرۇلغان خەلقلەر زېمىنى» ئاپا قاغاننىڭ تۈركلەر غەرب ۋە شەرق ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈشتىن ئىلگىرىكى تەسىر دائىرىسىدە دەپ ھۆكۈم قىلغان بولسىمۇ، ئارقىدىنلا ھېچقانداق ئاساسىنى ئوتتۇرىغا قويمايلا ئاپا قاغاننىڭ سۈيۈرغاللىق زېمىنى «ئالتاي تېغى ۋە جۇڭغار ئويمانلىقىدا» دەپ مۇقىملاشتۇرغان. گەپ - سۆزى چېچىلىپ تۇرىدۇ. ھەقىقەتتىن ئۆز ئارا زىتلىق بار! ئۇ بىر تەرەپتىن غەرب تەرەپ قاغانى تاردۇ «كۇسەن ئەتراپىدىكى» يۇلتۇز ۋادىسىدا تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئاپا قاغاننىڭ تەسىر كۈچى بۇ تەرەپكىچە يېتىپ كېلىشى مۇمكىن ئەمەس دېسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئاپا قاغان ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايوننىڭ جەنۇبى كۇسەننىڭ شىمالى بىلانلا چەكلەنگەن دېگەن. يولداش ۋاڭ خۇەن يۇلتۇز ۋادىسى كۇسەننىڭ شىمالىدا ئەمەس دەپ قارامدىغاندۇ؟ ئىككىنچى، يولداش ۋاڭ خۇەن ھەم ئاپا قاغان ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايوننىڭ ئۆتۈكەن تېغىنىڭ غەربى (يولداش ۋاڭ خۇەن ئۆتۈكەن تېغىنى خانگاي تېغى دەپ ھېسابلىغان) بىلەن چېگرىلىنىدىغانلىقىنى ئېيتقان، ئارقىدىنلا يەنە ئاپا قاغان ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان رايون ئالتاي تېغى ۋە جۇڭغار ئويمانلىقىدا دېگەن. ئالدىنقى سۆز بويىچە بولغاندا، خانگاي تېغى بىلەن ئالتاي تېغىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جاي ئاپا قاغاننىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىدە بولغان بولىدۇ، كېيىنكى سۆز بويىچە بولغاندا ئۇ دائىرىنىڭ سىرتىدا بولغان بولىدۇ.

( 3 ) ئاپا قاغاننىڭ سۈيۈرغاللىق زېمىنىنىڭ جايلاشقان ئورنىغا ئۇنىڭ سۈيۈرغاللىق زېمىنى ۋە بارگاھىدىن قارايلى. «سۈينامە. جاڭ سۈنشىنىڭ تەرجىمىھالى» دا، مىلادى 581- يىلى تۈرك خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا «شېتۇ، تاردۇ، ئاپا، تۈرديانلاردىن ئىبارەت ئاكا - ئۇكىلار ئۆز قوشۇنىغا قوماندانلىق قىلىپ، ئۆزىنى قاغان ئاتاپ تۆت قىسىمغا بۆلۈنگەن، قارىماققا ئىناقتەك كۆرۈنسىمۇ، ئاستىرتىن بىر بىرىگە ھەسەتخورلۇق قىلىدىغان» لىقى، شۇڭا جاڭ سۈنشىنىڭ سۈي ۋېندىگە «تاردۇغا ئەلچى ئەۋەتسەك، ئاپا قاغان بىلەن يارىشىش توغرىسىدا سۆزلەشسەك، شېتۇ قوشۇنلىرىنى قايتۇرۇپ ئۆزىنىڭ غەربىي قىسمىنى قوغدايدۇ» دەپ تەكلىپ بەرگەنلىكى، سۈي ۋېندىنىڭ بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ، «ياساۋۇل يۈەن خۇيىنى ئۈۋرغول يولى بىلەن تاردۇ قاغاننىڭ يېنىغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەنلىكى .... تاردۇدىن سۈي سۇلالىسىغا ئەلچى كەلگەنلىكى شېتۇدا نارازىلىق تۇغدۇرۇپ، ئۇلار ئارىسىدا ئاراز پەيدا قىلغان» لىقى خاتىرىلەنگەن. بۇ

مەلۇماتتىن تاردۇ قاغان بىلەن ئاپا قاغاننىڭ زېمىنى تۈرك خانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىغا، يەنى ئۆتۈكەن تېغىنىڭ غەربىگە جايلاشقانلىقىنى. سۈيۈيەندى گەرچە جاڭ سۈگىشكەنلىك «تاردۇغا ئەلچى ئەۋەتتىم»، ئاپا بىلەن يارىشىش توغرىسىدا بەرگەن تەكلىۋىنى ياخشى دەپ ھېساپلىغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە تاردۇغىلا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئاپا قاغان بىلەن يارىشىش توغرىسىدا ئەلچى ئەۋەتمىگەنلىكىدىكى سەۋەپ نېمە؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، سۈي سۇلالىسى ئەۋەتكەن ئەلچى تاردۇ قاغاننىڭ ئوردىسىغا بېرىشتا «ئىۋىرغول يولى» بىلەن، يەنى فېيجۇ «غەربىي رايوننىڭ جۇغراپىيىلىك تەسۋىراتى»دا كۆرسەتكەن «شىمالىي يول» بىلەن ماڭغان. بۇ يول دۇنخۇاڭدىن باشلىنىپ، «ئىۋىرغول، بارىكۆل، تۇرا، تۈرك قاغاننىڭ ئوردىسى، شىمالدىكى دەريا ئېقىنلىرىدىن ئۆتۈپ فۇلىم (شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى)، غەربىي دېڭىزغا بارىدۇ». «غەربىي رايوننىڭ جۇغراپىيىلىك تەسۋىراتى»دا دايېنىڭ 3-يىلى (مىلادى 607-يىلى) يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئېيتىلغان «تۈرك قاغاننىڭ ئوردىسى» ئەينى چاغدا غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ نۇركۆر قارا قاغانى ئەسلىدىكى ئۇيسۇنلار زېمىنىدا تەسىس قىلغان ئوردىسىنى كۆرسىتىدۇ، يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئاپا قاغان، تاردۇ قاغانلارنىڭ ئوردىسى بىلەن چېتىشلىقى يوق. سۈي سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى بۇ يول بىلەن كۇسەننىڭ شىمالىدىكى تاردۇ قاغاننىڭ ئوردىسىغىلا بارغانلىقى، ئاپا قاغاننىڭ سۈيۈرغاللىق زېمىنى ۋە بارگاھى يولداش ۋاڭ خۇەن ھېساپلىغاندەك بۇ يول ئۈستىدە ياكى يول ئەتراپىدا بولماستىن، يولنىڭ نېرىسىدا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، سۈيۈيەندىمۇ شۇ ۋاقىتتا ياكى شۇ قاتاردا ئاپا قاغانغا يارىشىش توغرىسىدا ئەلچى ئەۋەتكەن بولاتتى. سۈيۈيەندى ئاپا قاغاننىڭ مۇھىم شەخس ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىدىن ئەمەس، ھەقىقەتەن قىيىنچىلىق بولغانلىقىدىن شۇنداق قىلمىغان. بۇ قىيىنچىلىق ئاساسەن يولنىڭ يىراق ۋە ئەگرى ئىكەنلىكىدۇر. ئاپا قاغاننىڭ سۈيۈرغاللىق زېمىنى تۈرك خانلىقىنىڭ «غەرپ تەرىپى» گە جايلاشقان بولۇپ، ئىۋىرغول يولى كېسىپ ئۆتىدىغان جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا بولمىغانلىقى ئۈچۈن، سۈي سۇلالىسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا بېرىش قىيىن جەت جاي ھېساپلىنىدۇ، بۇنداق جاي قوبدۇ ئويمانلىقى ۋە ئالتاي رايونى بولۇشى مۇمكىن. سۈي سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى ئەگەر موڭغۇل يايلىقىدىن ئۆتسە، ئىشپارا قاغان چاتاق سېلىشى، ئىۋىرغول يولى بىلەن ماڭسا، جۇڭغار ئويمانلىقىنى ئايلىنىپ، ئالتاي تېغىدىن ئۆتكەندىلا، ئاندىن قوبدۇ ئويمانلىقىدىكى ئاپا قاغاننىڭ بارگاھىغا يېتىپ بارالىشى مۇمكىن ئىدى. بۇ سۈيۈيەندى ئەۋەتكەن ئەلچىنىڭ ئىۋىرغول يولى بىلەن مېڭىپ تاردۇ قاغان ھۇزۇرىغا بارغانلىقى، يا راشتۇرۇش توغرىسىدا ئاپا قاغان يېنىغا بارمىغانلىقىدىكى سەۋەپ بولۇشى مۇمكىن.

يۇقۇرىدا شىتۇ، تاردۇ، ئاپا، تۆلىشلەرنىڭ «قاغان دەپ ئاتىلىدىغان، تۆت تەرەپتە ماكان تۇتقان» لىقى ھەققىدىكى مەلۇماتنى نەقىل كەلتۈرگەن ئىدۇق. تۆلىش شەرقتە تاتابى، شى، قىتانلارنىڭ يېرىنى ئىدارە قىلغان؛ تاردۇ غەرپتە كۆك مارت (پامىر) نىڭ شەرق ۋە غەرپ تەرىپىدىكى يەرلەرنى ئىدارە قىلغان؛ شىتۇنىڭ بارگاھى ئۆتۈكەن تېغىنىڭ شەرقىدىكى ئورخۇن دەرياسىنىڭ يۇقۇرى ئېقىمىدا يەنى ئاپا قاغان زېمىنىنىڭ جەنۇپ تەرىپىگە؛ ئاپا قاغان ئۆتۈكەن تېغىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى قۇبدۇ يايلىقىدا بارگاھ قۇرغان. ئىشپارا قاغان شىمالدا، قالغانلىرى شەرق، غەرپ، جەنۇپتا ماكان تۇتقان. يولداش ۋاڭ خۇەن ئېيتقانىدەك تاردۇ بىلەن ئاپانىڭ زېمىنى دەل غەرپتە بولسا، «تۆت تەرەپ» دىگەن سۆز مەۋجۇت بولماي قالىدۇ. بۇنداق دېيىشىمىز يولداش ۋاڭ خۇەننىڭ ماقالىسىدىن ئايرىم سۆز - جۈملىلەرنى ئۈزۈپ ئېلىپ تەھلىل يۈرگۈزۈش ئۈچۈن بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭدا شۇنداق مەنا بارلىقىدىن بولغان.

(4) ئاپا قاغاننىڭ سۈيۈرغاللىق زېمىنىنىڭ ئورنىغا تۈرك خانلىقىنىڭ بويسۇندۇرۇلغان خەلقلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئېھتىياجىدىن قارايلى. ماركسىزىمنىڭ سىنىپىي كۆرەش نۇقتىئىنەزىرى بويىچە كۆزەتكەندە، تۈرك خانلىقىدىكى قاغاننىڭ ئوغلى ۋە ئىنىلىرىگە سۈيۈرغاللىق زېمىن بۆلۈپ بېرىشتە، ئاساسلىقى تۈرك ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ بويسۇندۇرۇلغان خەلقلەرگە قاراتقان ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىش ۋە ئۇلارنى تالان - تاراج قىلىشتىكى ئەمىلىي ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتقان. شۇڭا قاغان ئوغلى ياكى ئىنىلىرىگە قاغانلىق ئۇنۋان بېرىپلا قالماي، ئىگەللىۋالغان زېمىندىكى بىر قىسىم ئاھالىنىمۇ يەر بىلەن بىرگە بۆلۈپ بېرىپ، تۈرك خانلىقىنىڭ مۇقىملىقىغا ۋە كۈچىيىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئىدارە قىلىشىغا بۆلۈپ بېرىلگەن خەلقلەرنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇشقا ۋە ئۇلارنىڭ بايلىقىنى تالان - تاراج قىلىشقا يول قويغان. «سۈينامە» گە ئاساسلانغاندا، تۈرك خانلىقىدىكى ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى ئاساسىي خەلق — تۇرالار ئىدى. «سۈينامە. تۇرالار تەزكىرىسى» دە: «تۈركلەر دۆلەت قۇرغاندىن كېيىن، شىمالدىكى قەبىلىلەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن شەرق ۋە غەرپ تەرەپكە يۈرۈش قىلدى» دېيىلگەن. تۇرالار ئاساسەن تۇلا دەرياسىنىڭ شىمالىي، ئالتۇنتاغنىڭ شەرقىي جەنۇبى ۋە ئۆۋىرغولنىڭ غەربىگە جايلاشقان. تۇرالاردىن باشقا، موڭغۇل يايلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى تاتابى، شى، قىتانلارغىمۇ ھۆكۈمرانلىق قىلىنغان. ئىشپارانىڭ قاغان بولۇپلا يانىلىقىنى تۇلا دەرياسى بويىدا ماكان تۇتۇشقا بۇيرۇشتا، روشەنكى، ئۇ ئارقىلىق تۇلا دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى سانى كۆپ ئۇيغۇر، بۆكە، تۇڭرا، تېلىشغۇت، ئىسكە، تاردۇش قاتارلىق تۇرا قەبىلىلىرىنى

ئىدارە قىلىشىنى؛ چۈلۈقىنى تۇلىش قاغان دەپ شەرقتە ماكان تۇتۇشقا بۇيرۇشتا ئۇنى ئارقىلىق تاتابى، شى، قىتانلارنى ئىدارە قىلىشىنى؛ تامغان قاغاننى تامغان تېغىدا ماكان تۇتۇشقا بۇيرۇشتا، ئۇ ئارقىلىق ئىدىرغول ئىلىك غەربى ۋە ئاقتاغ بويلىرىغا تارقالغان چابىش قاتارلىق تۇرا قەبىلىلىرىنى ئىدارە قىلىشىنى كۆزدە تۇتقان. ئالتۇنتاغنىڭ غەربىي جەنۇبىي يەنى ئالتاي رايونىغا تارقالغان سىر - تاردۇش قاتارلىق نەچچە 10 تۈمەن تۇرالار (سىر - تاردۇشلارنىڭلا 7 تۈمەن ئۆيلۈكى، تەخمىنەن 30 تۈمەندىن ئارتۇق ئادىمى بار ③ ) نى تۈركلەرنىڭ قايسى قاغانى ئىدارە قىلغانلىقى ھازىرچە ئېنىق ئەمەس. ئاپا قاغاننىڭ ئەۋلادلىرى سىر - تاردۇشلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە بولغان. مىلادى 587 -يىلى ئاپا قاغان ئۆلگەندىن كېيىن، ئورنىغا نىلى قاغان (604—587 ) ۋە نۇركۈر قارا قاغان ( 611 — 604) ۋارىسلىق قىلغان. مىلادى 603 - يىلى موڭغۇل دالاسىدىكى تۇرالار ئىسيان كۆتۈرۈپ جەنۇبقا كېلىپ، سۈي سۇلالىسىغا بەيئەت قىلغان. سىر - تاردۇش قاتارلىق تۇرا قەبىلىلىرى نىلى قاغاننىڭ زۇلمىغا تاقەت قىلالماي، ئۇلارمۇ ئارقا-ئارقىدىن كۈرەشكە ئاتلانغان. نىلى قاغان ئۆلگەندىن كېيىن، نۇركۈر قارا قاغان سىر - تاردۇشلاردىن ئالىدىغان باج - سېلىقنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتكەن ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشىدىن ئەنسىرەپ، 605 - يىلى قەبىلە ئاقساقاللىرىدىن نەچچە يۈز كىشىنى بىر يەرگە يىغىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى چابىش قاتارلىق تۇرا قەبىلىلىرىمۇ تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، نۇركۈر قارا قاغاننىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىمىغان. بۇ سىر - تاردۇشلارنىڭ ماكانى ئاپا قاغاننىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزىگە يېقىن ئىكەنلىكىنى ياكى ئۇنىڭ بىۋاستە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، چابىش قەبىلىسى مىلادى 605 -يىلىمۇ ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىدە بولغان. ئاپا قاغانغا دەسلەپتە سۆيۈرغاللىق زېمىن ئايرىپ بېرىشتە، ئۇنى چابىشلار زېمىنىغا ئەۋەتىپ ئۇلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلدۇرۇش مەقسەت قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئاپا قاغاننىڭ سۆيۈرغاللىق زېمىنى قۇبدۇ ئويمانلىقى بىلەن ئالتاي رايونىدا ئىكەنلىكىنى ۋاستىلىق تۈردە ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ئەمدى ئاپا قاغاننىڭ بارگاھى قايسى جايدا ئىكەنلىكىنى مۇلاھىزە قىلىپ كۆرەيلى. «سۆينامە. جاڭ سۇڭشىڭ تەرجىمىھالى» دا ئاپا قاغاننىڭ ئوردىسى «شىمالىي بارگاھ» دەپ ئاتالغان. «شىمالىي بارگاھ» ئاپا قاغاننىڭ يۇيۇرغاللىق زېمىنىدا، يەنى ئۆتۈكەن تېغى بىلەن ئالتۇنتاغنىڭ ئارىلىقىدا قۇبدۇ ئويمانلىقىدىكى مەلۇم بىر جايدا بولۇشى كېرەك. ئاپا قاغاننىڭ ئوردىسى ئىشپارا قاغان ئوردىسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن «شىمالىي بارگاھ» دەپ ئاتالغان.

يولداش ۋاڭ خۇەن ماچاڭشۇ ئەپەندىنىڭ شىمالىي بارگاھ ئۆتتۈكەن تېغىنىڭ شىمالىدا دېگەن قارىشىغا قوشۇلمىغان، ئۇ ئاپا قاغان «مەيلى تۈرك خانلىقى بۆلۈنۈشتىن ئىلگىرى بولسۇن، ياكى تۈرك خانلىقى بۆلۈنۈپ غەربىي تۈركلەرنىڭ قاغانى بولغاندىن كېيىن بولسۇن، ئۇنىڭ تەسىر دائىرىسى ئالتاي تېغى ۋە جۇڭغار ئويمانلىقى رايونىغىچىلا يەتكەن، ئۆتتۈكەن تېغىنىڭ شىمالىدىكى رايونلارغا يەتمىگەن. شۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭ بارگاھى ئۆز بىنىڭ تەسىر دائىرىسى ئىچىدىكى مەلۇم بىر مۇھىم جايدا بولۇشى مۇمكىن، بۇ رايوندىن يىراق ئۆتتۈكەن تېغىنىڭ شىمالىدا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس» دېگەن. يولداش ۋاڭ خۇەن بۇ مۇھىم جاينى قاغان بۇت شەھرى دەپ ھېسابلىغان، بۇنىڭدىن روشەنكى، ئاپا قاغاننىڭ «شىمالىي بارگاھى» — قاغات بۇت شەھرى دېگەن خۇلاسە چىقىدۇ.

ئالدى بىلەن شۇنى كۆرسىتىش كېرەككى، يولداش ۋاڭ خۇەننىڭ ئاپا قاغاننىڭ تەسىر دائىرىسى ئۆتتۈكەن تېغىنىڭ شىمالىغا يەتمىگەن دېگەن قارىشى ئاساسسىز. ئۆتتۈكەن تېغى قۇبدۇ ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن باشلىنىدۇ، ئالتۇنتاغ قۇبدۇ ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىدا قەد كۆتىرىپ تۇرىدۇ. ئۆتتۈكەن تېغىغا قارىتا ئېيتقاندا، قۇبدۇ رايونى ئۇنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان، ئىككى تاغقا قارىتا ئېيتقاندا، قۇبدۇ رايونى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا توغرا كېلىدۇ. «شىمالىي بارگاھ» ئۆتتۈكەن تېغىنىڭ شىمالىدا دېسە، تەرەپ جەھەتتىن ئالغاندا پۈتۈنلەي مەنتىققە سىغىدۇ. يولداش ۋاڭ خۇەن «شىمالىي بارگاھ» ئۆتتۈكەن تېغىنىڭ شىمالىدا دېگەن قاراشنى ئىنكار قىلىش ئۈچۈن، «ئومۇمى قائىدە يوسۇنلار» نىڭ 199 - جىلد «تۈركلەر تەزكىرىسى» دىكى: «غەربىي تۈركلەردىن داروبىيەنىڭ دەسلەپتىلا ئىشپارا قاغان بىلەن ئاداۋىتى بار ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئىككى قىسمىغا بۆلۈنۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئېلى ئەسلىدىكى ئۇيسۇن يېرىدە بولۇپ، شەرقتە تۈرك ئېلى (شەرقىي تۈركلەرنى كۆرسىتىدۇ — ت)، غەرپتە لىجىيا كۆلى، جەنۇبتا سۇللۇغ (قەشقەر)، شىمالىدا (خەنخەي دەشت كۆلى) بىلەن چېگرىلىنىدۇ. پايتەختىنىڭ غەربىي شىمالىغا 7 مىڭ چاقىرىم كېلىدۇ. كىنگىت دۆلىتىنىڭ غەربىي شىمالىدىن چىقىپ 7 كۈن ماڭسا ئۇنىڭ جەنۇبىي بارگاھىغا، جەنۇبىي بارگاھتىن شىمالغا قاراپ يەنە 8 كۈن ماڭسا ئۇنىڭ شىمالىي بارگاھىغا يېتىپ بارىدۇ. تۇرا، كۇسەن ۋە غەربىي رايوندىكى ئەللەر ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىدۇ» دېگەن بىر ئابزاسنى نەقىل ئالغان. يۇقۇرقى سۆزلەر تۈرك خانلىقى بۆلۈنۈشكە باشلىغان چاغدىكى ئاپا قاغان بىلەن ئىشپارا قاغانغا دائىر تارىخىي بايان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى «ئۇنىڭ ئېلى ئەسلىدىكى ئۇيسۇنلار زېمىنىدا» دېگەن سۆز دەرۋەقە غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ دائىرىسىگە ئائىت بايان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئاپا قاغان دەۋرىدىكى ئەھۋال دېگەنلىك ئەمەس. يولداش ۋاڭ خۇەن ئالغان

ئەقىلدە ئوتتۇرىدىكى سۆزلەرنى قىسقارتىۋېتىپ، ئاپا قاغان دېگەن سۆز بىلەن «ئۇنىڭ ئېلىسى ئەسلىدىكى ئۈيسۈن زېمىنىدا» دېگەننى بىۋاسىتە باغلىنىشلىق قىلىپ قويغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ جاي ئاپا قاغان دەۋرىدىكى زېمىن دائىرىسى بولۇپ قالغان. تۈرك خانلىقى بۆلۈنۈشتىن ئىلگىرى «ئەسلىدىكى ئۈيسۈن زېمىنى» تاردۇ قاغاننىڭ سۇيۇرغاللىق زېمىنى ئىدى، بۇ نۇقتىنى يولداش ۋاڭ خۇەنمۇ ئېتىراپ قىلغان. تۈرك خانلىقى بۆلۈنۈشتىن ئىلگىرىكى ئاپا قاغاننىڭ سۇيۇرغاللىق زېمىنى قانداقلا بولمىسۇن ئەسلىدىكى ئۈيسۈن زېمىنى بىلەن بىر يەردە ئەمەس ئىدى. «ئومۇمىي قائىدە - يوسۇنلار» دىن ئىلگىرىرەك يېزىلغان «سۇينامە. تۈركلەر تەزكىرىسى» دىكى «شەرقتە ئۆتۈكەن تېغى، غەربتە ئالتۇنتاغ بىلەن چېگرىلىنىدۇ» دېگەن مەلۇماتتىكى جاي ئورنى ئاپا قاغان مەزگىلىدىكى ئەھۋال، ئەسلىدىكى ئۈيسۈن زېمىنى ھەققىدىكى مەلۇمات نۇركۈر قارا قاغان مەزگىلىدىكى ئەھۋال، مىلادى 603 - يىلى تاردۇ قاغان ئۆلگەندىن كېيىن، ئاپا قاغاننىڭ ۋارىسى نۇركۈر قارا قاغان تاردۇ قاغاننىڭ ئورنىغا غەربىي تۈرك خانلىقىغا چوڭ قاغان بولغاندا، جۇڭغار رايونىدىكى سۇر - تاردۇش، چابىش قاتارلىق تۇرا قەبىلىلىرى كەڭ كۆلەملىك ئىسيان كۆتەرگەنلىكى ئۈچۈن، نۇركۈر قاراقاغان ئۆزىنىڭ «شىمالىي بارگاھ» نى ئەسلىدىكى ئۈيسۈن زېمىنىغا يۆتكىگەن. ئۇنىڭ جەنۇبىي بارگاھى يۇلتۇز ۋادىسىدا، چاۋانېسىنىڭ قارشىچە ئىلى ئەتراپىدا ياكى ئىبى كۆلى بويىدا بولغان. بۇ تۈرك خانلىقى بۆلۈنۈشتىن ئىلگىرىكى ئاپا قاغاننىڭ سۇيۇرغاللىق زېمىنى ۋە «شىمالىي بارگاھى» نىڭ ئورنىغا ماس كەلمەيدۇ، يولداش ۋاڭ خۇەن ئاپا قاغاننىڭ «شىمالىي بارگاھى» قاغان بۇت شەھرىدە دېگەن قارىشىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن نۇركۈر قارا قاغاننىڭ شىمالىي ئوردىسى بىلەن ئاپا قاغاننىڭ «شىمالىي بارگاھى» نى ئۆز ئارا بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە دەپ قاراپ، قىلچە ئاساسسىزلا ئۇلارنى بىر جاينى يەنى قاغان بۇتنى بارگاھ قىلغان دەپ ھېساپلىغان، يولداش ۋاڭ خۇەن چاۋانېسىنىڭ بېشبالىقنىڭ ئورنى ھەققىدىكى كۆز قارىشىغا قوشۇلمىسىمۇ مەيلى، لېكىن قاغان بۇت شەھرىنى چوڭ يۇلتۇز ۋادىسىنىڭ شىمالى (ئەمەلىيەتتە دەل شەرقى) دا دېگىنى مۇۋاپىق بولمىغان. يولداش ۋاڭ خۇەننىڭ «جۇڭگونىڭ قەدىمقى دەۋردىكى تەرەپلەرنى خاتىرىلىنىشى ئەينى چاغدىكى تېخنىكا شارائىتى تۈپەيلىدىن ئىنتايىن ئېنىقسىز» دېگىنىمۇ كىشىنى قايىل قىلالمايدۇ.

ئاخىرىدا، يولداش ۋاڭ خۇەننىڭ «شىمالىي بارگاھ» نىڭ قاغان بۇت شەھرىدە ئىكەنلىكىنى تەرەپ جەھەتتىن ئىسپاتلىغان كۆز قارىشى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەيلى، يولداش ۋاڭ خۇەن مۇنداق دەيدۇ: «ئىشپارا ئىلە نىجۇدىن سۇي سۇلالىسى زېمىنىغا

بېسىپ كىرگەن، بەيداۋ (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى بەيداۋلىڭ چوققىسى، كۆكخوت شەھىرىنىڭ شىمالى) دا سۈي قوشۇنىنى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان. كېيىن قۇملۇقنىڭ شىمالىغا قاچقان ... ئىشپارانىڭ قوشۇنى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ھۇجۇم قىلغان لېكىنمۇ، بويىچە خېشى كارىدورى ئەتراپىغا قايتقان بولۇشى مۇمكىن، ئەگەر ئاپا قاغانىنىڭ بارگاھى ئۆتۈكەن تېغىنىڭ شىمالىدا بولسا، نەچچە مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتا تۇرغان قوشۇن، يەنى ئىشپارانىڭ مەغلۇپ بولغان قوشۇنى شۇنچە ئۇزاق يولنى بېسىپ تىز ئارىدىلا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قوزغىشى مۇمكىن ئەمەس، ئاپاقاغانىنىڭ بارگاھى ئەگەر قاغان بۇت شەھىرىدە بولسا، ئۇنىڭ قوشۇنى خېشى كارىدورى ئارقىلىق بۇنداق ھۇجۇمنى قوزغىشى ئاسانراق بولىدۇ.» يولداش ۋاڭ خۇيمىنىڭ قارىشىدىكى سەۋەنلىكنى كۆرسىتىشتىن ئاۋال، ماقالىمىزغا چېتىشلىق ئادەم ۋە ۋەقەلەر ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەيلى.

مىلادى 581 - يىلى سۈي سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، جاڭ سۈنشېڭ ئىشپارا، ئاپا، تاردۇ قاتارلىقلارغا قارىتا يىراقتىكىسى بىلەن يېقىنلىشىش، يېقىندىكىسىگە ھۇجۇم قىلىش، كۈچلۈكىدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىش، ئاجىزى بىلەن بىرلىشىش سىياسىتىنى قوللىنىشنى تەكلىپ قىلغان، بىز يۇقۇرىدا، سۈيۋېندىنىڭ بۇ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، سۈي خۇيىنى تاردۇغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئىشپارانىڭ مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك قىلغانلىقىنى كۆرسەتكەن ئىدۇق، مىلادى 582 - يىلى 12 - ئايدا، ئىشپارا تاردۇ قاتار-لىقلارنىڭ 40 تۈمەن ئاتلىقلىرىغا باشچىلىق قىلىپ لەنجۇدىن سۈي سۇلالىسى زېمىنىغا بېسىپ كىرىپ، شەرقتە جۇيۈەن (ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى چىڭياڭ ناھىيىسىنىڭ شىمالى) گىچە بارغان، ئىشپارا جەنۇپقا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ بېسىپ كىرمەكچى بولغاندا، تاردۇ بۇيرۇققا بويسۇنمىغان، ھەر ئىككى قاغان ئۆز قوشۇنىنى قايتۇرۇپ كەتكەن. ئىككىنچى يىلى (مىلادى 583 - يىلى) 4 - ئايدا، تۈركلەر سۈي سۇلالىسى زېمىنىغا كەڭ كۆلەمدە بېسىپ كىرگەن، بۇ قېتىم ئىشپارا، ئاپا، تامغان قاغانلارنىڭ قوشۇنى بىر نەچچە يولغا بۆلۈنۈپ ھۇجۇم قوزغىغان. ئىشپارانىڭ قوشۇنى بەيداۋدىن سۈي سۇلالىسى-نىڭ شىمالىدىكى چېگرا رايونغا بېسىپ كىرگەندە، سۈيۋېندىنىڭ بۇيرۇغىغا بىنائەن ۋېيۋاڭ ياڭشۇاڭ تۆت سەركەردىگە باشچىلىق قىلىپ سۇجۇ (ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىدىكى سۇيشيەن ناھىيىسى) دىن چىقىپ، بەيداۋدا ئىشپارانىڭ قوشۇنى بىلەن جەڭ قىلغان. ئىشپارانىڭ قوشۇنى جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ «ئەسكەرلىرى ساۋۇت-دۇبۇلغىلىرىنى تاشلاپ، چاتقاللىققا قېچىپ كىرىپ كەتكەن» («سۈينامە. لى چى تەزكىرىسى»)، ئاپا قاغان بىلەن تامغان قاغاننىڭ قوشۇنى خېشى كارىدورىدىن سۈي سۇلالىسىنىڭ غەربىتىكى چېگرا رايونىغا بېسىپ كىرگەن. 5 - ئايدا، سۈي سۇلالىسىنىڭ دۇرۇگدىنىڭ باشچىلىغىدىكى قوشۇنى ئاپا

قاغاننىڭ قوشۇنى بىلەن گاۋيۇدا جەڭ قىلىپ، ئاپا قاغاننى ئۇدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقان، شۇ چاغدا دۇرۇگىدىلىق قوشۇنىدا سەردار بولۇپ تۇرغان جاڭ سۇنشېڭ ئاپا قاغانغا «ئىلگىرى شىتۇ ھەر قېتىمقى ئۇرۇشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىناتتى، شىتۇ بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيىتىنىڭ سەۋەبىنى چوقۇم سىزدىن كۆرۈپ، شىمالىي بارگاھىڭىزنى ۋەيران قىلىدۇ» دېگەن، بۇ گەپ بىلەن ۋەھىمىگە چۈشكەن ئاپا قاغان جاڭ سۇنشېڭغا ئۆز ئەلچىسىنى ھەمرا قىلىپ سۈيى سۇلالىسىغا ئەۋەتكەن. بۇ چاغدا ئىشپارا قاغان بەيداۋدا مەغلۇپ بولۇپ قۇملۇققا چېكىنگەن ئىدى، ئۇ «ئاپا قاغاننىڭ ئىككى يۈزلىمىلىك قىلغانلىقىدىن ۋاقىپلىنىپ، ئۇنىڭ شىمالىي بارگاھىنى ۋەيران قىلغان، ئاپا قاغاننىڭ پۇخرالىرىنى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا كىرگۈزۈپ، ئانىسىنى ئۆلتۈرگەن» («سۈينامە. جاڭ سۇنشېڭ تەرجىمىھالى»). يولداش ۋاڭ خۇەننىڭ قارىشىدا مۇنداق خاتالىق بار: بىرىنچى، ئىشپارا لەنجۇدىن سۈيى سۇلالىسىنىڭ غەربىتىكى چېگرا رايونىغا مىلادى 582 - يىل 12 - ئايدا بېسىپ كىرگەن؛ بەيداۋدىن شىمالدىكى چېگرا رايونىغا 583 - يىل 4 - ئايدا بېسىپ كىرگەن بولۇپ، ۋاقتىمۇ، ئورنىمۇ ئوخشىمايدۇ، ئىككىسى ھەرگىز بىر ۋەقە ئەمەس. يولداش ۋاڭ خۇەن بولسا ئۇلارنى بىر ۋەقە دەپ خاتا قارىغان. ئىككىنچى، ئىشپارا مىلادى 583 - يىلى بەيداۋدىن بېسىپ كىرگەن، مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن «چېكىنگەن قۇملۇق» يەنى «ئاق قۇملۇق» بەيداۋنىڭ شىمالىدا. «دەريا - ئېقىنلارغا ئىزاھقا تۈزىتىش» تە: «بەيداۋ ئاق قۇملۇقتىن باشلىنىدىغان يول» دېيىلگەن. بەيداۋ قەدىمدىن تارتىپ ئاق قۇملۇقتىن موڭغۇل دالىسىنىڭ شىمالىغا بېرىشتا مۇھىم يول بولغان. يولداش ۋاڭ خۇەن بەيداۋنى «بۈگۈنكى ئىچكى موڭغۇلنىڭ غەربىي شىمال قىسمى، گەنسۇنىڭ شىمالىي قىسمى، شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى تۇتاش كەتكەن قۇملۇق» دەپ قارىغان، بۇنداق دېيىش دائىرىسىنى بەكمۇ كېڭەيتىۋەتكەنلىك، ئۇنداق قاراشنىڭ خاتا ئىكەنلىكى روشەن. ئىشپارانىڭ شىمالدىن بېسىپ كىرىپ، مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن بەيداۋ ئارقىلىق چېكىنگەنلىكى ئەقىلگە سىغىدىغان ئىش. تارىخىي كىتابلاردىمۇ شۇنداق دەپ خاتىرىلەنگەن. يولداش ۋاڭ خۇەننىڭ مىلادى 582 - يىلدىكى بېسىپ كىرىش بىلەن مىلادى 583 - يىلدىكى بېسىپ كىرىشنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ، تارىخىي مەلۇماتقا ئاساسلانماي، ئىشپارا بەيداۋدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن قۇملۇق ئارقىلىق خېشى كارىدورىغا قاچقان دېگەننى ئۆز تەسەۋۋۇرى بويىچە ئىسپاتلىماقچى بولۇشى، ھەقىقەتەن بىھۇدە ئاۋارىچىلىق. يولداش ۋاڭ خۇەن ئىشپارا قاغان قىلمىغان ھەمدە تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلەنمىگەن ئىشنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا پۈتۈنلەي شىمالىي بارگاھ قاغان بۇت شەھىرىدە دېگەن قارىشىنى ئىسپاتلاشنى مەقسەت قىلغان. شۇنداقتىمۇ، ئۇ كۆرسەتكەن بىر مىسال شىمالىي بارگاھ ئۆتۈكەن تېغىنىڭ شىمالىدا

دىگەن قارىشىمىزنى يېڭى ئاساس بىلەن تەمىنلىدى. ئىشپارا قاغان 583 - يىل 4 - ئايدا بەيداۋدا مەغلۇپ بولۇپ قۇملۇققا چېكىنگەندىن كېيىن، ئاپا قاغاننىڭ ئىككى يۈزلىنىلىك قىلغانلىقى مەقسىدىكى خەۋەر تەخمىنەن 5 - ياكى 6 - ئايلاردا يېتىپ كەلگەن ( 5 - ئايدا ئاپا قاغان مەغلۇپ بولغان، 6 - ئايدا ئەلچى ئەۋەتىپ سۈي سۇلالىسى بىلەن ياراشقان④ ئىشپارا زور قوشۇن بىلەن ئاق قۇملۇقنىڭ شىمالىغا قايتىپ، ئۆتۈكەن تېغىنىڭ شىمالىدىكى شىمالىي بارگاھقا تۇيۇقسىز بېسىپ كىرگەن. شىمالىي ئوردا ئىشپارا چېكىنگەن قۇملۇق ( ئاق قۇملۇق ) قا قاغان بۇت شەھىرىدىن يېقىنراق، ئاپانىڭ قوشۇنىدىن خېلى كارىدورىدا قىپچاقلانغان ھەمدە ئىشپارا « ئالدى بىلەن قايتقان »، مۇشۇ ئەھۋاللارنى بىرلەشتۈرۈپ ئانالىز قىلغاندىلا، ئىشپارانىڭ شىمالىي بارگاھقا قىلغان ھۇجۇمىنىڭ ئۇشتۇمتۇتلۇقىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئىشپارا خېلى كارىدورى ئارقىلىق قاغان بۇت شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ئاپا قاغانغا مەلۇم بولۇپ قالغان، ئاپا قاغانمۇ مۇداپىئە تەدبىرلىرىنى قوللانغان بولاتتى، شۇڭا بۇنداق ئەھۋالدا «تۇيۇقسىز ھۇجۇم»دىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى.

قىسقىسى، تۈرك خانلىقى پارچىلىنىشتىن ئىلگىرى ئاپا قاغاننىڭ سۈيۈرغاللىق زېمىنى ئۆتۈكەن تېغى بىلەن ئالتۇنتاغ ئوتتۇرىسىدىكى قوبدۇ ئويمانلىقىغا ۋە ئۇنىڭغا خوشنا بولغان ئالتاي رايونىغا جايلاشقان. ئاپا قاغاننىڭ « شىمالىي بارگاھى » ئۆتۈكەن تېغىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى قوبدۇ ئويمانلىقىدىكى مەلۇم جايغا تەسىس قىلىنغان. « ئاپا قاغان شىتۇنىڭ زېمىنىنىڭ شىمالىدا بارگاھ قۇردى » ( «ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۈرنەكلىرى»، 175 - جىلد )، « ئاپا قاغاننىڭ سۈيۈرغاللىق زېمىنى ئۆتۈكەن تېغىنىڭ غەربىي شىمالىدا»، « شىمالىي بارگاھ ئۆتۈكەن تېغىنىڭ غەربىي شىمالىدا » ( ماچاڭشۇ: « تۈركلەر ۋە تۈرك خانلىقى »، 25 - بەت )، دېگەن مەلۇمات ۋە قاراشلارنىڭ ھەممىسى توغرا. يولداش ۋاڭ خۇەنىڭ ئالتاي رايونى بىلەن جۇڭغارىيەنى ئاپا قاغاننىڭ سۈيۈرغاللىق زېمىنى، قاغان بۇت شەھىرىنى ئاپا قاغاننىڭ شىمالىي بارگاھى دىگەن قارىشىنىڭ پاكىتى يېتەرسىز بولغاچقا، ئۇ كىشىنى قايىل قىلالمايدۇ. ( داۋامى بار )

ئابلەت نۇردۇن تەرجىمىسى

# تاڭجارىق ۋە ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ هازىرقى زامان قازاق ئەدەبىياتىدىكى ئورنى

قاۋسىلقان قامىجان

هازىرقى زامان قازاق ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىنى قۇرۇش يولىدا ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئىجادىي كۈچىنى، يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان تالانتلىق شائىر تاڭجارىق جولدى ئوغلى 1903 - يىلى كۆنەس ناھىيىسىنىڭ چاقپى دەرياسى بويىدا بىر نامرات چارۋىچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىپ، 1947 - يىلى 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئۆز يۇرتىدا كېسەل بىلەن ۋاپات بولغان.

قازاق خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتى مەرھۇم تاڭجارىقنىڭ ھاياتى — شېئىرىيەت ئاسمىنىدا يۇلتۇزدەك چاقناپ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن ئۆتكەن ھايات، گۈزەل ئىلى ۋادىسىدا، ھەيۋەتلىك تىيانشان باغرىدا زۇلۇمغا قارشى كۈرەشتە ئاجايىپ جاسارەت كۆرسەتكەن ھاياتتۇر. مەڭگۈ ھۆرمەتلەشكە ۋە قەدىرلەشكە سازاۋەر بولغان ئاتاغلىق شائىر تاڭجارىقنى بۈگۈنكى كۈندە يالغۇز قازاق خەلقىلا چوڭقۇر ئەسلەپ قالماستىن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىمۇ چوڭقۇر ئەسلىمەكتە، چىن قەلبىدىن خاتىرىلىمەكتە.

1983 - يىلى 16 - مارتتا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات — سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ قەدىردان شائىر تاڭجارىق جولدى ئوغلى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ رەئىسى ئابلىز نازىرى: «قازاقلارنىڭ مەشھۇر تەرەققىيپەرۋەر دېموكرات شائىرى تاڭجارىق ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن ئورتاق ماختىنىش» دەپ ناھايىتى توغرا، ناھايىتى ئېنىق كۆرسەتكەن ئىدى. يولداش ئابلىز نازىرىنىڭ بۇ سۆزىدە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەشھۇر شائىرى تاڭجارىققا بولغان ئورتاق كۆز قارىشى، ئورتاق ھېسسىياتى مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

مەلۇمكى، تاڭجارىق شېئىرلىرى شائىرنىڭ كەسكىن، مۇرەككەپ ھايات - ماماتلىق كۈرەش ئىچىدە ئۆتكەن جەڭگىۋار ھاياتىنىڭ بەدىئىي خاتىرىسى بولۇپ، ئۇ تامامەن

يېڭى، جانلىق، جۇشقۇن ئىلغار ئىدىيە، ئېسىل پەزىلەت، ئالىجاناپ روھ بىلەن يۇغۇرۇلغان ئىنقىلاۋىي مەزمۇن بىلەن مۇكەممەل بەدىئىي شەكىلنىڭ بىرلىكىدە مەيدانغا كەلگەن ھازىرقى زامان قازاق ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك مىۋىسىدۇر. تاڭجارىق جولدى ئوغلى ئۆزىنىڭ 29 يىللىق ئىجادىي ھاياتىدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «ئانار - سەۋلە»، «نازىگۈل»، «نۇغمان - ناغىم». «ئۆتكەن كۈن»، «سەنەۋۋەر پادىشا»، «سادىق سالغا»، «تۇرمە ھالى»، «ئىلى مەنزىرىسى» قاتارلىق داستانلارنى يازغان. يەنە «شائىر سىرى»، «بىرلىك»، «شاتلىق تەسىراتى»، «تۇرمە تارىخى»، «ئارمىنىم»، «چىن تىلەك»، «ئۆمۈر سىرى»، «شېڭ شىسەي سۈرىتىگە»، «گومىنداڭغا»، «ياشلىق تەسىراتى»، «غۇلجىدىن ئاتلانغاندا»، «ئىلى تۇرمىسىدىن»، «باللارغا»، «تۇغۇلغان يەرگە»، «ئەلگە سالام»، «بىر قىزغا» قاتارلىق مۇنەۋۋەر شېئىرلارنى يازغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە «قويدۇم بىلەن ئېيتىشىش»، «بايمۇقەممەت بىلەن ئېيتىشىش»، «چوقبار خوتۇن بىلەن ئېيتىشىش» قاتارلىق قازاق خەلقىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان قويۇق مىللىي پۇراققا ئىگە ئەنئەنىۋى مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا ئوينىلىدىغان ئېيتىشىش تېكىستلىرىنى ۋە «گۇندىپايغا»، «بۆرە بىلەن بور باسار»، «باخشى بىلەن موللا» قاتارلىق ئۆتكۈر ساتىرالىرىنىمۇ يازدى. نەتىجىدە قوشقان مول تۆھپىسى ئاجايىپ تالانتى ئارقىلىق كىشىلەر قەلبىدىن، دەۋرنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىن، ئەدەبىيات تارىخى بېتىدىن ئۆچمەس ئورۇن ئالغان داڭلىق مەشھۇر قازاق شائىرى تاڭجارىق بىزگە جەمئى 300 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، داستان يېزىپ قالدۇردى. مەرھۇمنىڭ 1948 - يىلى تۇنجى شېئىرلار توپلىمى «دەسلەپكى توپلام» ى نەشر قىلىنىپ، كەڭ كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

لېكىن كىشىلەر قەلبىنى زىدە قىلىۋەتكەن شۇم يىللار جۇڭخوا مىللەتلىرىنىڭ باي مەدەنىي مىراسلىرىنى، ئەدەبىيات - سەنئىتىنى ناھايىتى قاتتىق ۋەيران قىلغان «4 كىشىلىك گۇرۇھ» قازاق ئەدەبىيات - سەنئىتىگىمۇ، بولۇپمۇ قازاق خەلقىنىڭ قىممەتلىك ئېسىل ئەدەبىي مىراسلىرىغىمۇ ئوت قويغان ئىدى، شۇ قاتاردا ئاتاغلىق تەرەققىپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر شائىر تاڭجارىققا «ئەكسىلئىنقىلابچى»، «مىللىي بۆلگۈنچى» دېگەنگە ئوخشاش بەتناملارنى چاپلاپ، ئۇنىڭ ئۇلۇغۋار تۆھپىسىنى، ئەسەرلىرىنىڭ ئەدەبىيات تارىخىمىزدا تۇتقان مۇھىم ئورنىنى ئىنكار قىلدى. تاڭجارىق قالدۇرۇپ كەتكەن پارلاق ئەدەبىي مىراسلارنى قوغدىغان، توپلىغان ۋە ئۇنىڭغا چىن دىلىدىن تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلغانلارنى تېخىمۇ قارىلىدى، دەھشەتلىك ئازاپلىدى، ئەمما قارا قۇيۇنلار ھەر قانچە گۈكىرىسىمۇ، سۆيۈملۈك شائىر تاڭجارىقنىڭ نامىنى، ئۇنىڭ بۈيۈك تۆھپىسىنى ھەر مىللەت

خەلقىنىڭ، جۈملىدىن قازاق خەلقىنىڭ قەلبىدىن ھېچقانداق قىلىپ چىقىرىۋېتەلمىدى. « 4 كىشىلىك گۇرۇھ » يوقىتىلغاندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا تاگچارىق شېئىرلىرى يېڭىۋاشتىن رەتلىنىپ، ئۇدۇللۇق گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىشقا باشلىدى، بىر قىسىم شېئىرلىرى خەنزۇ، ئۇيغۇر تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ، مەملىكەت، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىندى. 1981 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن شائىرنىڭ « تۇرمە ھالى» ناملىق شېئىرلار تاللانمىسى نەشر قىلىندى.

جامائەتچىلىك ئىچىدە تاگچارىق ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ھەققىدە ئىلمىي مۇھاكىمىلەر بولغاندا، بەلكى بەزىلەر ئادەتتىكى بىر قازاق چارۋىچى بالىسىنىڭ يازغان شېئىرلىرىنىڭ شۇنچىلىك قۇدرەت تېپىشىغا، ئۇنىڭ كىشىلەر ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىر قوزغىغان ئاتاغلىق شائىر، ئۆز زامانىدىكى يۇقىرى سەۋىيىلىك ئاگلىق ئىنقىلابچى بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىغا تۈرتكە ۋە سەۋەبچى بولغان ئامىللار نېمىدۇر؟ دېگەن سوئاللارغا كېلىشى مۇمكىن. مېنىڭچە، بۇ مەسىلىگە قولىمىزدىكى ئۇنىڭ پۈتۈن ئىنقىلاۋىي پائالىيەتلىرىنىڭ، بۈيۈك تالانتىنىڭ روشەن نامايەندىسى بولغان شېئىرىي ئەسەرلىرىدىن، شۇنىڭدەك، يېقىنقى بىر نەچچە يىل مابەينىدە گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان ئۇنىڭ ئىنقىلاۋىي روھى ۋە قەھرىماننىق ئىش ئىزلىرى، ئۇنۇملۇك ئىجادىي پائالىيەتلىرى، مۇھىم ئەسەرلىرىگە دائىر ئىلمىي ماقالىلار، باھا، ئەسلىمىلەردىن جاۋاپ تېپىش مۇمكىن. مانا بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ گەۋدىلىك، ئەڭ تەسىرلىك يېزىلغانلىرى، ئەينى ۋاقىتلاردا جاللات شىڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىگە بىللە قامالغان ۋە شائىرنىڭ تەقدىرداش بولۇپ ئۆتكەن ئەڭ يېقىن سىرداش ئىنقىلاۋىي دوستى (ھازىرقى جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى ئۇرۇمچى قىسىملىرىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى) ئەزىزوپ قاسىمنىڭ « تاگچارىقنى ئەسلىگەندە » ناملىق ئەسلىمە ماقالىسى، قازاق خەلقىنىڭ ئاتاغلىق پېشقەدەم يازغۇچىسى رەھمەتۇللا ئاپىتىنە ئوغلىنىڭ « شائىرنىڭ ئۆزى ئۆلسىمۇ، سۆزى ئۆلمەيدۇ » ناملىق ئىلمىي مۇلاھىزە ماقالىسى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پېشقەدەم شائىرى مۆمىن سەيپىنىڭ « قازاق خەلقىنىڭ ئاتاغلىق شائىرى تاگچارىق » ناملىق ماقالىسى، قىياسبېك بىرىكباي ئوغلىنىڭ « تاگدىن ئەسلىگەندە » ناملىق ماقالىسى ھەقىقەتەن كىشىلەرنى تاگچارىق ھەققىدە ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيەت يولى ھەققىدە قايىل قىلارلىق چۈشەنچىلەرگە ئىگە قىلدى.

راستىنى ئېيتسام، مەن ئىلگىرى تاگچارىقنىڭ نامىنى ئىپتىخار بىلەن ئاڭلاپ، ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى قىزىقىپ ئوقۇپ كەلگەن بولساممۇ، لېكىن شائىرنىڭ ئۇلۇغۋار ھاياتى، ئىنقىلاۋىي پائالىيىتى، ئىجادىيەت يولى، ماھارىتى ھەققىدە يېتەرلىك تونۇشقا ئىگە ئەمەس

ئىدىم. يېقىنقى بىر نەچچە يىل ئىچىدە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن دەرسلىك تۈزۈش، دەرس ئۆتۈش، بىر قاتار ئىلمىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا يۇقىرى قىممەتكە ئىگە پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى سۈپىتىدە تاڭجارىق شېئىرلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي ھاياتى، ئەسەرلىرى توغرىسىدا يېزىلغان ئىلمىي مۇلاھىزە، تەتقىقات، ئەسلىمە خاراكتېرلىق ماقالىلارنى تەكرار مۇھاكىمە قىلدىم. بۇ جەرياندا تاڭجارىق ھەققىدىكى چۈشەنچەم، تاڭجارىق ئىجادىيىتىگە بولغان قارىشىم خېلى چوڭقۇرلاشتى، نەزەر دائىرەممۇ كېڭەيدى؛ ئېھتىمال تاڭجارىق ئىجادىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقان يولداشلارمۇ مۇشۇنداق قاراشتا بولۇشى مۇمكىن.

بىز مەرھۇم شائىر تاڭجارىقنىڭ ئىنقىلاۋىي پائالىيىتىگە، ئىجادىيىتىگە نەزەر تاشلايدىغان بولساق، پرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغ يازغۇچىسى م. گوركىينىڭ «بوران قۇش قوشىقى»دا تەسۋىرلەنگەن بوران قۇش ئوبرازى كۆز ئالدىمىزدا گەۋدىلىنىدۇ. تاڭجارىقمۇ 40-يىللاردا تىيانشان ئاسمىنىدا كۆتۈرۈلگەن ئوت يۈرەك ئۇيغۇر شائىرى ل. مۇتەللىپكە ئوخشاش بوران قۇشلارنىڭ بىرى، تاڭجارىقنىڭ ھايات يولى ئۆگىنىش، ئىجادىيەت، كەسكىن كۈرەش قاينىمىدا ئۆتكەن ھايات يولىدۇر. بىز تۆۋەندە شائىرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانلىرىغا نەزەر تاشلاپ باقايلى:

شائىر زامانداشلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىپ كۆرسەتكىنىدەك، ناھايىتى ئەقىللىق، ئۆتكۈر، غايىلىك، تىرىشچان، بالا بولۇپ، كىچىك چاغلىرىدىلا بېيىت، چۆچەك، تېپىشماق قاتارلىق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا بەكمۇ قىزىققان، داۋاملىق ئۇنى سۆيۈپ ئوقۇغان، قاپىيىلىك سۆزلەشكە ئادەتلەنگەن، ئۆزىنىڭ تىل بايلىقىنى بايان قىلىش قابىلىيىتىنى ئاشۇرۇشقا تىرىشقان. تەلەپچان شائىر 1913 - يىلى 10 يېشىدىلا دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ، تېز ساۋاتلىق بولغان. «تەجۋىت»، «ھەپتىيەك» قاتارلىقلارنىمۇ ئۆگەنگەن. ئۇنىڭ كەينىدىن 2 يىل يېزىلىق باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان. 1922 - يىلغا كەلگەندە تاڭجارىق ھۆكۈمەت تەرىپىدىن مەخسۇس ئاچقان «شوتاڭ» (ئەينى ۋاقىتتىكى خەنزۇچە مەكتەپ) غا ئوقۇشقا كىرىدۇ، شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن تاڭجارىقنىڭ سىياسىي كۆز قارىشىدا زور بۇرۇلۇش ھاسىل بولىدۇ. ئۇنىڭ بىلىم ئىگىلەش، ئىلغارلىققا ئىنتىلىش ئارزۇسى كۈچىيىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ غۇلجا شەھىرىدىكى ۋە ئۆز ئەتراپىدىكى بىلىملىك، تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەر بىلەن تېخىمۇ كۆپ يېقىنلىشىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ياخشى تەسىرىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئۇلاردىن دۇنيادا تۇنجى قېتىم بارلىققا كەلگەن سوتسىيالىستىك دۆلەت سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى كىشىنى خۇشال قىلىدىغان يېڭى ئۆزگىرىشلەر ھەققىدىكى پاراڭلارنى ئاڭلايدۇ. نەتىجىدە تاڭجارىقتا قانداقتۇ بىر ئامال،

قىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ ئوقۇپ كېلىش، كۆپرەك بىلىم توپلاش ئىشتىياقى قوزغىلىدۇ. ئاخىرى شائىر غۇلجىدىن چىقىپ چاپچال چېگرىسى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئۇ يەرگە بېرىپ ئىلگىرى 1916 - يىللىرى جۇڭگوغا كېلىپ قايتقان بورباي ئاملىق كىشىنى ئىزدەپ تېپىشىپ ئۇنىڭ ئۆيىدە تۇرىدۇ. بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، تاگچارىق ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا بېرىپ: «مەن بۇ يەرگە بىرىنچى، ئۇققان كۆرۈش ئۈچۈن كەلدىم»: ئىككىنچى، «روسىيىدە كەمبەغەل-يوقسۇللارنى قوغدايدىغان، بىلىم بېرىدىغان يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇلدى، دېگەن خوش خەۋەرنى ئاڭلاپ، يېڭى دۇنيانى كۆرىمەن، مۇبادا پۇرسەت چىقىپ قالسا بىلىم ئۆگىنىمەن دەپ كەلدىم» دەپ ئۆزىنى مەلۇم قىلىدۇ.

تاگچارىقنىڭ سەمىمى سۆزىدىن تەسىرلەنگەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەن يۇرتداشلىرى بىلەن ئۇ يەردىكى يەرلىك ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى شائىرنى ئالمۇتىغا بېرىپ 3 ئاي ئۆگىنىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ئۆگىنىش ئاخىرلىشىش بىلەن تاگچارىق يەنە ھېلىقى تۇققىنى بورباينىڭ ئۆيىگە قايتىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شائىر سوۋېت ئىتتىپاقىدا توپ-توغرا 3 يىل تۇرىدۇ، بۇ مەزگىللەردىمۇ قەلەمنى تاشلاپ قويماستىن، «قويدۇم بىلەن ئېيتىشىش»، «بايمۇقەممەت بىلەن ئېيتىشىش» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقىدۇ، يەنە قازاق خەلقىنىڭ بارلىق كونا-يېڭى يازغۇچى، شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تولۇق تونۇشۇپ، ئۇلاردىن ئۈلگە ئالىدۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدە شائىرغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنلىرى ئاباي قۇنانباي بىلەن جامبىل جاباينىڭ ئەسەرلىرى بولىدۇ، بۇ جەرياندا شائىر ئۆزىنىڭ سىياسى سەۋىيىسىنى، ئىجادىيەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، نۇرغۇن ماتېرىياللارغا ئىگە بولۇپ، تەرەققىيپەرۋەر يېڭى ئىدىيىلەرنى قوبۇل قىلىپ، 1928 - يىلى 11 - ئايلاردا ۋەتەنگە قايتىپ كېلىدۇ. ئۆز تەقدىرىنى ۋەتەن تەقدىرى بىلەن بىرلەشتۈرىدۇ.

گەرچە تاگچارىقنىڭ ئەدىبىي ئىجادىيەتكە قىزىقىشى گۇدەكلىك چاغلىرىدىلا باشلانغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىجادىيەتلىرى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان، رەسمى جامائەتچىلىككە تونۇلغان ۋاقتى 1923 - يىلى ئەتراپىدا بولغان، بۇ تاگچارىقنىڭ قەلىمى شەكىللەنگەن، توغرا دۇنيا قاراشقا ئىگە بولغان ۋاقتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تاگچارىق شېئىرىي ئىجادىيىتىنى تالانتى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەن شائىر. ئۇ باشقىلارغا دېمەكچى بولغان ئوي-پىكىرلىرىنى ھەتتا بىر قاتار مۇرەككەپ بولغان ۋەقەلەرنىڭ جەريانلىرىنىمۇ كۆپىنچە قاپىيىلىك سۆز-جۈملىلەر، شېئىرىي تىل، شېئىرىي شەكىللەر بىلەن ئىپادىلەيدىكەن. ئۇنىڭ ھايات-ماماتلىق ئېلىشىش، قىيىن-قىستاق، خەۋپ-خەتەرلەر ئاستىدا ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرى شائىرنىڭ يۈكسەك ماھارەت بىلەن تولغان تالانت

ئىگىسى بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىغا غايەت زور تەسىر كۆرسەتتى. تاگچاردىن دەسلەپتە پارچە-پۈرات تۇرمۇش مەزمۇنلىرىنى ئاساس قىلغان ياكى ئادەتتىكى ئويۇن - چاقچاق، قىزىقچىلىق، ئېيتىشىش، دوست - بۇرادەرلەر ئارىسىدىكى ھەر خىل شېئىرلارنى يېزىشتىن ھالقىپ ئۆتۈپ، چوڭ، مۇھىم ئىجتىمائىي تېمىلاردا، ماھىيەتلىك تۇرمۇش تېمىلىرىدا قەلەم تەۋرىتىش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى. بۇنىڭ بىلەن شائىر ئىلغار دېموكراتىك ئىدىيىنى قورال قىلىپ، ئۆز خەلقىنىڭ قەلبىدىكى، يېقىن سىردىشى، سۆيۈملۈك كۈيچىسى بولۇپ قېلىشتىن تاشقىرى، ئۇرغۇن ئىنقىلابىي شېئىرلارنى يېزىپ، خەلقنى ئويغىتىشقا تىرىشتى. خەلق دۈشمەنلىرىنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى پاش قىلىپ، خەلقنىڭ ئەركىنلىككە يۈرۈش قىلىشىنىڭ سىگنالىنى چالدى. شائىر قاتتىق غەزەپكە كېلىپ، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ رەزىل ئەپتى - بەشىرىسىنى پاش قىلغان «شېڭ شىسەي سۈرىتىگە» ناملىق بىر كۇپلېت شېئىرىدا:

تۇرۇپسەن ئەپتىڭدىن چېچىپ قەھرىتان،
يۈرەرمىز تەقۋالىق ئىچىرە پەرىشان.
دۇنيادا ئارمانسىز ئۆتەر ئىدىم مەن،
جىسمىڭدىن ئىچسەم گەر بىر قوشۇقلا قان.

دەپ يازدى. بۇ شېئىردىن بىز شائىرنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقىنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى، سانسىزلىغان ئىنقىلابچىلارنى، تەرەققىيپەرۋەر ئىلغار كىشىلەرنى بوغۇزلاپ قېنىنى ئىچكەن جاللات شېڭ شىسەيگە بولغان غەزەپ - نەپرىتىنىڭ قايناپ - تېشىپ قايسى دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈپ ئالالايمىز.

1944 - يىلى شېڭ شىسەي تەختتىن چۈشۈپ، شىنجاڭ رايونىدا گومىنداڭ ھاكىمىيىتى تىكلەندى. بۇلارمۇ ئوخشاشلا بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى بولغاچقا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ھەر مىللەت خەلقىگە زۇلۇم سېلىشتا شېڭ شىسەيدىن ئېشىپ كەتتى. قىرغىنچىلىق تېخىمۇ كۆپەيدى. دەل مۇشۇ رىياللىقنى كۆرگەن ھەم بىۋاستە بېشىدىن كەچۈرگەن، ئۇنىڭ ئازاۋىنى بولۇشىغا تارتقان شائىر «گومىنداڭغا» ناملىق شېئىر يېزىپ:

قۇلاق سالدىڭ مەككارلارغا راست بولۇپ،
ئۆمۈرۋايەت دۇرۇس سۆزگە ئىشەنمەي.
بىر قوۋزۇڭ قانغا تولغان، بىرسى ماي،
سېغىزخانىدەك قان چوقۇدۇڭ داۋامەت.

يۇرتنى قىرىپ، ئەلنى ئېزىپ قان شوراپ،
«ئادىل» لىقتىن پاختا ئاتتىڭ بىقايەت.
ئاقلىمىدىڭ بىر قېتىممۇ لەۋزىڭنى،
شۇم پىشانە ھىلىگەرسەن ناھايەت.

دېگەن مىسرالار بىلەن ھىلىگەر، ئالدامچى، فاشىست گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ جىنايەتلىرىنى راسا پاش قىلىپ، ئۇنىڭ خەلقنىڭ قان-تېرىنى شورىغان چىلبۆرىلىك ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلىغان.

بىز تاڭجارىقتىن ئىبارەت بۇ تارىخىي شەخسكە باھا بەرگەندە ياكى ئۇنىڭ ئۆچمەس ئىجادىيەتلىرىنىڭ ھازىرقى زامان قازاق ئەدەبىياتىدا تۇتقان ئورنىنى، ئوينىغان رولىنى، كۆرسەتكەن تەسىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن ۋاقتىمىزدا، ئەڭ مۇھىم بولغىنى، ھەقىقەتنى كونكرېت ئەمەلىيەتتىن ئىزدىشىمىز، ئەمەلىيەتنى، رېئاللىقنى چىقىش قىلىشىمىز، دىيالېكتىك ماتېرىيالىزىم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزىملىق نۇقتىئىنەزەر بويىچە تەھلىل-تەتقىق قىلىشىمىز كېرەك، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىپادىلەنگەن ئەمەل پەزىلەت ئۇچقۇنلىرىنى، ئىلغار دېموكراتىك ئىدىيە جەۋھەرلىرىنى، ۋە تەنپەرۋەرلىك روھىنى، ئەسەرلىرىنىڭ بەدىئىي قىممىتىنى قەدىرلىشىمىز ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشىمىز لازىم. ھەرگىز تاڭجارىق ئەسەرلىرىگە بۈگۈنكى دەۋرىمىز روھى، بۈگۈنكى دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ سەۋىيىسى بويىچە تەلەپ قويۇش، باھا بېرىشكە بولمايدۇ. شۇنداقلا تاڭجارىق ئەسەرلىرىدە قىسمەن نۇقسانلارنىڭ بارلىقىنىمۇ ئېتىراپ قىلىشىمىز لازىم. چۈنكى شائىر ئەينى ۋاقىتلاردا بەزى تارىخىي چەكلىمىلىك تۈپەيلىدىن سادىر قىلغان نۇقسانلارمۇ يوق ئەمەس. شۇڭا تارىخىي رېئاللىقنىڭ ئىنكاسى بولغان تارىخىي ئەسەرلەرنى تارىخىي شارائىت ئىچىگە قويۇپ مۇھاكىمە قىلىشىمىز كېرەك. ئەينى ۋاقىتلاردا زۇلمەتلىك دۇنياغا ۋە زوراۋانلىققا قارشى ئىنقىلاپنىڭ يالقۇنلۇق ئوتىنى تۇتاشتۇرۇشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن كىرىشكەن شائىرنىڭ كەينىگە چۈشكەن ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ غالچىلىرى ئاخىرى ئۇنى تۇتۇپ تۈرمىگە تاشلايدۇ. لېكىن ۋەھشى دۈشمەن يۈرىكى ئوت، تىلى خەنجەر ئىنقىلاۋىي شائىرنى، خەلقنىڭ قەھرىمان ئوغلانىنى ھەر قانچە قىستاققا ئېلىپ قىيىنىسىمۇ ئۇنىڭ پائالىيىتىنى، ئۇنىڭ ئاۋازىنى قىلچىلىك توسۇپ قالالمايدۇ. شائىر تۈرمىدە تۇرۇپ ئۆز سەپداشلىرىغا شېئىر ئارقىلىق خەت يازىدۇ، شائىرنىڭ تۈرمىگە ئېلىنغان ۋاقتى ئۇنىڭ غۇلجا شەھىرىدە قۇرۇلغان «قازاق، قىرغىز مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» تەرىپىدىن چىقىرىلغان قازاقچە گېزىتنىڭ ئاساسلىق تەھرىرى بولۇپ ئىشلەۋاتقان مەزگىلى ئىدى. تاڭجارىق

تۈرمىگە ئېلىنىپ بىر يىل ئىزلىجىدا تۇرغاندىن كېيىن، يەنى 1940 - يىلى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت ئۇنى غۇلجا تۈرمىسىدىن يۆتكەپ ئايرىپ ئۈرۈمچى تۈرمىسىگە قامايدۇ. دەل مۇشۇ چاغدا تاڭجارىق ئۆزىنىڭ مۇھىم ئەسەرلىرىنىڭ بىرى «تۈرمە ھالى» ناملىق داستانىنى يېزىپ چىقىدۇ. داستاندا نۇرغۇنلىغان ئىنقىلاپچىلارنىڭ، نۇرغۇنلىغان تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولغان قانلىق تۈرمە تارىخى ۋە يىرتقۇچ چىلبۆرىلەرنىڭ مەھبۇسلارنى جازالاش ئۇسۇللىرى مەركەزلىك بايان قىلىنغان، شېڭ شىسەينىڭ ياۋۇزلۇق ھەركەتلىرى تىپىك، مەركەزلىك پاش قىلىنغان.

شۇنى ئېيتىشقا بولىدۇكى، تاڭجارىق شېئىر، داستانلىرى مەزمۇن جەھەتتە شۇ دەۋردىكى ۋەزىيەت بىلەن، ئۆز كەچۈرمىشلىرى بىلەن يېقىن باغلانغان: ئالايلى، «ئانار - سەۋلە» ناملىق ئۇزۇن داستاندا تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژ شائىرنىڭ ئۆزى. بۇنىڭدىن باشقا، داستاندا بايان قىلىنغان پۈتۈن ۋەقەلىك شائىرنىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرىنى دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى قىلىپ ئېلىنغان، يەنە «بۆرە بىلەن بورباسار» ناملىق ساتىرىك شېئىرغا كەلسەك، بۇنىڭدا شائىر جاھالەتلىك ئەشۇ جەمئىيەتتە ئۆزىنىڭ ئۈستىدىن يالغاندىن ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان تۆھمەت ماتېرىياللىرىنى توپلاپ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتكە چېقىشتۇرۇپ گۇناكار قىلىپ تۇتۇپ بەرگەن ئىشپىيونلارنى، ھۆكۈمرانلار گورۇھىنىڭ يالاقچىلىرىنى پاش قىلىش، مەسخىرە قىلىش ئاساسلىق مەزمۇن قىلىنغان.

تاڭجارىق مەيدانى مۇستەھكەم، نىشانى ئېنىق ئىنقىلاۋىي شائىر، ئۆز دەۋرىنىڭ رىياللىقىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن، ئۇنى چىنلىق بىلەن توغرا ئەكس ئەتتۈرگەن رىيالىست، ئوپتىمىست شائىر، ئۇ ئۆز زامانىدا بېشىغا كەلگەن غۇنچىلىك بېسىم ئاستىدا دۈشمەنلەرگە تەسلىم بولغان ئەمەس، بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، تاڭجارىق تۈرمىدە ياتقان مەزگىللەردە ئىنسان بالىسى چىداپ تۇرالمىغىدەك دەرىجىدە قاتتىق ئازاپلانغان بولۇپ، نەتىجىدە ئۇ كېيىن مېيىپ بولۇپ چىققان. شۇنداق تۇرۇقلۇقمۇ ئۇ ئۆز ئىشەنچلىك رادى بوشاشتۇرۇپ قويمىغان، كەلگۈسىگە زور ئۈمىت - ئىشەنچ بىلەن قارىغان. بۇ قارىشىمىزنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن شائىرنىڭ «ئارمىنىم» ناملىق شېئىرىنىڭ تۆۋەندىكى مىسرالىرىغا قاراپ باقايلى:

جاھالەت، زۇلمەتكە بېرىلمەي بەرھەم،
قاچانمۇ ئاتاركىن مېنىڭ ئۈچۈن تاڭ.
قەپەزدە زارلانغان تورغاي خۇددى مەن،
چىقارمۇ مېنىڭدىن شادىيانە ئاھاڭ،

قىساس ئالسا زالىملاردىن ئەل،
نۇرلىنار ئەمدى بۇ خۇلدەك سىياقىم،
كۆزلىگەن ئارمانغا يېتىپلا ئۆلسەم،
قەۋرىدە ياشىرار ئەمدى ھەم قەلبىم.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، يۇقۇرىدىكى مىسرالاردا ئىپادىلەنگەن ئىنقىلاۋىي جاسارەت ئوپتىمىستىك روھ، جۇشقۇن ئۈمىت ئۇچقۇنلىرى لىرىك ھىسسىيات ئارقىلىق جىلۋىلەنمەكتە، بۇ شېئىردا شائىر ئۆزىنىڭ قاراڭغۇ دۇنيادا غەپلەت باسقان قەلبىنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇپ، يىراق كەلگۈسىگە ھاياجان بىلەن نەزەر تاشلايدۇ، ئازاتلىق تېڭىنىڭ، بەختىيار كۈنلەرنىڭ يات ئارىدا يېتىپ كېلىشىنى تەشنالىق بىلەن كۈتىدۇ. تاڭچارىق شېئىرلىرىدا ئىپادىلەنگەن بۇ ئىنقىلاۋىي روھ، ئۇلۇغۋار جاسارەت ئۇنىڭ ئىنقىلاۋىي ئەمەلىيىتىدىن كەلگەن. شائىر شۇ دەۋردىكى خېلى بىلىملىك كىشىلەرنىڭ بىرى بولغاچقا، ئۇنىڭ ماركسىزىم ۋە ماۋزېدۇڭلار ئەسەرلىرىنىمۇ ئوقۇپ، ئۇنىڭدىن كۈچ - قۇۋۋەت ئېلىپ تۇرىدىغانلىغى، سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ سەنمىنجۇيىسىنىمۇ خېلىلا پىششىق بىلىدىغانلىغى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭغا ئەۋەتكەن مۇنەۋۋەر ۋەكىللىرى، چېن تيەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇلارنىڭ تەسىرىنىمۇ قوبۇل قىلغانلىغى، پارتىيىمىزنىڭ ئەينى ۋاقىتلاردىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللى بىرلىكسەپ قۇرۇش توغرىسىدىكى دانا تەدبىر، سىياسەتلىرىنىڭ تەسىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەنلىكى ئېنىق. بۇ مەسىلىگە شائىرنىڭ قەلەم كۈچى كامالەتكە يەتكەن چاغلىرىدا يازغان شېئىرلىرىدا ئىپادىلەنگەن تەرەققىپەرۋەر ئىلغار دېموكراتىك ئىدىيىسى، روشەن نۇقتىئىنەزەرلىرى دەلىل بولۇشتىن باشقا، يەنە يولداش ئەزىزوپ قاسىمنىڭ «تاڭچارىقنى ئەسلىگەندە» ناملىق ئەسلىمە ماقالىسىدىكى: «تاڭچارىق ئاتاغلىق شائىرلا ئەمەس، بەلكى ئىلغار ئىنقىلاپچى ئىدى، مەن ئۇنىڭ ئاغزىدىن ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن، ماۋزېدۇڭ، جۇدې ۋە باشقىلار توغرىلىق گەپلەرنى پات - پاتلا ئاڭلاپ تۇراتتىم» دېگەن سۆزى، يەنە ئۇنىڭ چوڭقۇر سىردىشىش جەريانىدا تاڭچارىقتىن: «سەنمىنجۇيىنى دەسلىۋىدە سۆيگىنىڭىز كەلگەنلىكىنى، كېيىنچە ئەيىبلەپ سۆككىنىڭىز كەلگەنلىكىنى ئېيتتىڭىز» دەپ سورىغاندا، تاڭچارىقنىڭ ئەزىزوپ قاسىمغا گەپنى ئەگىتىپ ئولتۇرمايلا شۇ زامان: «سۆيگۈم كەلگەنلىگى كوممۇنىستلار كېلىپ (بۇ يەردە شائىرنىڭ دېگەن كوممۇنىستلىرى چېن تيەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇلارنى كۆرسىتىدۇ) ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللى بىرلىكسەپ قۇرۇپ، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاپنى، سۇن جۇڭشەننىڭ ھەقىقى سەنمىنجۇيىسىنى تەشۋىق

قىلغاندا كىتابىنىڭ ئىلغارلىقىغا زوقلانغانلىقىم؛ ئەيىپلەپ سۆككىنىم كەلگىنى بەت نىيەتلەرنىڭ كىتابىنى (بۇ يەردە بەت نىيەتلەردىگىنى شىبلىك شىبەي ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى كۆرسىتىدۇ) خالىغىنىچە بۇرمىلاپ، ئۇنى كالتەك قىلىپ بىزنى دۇمبالىغانلىقى» دەپ ئېنىق جاۋاپ بەرگەنلىكىمۇ دەلىل بولىدۇ. شائىر تۈرمىدە ياتقان مەزگىللەردە ئۆزى بىلەن مەقسەتداش، تەقدىرداش، ئەڭ ئىشەنچىلىك كىشىلەر بىلەن قىزغىن مۇئامىلىدە بولۇپ، قويۇق ئالاقە ئورنىتىدۇ. بولۇپمۇ يولداش ئەزىزوپ قاسىمىنىڭ شائىر ھەققىدىكى يۇقىرىقى چوڭقۇر ئەسلىمىسىنىڭ روھىدىن قارىغاندا، تاڭجارىق خەنزۇ تىلىنى پىششىق بىلگەچكە، ئۆزى بىللە تۈرمىگە قامالغان ۋاڭ، ياڭ فامىلىلىك ئىككى كوممۇنىست بىلەن ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولۇپ كېتىدۇ، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ يازغان ئىنقىلاۋى شېئىرلىرىنى قازاقچىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ ئوقۇپ بېرىدۇ، ئۇنىڭ ئىلغار تەرەققىپەرۋەر ئادەم ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەن بۇ ئىككى كوممۇنىستمۇ تاڭجارىققا يېقىنلىشىدۇ، مۇشۇ چاغلاردا بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پاراڭلارنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى ئۇلۇغ غەلىبىلەرگە ئېرىشكەن روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋى ۋە ئېلىمىزدە كۈنسېرى ئىزلىنىۋاتقان جۇڭگو ئىنقىلاۋى ھەققىدىكى بىر قاتار چوڭ-چوڭ مەسىلىلەرگە مەركەزلىشىدۇ، ئېلىمىزنىڭ ئىچكى - تاشقى ۋەزىيىتىگە مەركەزلىشىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن تاڭجارىق تۈرمىدە ياتقان ھەر مىللەت ئىلغارلىرىغا كۆپ چاغلاردا ئىنقىلاپ ۋەزىيىتىنى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تەقدىرى ھەققىدىكى چوڭقۇر تەسىراتلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئۇلارنى ئىلھاملاندۇرۇپ تۇرىدۇ. تاڭجارىق بىر مىللەتنىڭلا ئەمەس، شىنجاڭدىكى ھەتتا ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تەقدىرىنى ئويلىدى، يىغىپ ئېيتقاندا ۋەتەن تەقدىرىنى ئويلىدى. بۇنىڭغا ئۇنىڭ:

قايسى كۈن يۇمۇلغىچە بىر جۈپ كۆزۈم،
ۋەتىنىم جۇڭگونى قوغدايمەن ھامان،
ئەي ياپون پاكارلىرى تىڭلا سۆزۈم،
بۇندا يوق ھەرگىز ساڭا ئولجا، ماكان.

دەپ ياڭراق شېئىر تىلىدا ئىزھار قىلغان ۋەتەننى سۆيۈش مۇھەببىتى، ۋەتەننى قوغداش ئىرادىسى، ۋەتەن دۈشمەنلىرىگە ياغدۇرغان غەزەپ - نەپرىتى تولۇق مىسال بولالايدۇ.

تاڭجارىق شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئادالەتسىزلىككە قارشى قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلىش، يورۇقلۇققا ئىنتىلىشكە رىغبەتلەندۈرۈپلا قالماستىن، ئۇلارنى ئىتتىپاق،

ئىناق ئۆتۈشكە چاقىرغان ئىدى، ئىز خەلق ئاممىسىغا دائىم «كۈچ بىرلىكتە، پەقەت ئىتتىپاق قىلاشقاندىلا غەلىبىگە ئېرىشكىلى، كۈتكەن ئۈمىت - ئارمانىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ» دېگەن قارىشىنى تەشۋىق قىلدى، بۇ ئىدىيىنى «بىرلىك» ناملىق شېئىرىدا:

چۈشىنىپ سۆزۈمنى ئوبدان ئويلىنىپ،
ياشىغىن ئىناق بولۇپ زىچ ئۇيۇشۇپ.
بىرلىگىڭ يوق بولسا ئاندا دۈشمىنىڭ،
قولىدا كۈل بولىسەن شامدەك كۆيۈپ.
ياتىسەن مايسىز ئىلىك - سۆڭەك كەبى،
ئاي دالادا ئىت ۋە قۇزغۇنلار چوقۇپ.
سەن كاۋاك دەرەخ بولۇپ، ياۋلار قۇرۇت،
ئوپ - ئوڭاي يەپ تۈگىتەر غاجاپ، يونۇپ.
بولمىسا ئاراڭدا بىرلىك پۇرسەت،
ئۆز كۆلەڭگەڭدىن ئۆزۈڭ ئۈركۈپ، چۆچۈپ.
قايتىلاپ ئېيتاي ئەگەر بىرلەشمىسەڭ،
كېتىسەن دۈشمەنگە تەييار يەم بولۇپ.
ئېگىسىز ماللارغا ئوخشاپ قالىسەن،
ئىشلىتەر ياۋ مەيلىچە ئۇرۇپ، سوقۇپ.

دەپ، بىرلىك - ئىتتىپاق قىلىشنىڭ پايدىسى بىلەن ئىتتىپاقسىزلىقنىڭ، چېچىلاڭغۇلۇقنىڭ زىيىنىنى روشەن سېلىشتۇرمىلار ئارقىلىق تەرىپلەيدۇ. خەلق ئاممىسىنىڭ ئاخىرقى ھېساپتا ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىنىڭ تەقدىرىنى ئىتتىپاق قىلىشقا، بىرلىككە باغلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن شائىر: كىشىلىك ھايات پەلسەپىسى، ياشاشنىڭ يوللىرى، قانۇنىيىتى ئۈستىدە ئەتراپلىق پىكىر يۈرگۈزۈپ، شېئىرنىڭ تەربىيىۋى ئەھمىيىتىنى، ئېستېتىك قىممىتىنى يەنە بىر پەللە يۇقۇرى كۆتۈرىدۇ.

بەزىلەر كۆز يۈگۈرتۈپ زامانغا،
بېشىنى چايقار، ئويغا چۆمەر، مۇڭلىنار.
باركى شۇنداق پەرى سۈپەت جەددىللار،
زەخمىتىگىدىن نەپ ئېلىشقا ئالدىرار.
نىيىتى دۇرۇس پاك يۈرەكلىك يىگىتلەر،

ئايرىلماس سامى بۇلار سۆزۈڭگە.
كىر ئىزلىسەڭ تىرنىقىدىن چىچەنىنىڭ،
تاغدەك ئەيىپ ئارتىپ قويار ئۆزەڭگە.
باركى شۇنداق بەيگە بەرمەس تۇلپارلار،
پەرۋاز قىلۇر شانۇ- شۆھرەت ئەۋجىدە.
باركى شۇنداق سۇخەنۋازلار ئەل ئىچىرە،
ئۇلار بۇزۇپ ئولجا ئالار بەيگىدە.
باركى شۇنداق شىر سۇپەتلىك باتۇرلار،
ئاڭا تاتلىق ئەلىنىڭ ھۆرمەت ھىممەتى.
باركى شۇنداق جان قىيار شۇم تەلەتلەر،
ئەخۇقىلۇقتا يېتەر ماڭا زەخمەتى.
باركى شۇنداق مەردانىلەر ئەل ئىچرە،
ئۇنى بەرسە ئالماس سەندە بىرنىمۇ.
باركى مىسقال پۇل قىيالماس ناكەسلەر،
ھىلە بىلەن ئالار ئاي ھەم يىلنىمۇ.
باركى شۇنداق مەۋج ئۇرغان شائىرلار،
شېئىر بىلەن ئالارغۇ بار- كېرەگىنى.

تاڭجارىق شېئىرلىرى ھازىرقى زامان قازاق ئەدەبىياتى تارىخىدا مەيدانغا كەلگەن بىباھا گۆھەر ئېلىمىز جۇڭخۇا مىللىتى ئەدەبىيات غەزىنىسىگە قوشۇلغان تۆھپە بولۇپ، ئۆزىنىڭ تارىخىي قىممىتى، ئىلغار دېموكراتىك ئىدىيىۋى مەزمۇنى ئارقىلىق ئېلىمىز قازاق ئەدەبىياتىدا مۇھىم ۋە ئاساسلىق ئورۇننى تۇتۇپلا قالماستىن، ئاجايىپ كۆركەم، گۈزەل بەدىئىي سۈپىتى جەھەتتىمۇ مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. دېمەك، تاڭجارىق جولدى ئوغلى يېڭى زامان قازاق ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىنى قۇرۇش يولىدا دەۋر كارتىنىسىنى ئوب- رازلىق سىزغان، قازاق ئەدەبىي تىلىنى قوللىنىش، بېيىتىش، تۈرلۈك بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاستىلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش جەھەتتە، مۇكەممەل بەدىئىي شەكىلدە رېيال تۇرمۇش مەزمۇنلىرىنى چىنلىق ئاساستا كەڭ دائىرىلىك ئىپادىلەپ بېرىشتە پارلاق ئۈلگە ياراتقان ئەستايىدىل سەنئەتكار. شۇنداقلا دەۋرنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا ماڭغان ۋەكىل، قازاق ئەدەبىياتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن، جامائەتچىلىككە تونۇلغان كونا - يېڭى ۋەكىللىرىنىڭ سۆيۈملۈك ئۇستازى.

تاڭجارىق شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىك جەھەتتىكى بىرقاتار مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئىپادىلاش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئەسىرى «ئىلى مەنزىرىسى» ناملىق لىرىك داستانى ئۈستىدە ئاز-تولا توختىلىپ ئۆتسەكلا كۇپايە قىلىدۇ. داستاندا شائىر تەبىئىي مۇھىت شارائىتى بىلەن ئىجتىمائىي مۇھىت شارائىتى ئىچىدە بەدىئىي ئوبرازنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىدۇ، گۈزەل ئىلى ۋادىسىنىڭ يارقىن مەنزىرىسىنى ئوبرازلىق سىزىدۇ، باتۇر ئىلى خەلقىنىڭ ئەسىرلىك تۇرمۇش مەنزىرىسى ۋە جانلىق ھايات كارتىنىسىنى لىرىك ھىسسىيات ئارقىلىق گەۋدىلەندۇرىدۇ:

باي ئىلى ئادەملەر بار تۈرلۈك سەندە،
توق سەندە، سېمىز سەندە، ئورۇق سەندە،
مۇڭلىنىپ دەرتتە كۈن ئۆتكۈزگەن،
سالماقلىق ھالى خاراپ ئوچۇق سەندە،
ئېسىل ماكان، يېشىل كۆكلەم تاغلارمۇ سەندە،
ھۈنەر بىلەن ئوقەت - سودا، مالمۇ سەندە،

دىگەن تەنتەنىلىك تەسۋىرلەر بىلەن بېرىلگەن بۇ مىسرالاردا شائىر ئانا يۇرتى ئىلىنىڭ بايلىقىغا، گۈزەل تاغ - دەريالىرىغا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلاپ، قىزغىن مەدھىيە ئوقۇش بىلەن بىر چاغدا كۈلپەتلىك كۈنلەردە ھەسرەت چېكىپ، پۈتۈن ئۆمرىنى دەرت - ئەلەم ئىچىدە ئۆتكۈزگەن ئەمگەكچى خەلقلەرگە بولغان ھىسداشلىقىنى لىرىك تۇيغۇ، جاراڭلىق سادا بىلەن ئىپادىلىگەن. يەنە ئۇنىڭ:

دەريا يەرنىڭ مەركەز ئۆرتىسىدەك،
يەرنى تەن دىسەك ئۇ قان تومۇردەك،
تاغ تېشى ئالتۇن، كۈمۈچ، ئورمان، كۆل،
ساپ سۈيى ئىرىك قوينىڭ شورپىسىدەك.

دىگەن تەسۋىرلىرى بەدىئىي ئەدەبىيات ئىجادىيىتىمىزدە ناھايىتى كەم ئۇچرايدىغان گۈزەل، ئوبرازلىق ئوخشىتىشلاردۇر. بۇنىڭدىن باشقا، ئىستېتىك ئىپادىلەش ۋاستىلار بىلەن بېرىلگەن تەسۋىرلەرنى، شېئىرىي بايانلارنى داستاننىڭ باشقا بۆلەكلىرىدىنمۇ كۆپلەپ تاپقىلى بولىدۇ. بۇنداق ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى داستاندا ھىسسىياتنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇش، ئەسەرنىڭ بەدىئىي قۇرۇلمىسىغا يېڭىچە، گۈزەل تۈس كىرگۈزۈشتە ئالاھىدە ئورۇننى تۇتقان.

قۇش سايراپ، يىلقى كىشنەپ ئورمان ئارا،
سەكرىشىپ، ھەر يان چېپىپ يۈرەر قۇلۇن.
قولىدا ئات تايىغى، مال ھەيدىشىپ ،
بوۋايلار ساي - سالادىن ئالغان ئورۇن.
ياڭرىتىپ ناخشىنى قىيالاردا،
يۈرىشەر قۇشلار كېلىپ يازدىن بۇرۇن.
چاي قۇيۇپ كېلىنچەكلەر ئاق چەينەكتىن،
ئېرىگە نازلىق تاشلار كۆز قىرىنى،
قېشىنى قىمىرلىتىپ قىلار ئىمزھار،
دېڭىزدەك چوڭقۇر سۆيگۈ دىل سىرىنى.

داستاننىڭ بۇ مىسرالىرىدا شائىر قازاق خەلقىنىڭ قويۇق مىللى تۈسكە ئىگە رېئال تۇرمۇشىنى جانلىق سۈپەتلەش ئۇسۇلىنى چېۋەرلىك بىلەن قوللىنىپ، يېقىملىق، نازاكەتلىك لىرىك تۈيغۇ ئارقىلىق يورۇتۇپ بەرگەن.

بىز مەرھۇم شائىر تاڭجارىقنىڭ شېئىرلىرىنى سۆيۈنۈپ ئوقۇش، قىزىقىپ تەتقىق قىلىش، ئەتراپلىق، چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىش داۋامىدا شۇنى ھېس قىلدۇقكى، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ئۆز دەۋرى ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن، ئۆزىگە خاس بولغان يېڭى ئىدىيە، يېڭى پىكىر كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈلگەن، رېئاللىق چىنلىق ئاساسىدا رېئالىستىك ئۇسۇلدا ئەكس ئەتتۈرۈلۈشتىن تاشقىرى، شائىرنىڭ ئىجادىيەتلىرىدە ئۈپتىمىستىك روھ، جۇشقۇن ئۈمىت - ئارزۇلار بىلەن تولغان كىشىلىك ھاياتنىڭ گۈزەل غايىۋى مەنزىرىلىرىنى ئىپادىلەپ بېرىشكىمۇ خېلى ئورۇن بېرىلگەن. تاڭجارىق ئەدەبىي ئىجادىيەتتە رېئالىزىملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىمۇ، رومانتىزىملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىمۇ قوللانغان، رېئالىزىملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى، ئۇنىڭ ئىجادىيىتى، ئۇ ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ .

يىغىپ كەلگەندە، ئاتاغلىق شائىر تاڭجارىق ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا رېئال تۇرمۇشنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى كۆپرەك ھېسسىيات ئارقىلىق ئىپادىلەش، پىكىرنى ئەسىر ئارقىلىق چوڭقۇر، مەنتىقىلىق بېرىش، تىلنى پىششىق، ئوبرازلىق ئىشلىتىش، ئۇقۇمنى ئاممىباپ، يېقىملىق ئىپادىلەشتەك ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۈرگەن.

خەلقىمىز ھەقىقى تۈردە تەرەققىپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر بۈيۈك ئىنقىلاۋى شائىر تاڭجارىقنى چوڭقۇر ياد ئەتمەكتە. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى سۆيۈنۈپ ئوقۇپ، چىن دىلىدىن قەدىرلىمەكتە. ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىمىز ئۇنىڭ ئىجادىيەت يولى، مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى ئۈستىدە داۋاملىق مۇھاكىمە يۈرگۈزمەكتە.

# ئوغۇزنامە ھەققىدە مۇلاھىزە

## — «ئوغۇزنامە»دىن ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى ئىجتىمائى ئېتىقاتلىرىغا نەزەر

غەيرەتجان ئوسمان

دىن — ئىجتىمائى ئېتىقاتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. كىشىلىك دۇنيادا، دىنغا ئېتىقات قىلمىغان ھېچقانداق مىللەت يوق، ھازىرقى مىللەتلەرمۇ ئەزەلدىن بىرەر خىل دىنغا ئېتىقات قىلغان. بەزى مىللەتلەر ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەردە ئوخشىمىغان دىنغا ئېتىقات قىلىپ كەلگەن؛ بەزى مىللەتلەر بىر تارىخىي دەۋردە ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق دىنغا ئېتىقات قىلغان. دىن تەرەققىياتى جەريانىدا ئومۇمەن ئىستىخىيىلىك دىنلار ۋە سۈنئىي دىنلار بولغان. ئىستىخىيىلىك دىن ئىپتىدائى جەمئىيەت ياكى سىنىپسىز جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلى بولسا، سۈنئىي دىن سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلى. دىن ئەڭ بۇرۇن بارلىققا كەلگەن ئىجتىمائى ئىدېئولوگىيە پورمىسىدۇر. ئىپتىدائى جەمئىيەت بىر قانچە تارىخىي باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ. ئىپتىدائى ئىنسانلار ھەر قايسى تارىخىي باسقۇچلاردا چوقۇنۇش ئوبيېكتى ئوخشىمايدىغان دىنلارغا ئېتىقات قىلغان. ئىپتىدائى جەمئىيەتتە ئىجتىمائى ئېتىقات، كۆپ ھاللاردا بىرلىشىپ، بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن روشەن دەۋر چەكلىمىسىدىن خالى بولالمىغان. ئىجتىمائى ئېتىقات چوڭ ئۇقۇم بولۇپ، ئۇ كۆپلىگەن تارماق ئۇقۇملاردىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. تۆۋەندە مەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمقى ئىجتىمائى ئېتىقاتلىرىنىڭ، جۈملىدىن ئىپتىدائى دىنىي ئېتىقات چۈشەنچىسىنىڭ «ئوغۇزنامە» ئېپوسىدا ئەكس ئەتكەن بەزى بىر ئىزلىرى ھەققىدە ئۆز كۆز قارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

### ئىپتىدائى تۇتېم ئېتىقادى

«ئوغۇزنامە» دە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائى دىنىي ئېتىقادىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغان تۇتېم چۈشەنچىسى ئەكس ئەتكەن. «ئوغۇزنامە»دە ئوغۇزخاننىڭ پۈتۈن ھەربىي يۈرۈشلىرىگە كۆك يايلىلىق، كۆك تۈكلۈك بىر ئەركەك بۆرە يول باشلىغۇچى بولىدۇ، ئوغۇزخان كۆك بۆرە «بىزنىڭ بەلگىمىز بولسۇن» دەپ خەلقىگە جاكالايدۇ. مانا بۇ ئېنىق تۇتېم ئېتىقادى.

تۆتېم ئېتىقادى ئىنسانلار جەمئىيىتىدە ئەڭ بۇرۇن شەكىللەنگەن ئىجتىمائىي ئېتىقات. ئىنسانلار ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ مەلۇم بىر باسقۇچىدا ياۋايى ئۆسۈملۈكلەرنى يىغىش ۋە هايۋانلارنى ئوۋلاش بىلەن يەمەك-ئىچمەكنى قامداپ كەلگەن. ئۇ چاغدا ئۆسۈملۈك بىلەن هايۋانلار ئىنسانلارنىڭ هايات كەچۈرۈشى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان نەرسە ئىدى. هايۋانلارنى ئالساق، دەسلەپتە كىشىلەر ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدىغان تەبىئەتتىكى غەلىتە، ئاجايىپ كۈچ دەپ قاراپ ئۇنىڭغا چوقۇنغان. كىشىلەر چوقۇنغان هايۋانلارنى قولغا كەلتۈرۈش ئوڭاي ئەمەس ئىدى. ئۆزلىرى بېقىندى بولۇپ قالغان هايۋاننىڭ قوللىشىنى تەلەپ قىلىشى كېرەك، شۇنداق بولغاندا ئۇ تۇرمۇشتىكى ئېھتىياجىنى قاندۇرالايتتى. ئىككىنچى تەرەپتىن، يولۋاس، بۆرە، يىلپىز، يىلان قاتارلىق هايۋانلار ئادەمنى يېيىش، يارىدار قىلىش، چىشلەش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. كىشىلەر هايۋانلارنىڭ زىيانكەشلىكىنى توسىيالمىسا ئۆزلىرىنىڭ ئامانلىقىنى ساقـ لىيالمايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، بەزى هايۋانلارنىڭ پۇراش سېزىمى ۋە كۆرۈش قۇۋۋىتى، يىرتقۇچ هايۋانلارنىڭ پۇت-بارماقلىرى، قۇشلارنىڭ ئۇچۇش ھەركىتى ۋە قانات قۇيرۇق تۈكلىرىنىڭ ئاجايىپلىقى، بېلىقلارنىڭ سۇ ئۈزۈش قابىلىيىتى قاتارلىقلار كىشىلەرنىڭ ھەۋىسىنى قوزغىدى. كىشىلەر بۇ خىل ئادەمدىن تاشقىرى ئىقتىدارلارنى ئويلاپ، بەزىدە تېخى مەلۇم قىيىنچىلىقلارغا يولۇققاندا ئۇلارنىڭ كىشىلەرگە ھامىيلىق رولىنىڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلدى. شۇڭا ئۇ بىر خىل سىرلىق مەبۇد بولۇپ قالدى.

ئۆسۈملۈككە چوقۇنۇشمۇ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتتىن كەلگەن. ئادەم بىلەن هايۋان دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆلۈپ تۈگەيدۇ، بىراق بەزى ئۆسۈملۈكلەر بىر قانچە يۈز يىل، بىر قانچە مىڭ يىل ياشاپ ئاندىن قۇرۇپ كېتىشى مۇمكىن. بەزى دەرەخ يىلتىزلىرى (غولى) قۇرۇپ كەتمەي، بىخ چىقىرىپ، داۋاملىق كۆكلەيدۇ. يەنە بەزى ئۆسۈملۈكلەر ناھايىتى كۈچلۈك كۆپىيىش ئىقتىدارىغا ئىگە. كىشىلەر بۇلارغا چوقۇنۇپ، ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلىش پوزىتسىيىسىدە بولغان. يەنە بىر تەرەپتىن، بەزى ئۆسۈملۈكلەر كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ماتېرىياللىرىنىڭ مەنبەسى. شۇڭا كىشىلەر ئۇنىڭغا قارىتا مۇئەييەن تايىنىش پوزىتسىيىسىدە بولغان. ئۇ ئۆسۈملۈكلەر مەيلى قانداق ۋاقىتتا بولمىسۇن ئادەملەرنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى قانائەتلەندۈرەلىگەن، مېۋىلىك دەرەخلەر بەزى يىللىرى ھوسۇللۇق، بەزى يىللىرى ھوسۇلسىز بولىدۇ. باشقا تەبىئىي ئاپەتلەرگە ئۇچرايدۇ، بۇ ئەھۋاللارنى كىشىلەر دەرەخ ئىلاھىنىڭ ئىنسانلارغا كۆرسىتىۋاتقان كارامىتى دەپ چۈشەنگەن، ئۆسۈملۈكلەرنىڭمۇ بىر ئىلاھى بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى چۈشەنچە ئىنسانلارنىڭ ئېڭىدا شەكىللەنگەن. هايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەرگە چوقۇنۇش ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شەكىللەنگەن بىر خىل ئىدىـ

مولوگىيە. بۇ باسقۇچ ئادەتتە ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ جاھالەت - نادانلىق باسقۇچى، ئارخېئولوگىيىلىك چۈشەنچە بويىچە ئوتتۇرا تاش قورال دەۋرى دېيىلىدۇ. جاھالەت دەۋرىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ناھايىتى تۆۋەن بولغاچقا، ئىپتىدائىي يىغىۋېلىش ۋە بېلىقچىلىق ئىقتىسادىي سەۋىيىسى بەكمۇ ئاستا ئىلگىرىلەۋاتقان. تارىخ تەرەققىياتىدا ئالاھىدە ئۆزگىرىش بولمايۋاتقان ئەھۋالدا ئىدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىللى قانداشلىق مۇناسىۋەت ئاساسىدا بولغان. بۇ چاغدىكى ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق باسقۇچىدا ياشاۋاتقان ئىنسانلار ئابستىراكت تەپەككۇر ئىقتىدارىغا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۆزلىرى بىلەن تەبىئەت، ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانلارنىڭ ئېنىق پەرقىنى ئايرىپ ئالالمايتتى. بۇ خىل تۆۋەن سەۋىيىلىك ئىنسانلار ئۆسۈملۈك ياكى ھايۋاننى ئۆزىنىڭ دەسلەپكى بوۋىسى قىلىپ چوقۇنغان ياكى مەلۇم بىر خىل ئۆسۈملۈك ياكى ھايۋاننى ئۆزىنىڭ ئەجدادى دەپ قارىغان. «ئوغۇزنامە» دىكى ئوغۇزنىڭ دەرەخ كاۋىكىدىكى① قىزغا ئۆيلىنىشى ۋە ئۇنىڭدىن ئالاھىدە تەبىئەتلىك ئىنسانلارنىڭ تۇغۇلۇشى، شۇنداقلا بۆرىنىڭ ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ بەلگىسى بولۇشى يۇقىرىقىدەك تۇتېم چۈشەنچىسىنىڭ ئىپادىسى، بۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمقى دەۋردە تۇتېمغا چوقۇنغانلىقىنى ئوچۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

## ئەجدادلارغا چوقۇنۇش

«ئوغۇزنامە» دە باش قەھرىمان ئوغۇز ئالاھىدە تەسۋىرلەنگەن. ئۇ ئىقتىدار جەھەتتە ئادەتتىكى ئادەملەردىن كۆپ يۇقىرى تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئالتە ئوغلىنىڭ ئىسمى ھەم مەلۇم مەنىگە ئىگە. ئوغۇزنىڭ پورترېت تەسۋىرى ئۆزگىچە. مەسىلەن، ئوغۇز مۇنداق تەسۋىرلەنگەن. «بىر كۈنى ئايخاننىڭ كۆزى يورىدى. بىر ئوغۇل تۇغدى، بۇ ئوغۇلنىڭ چىرايى كۆك ئىدى. ئاغزى چوغدەك قىزىل ئىدى. كۆزلىرى ھال، چاچ-قاشلىرى قارا ئىدى. ئۇ ھۆر - پەرىلەردىنمۇ چىرايلىقراق ئىدى ... ئۇنىڭ پۇتى بۇقا پۇتىدەك، بېلى بۆرە بېلىدەك، مۈرىسى قارا بۇلغۇن مۈرىسىدەك، كۆكسى ئېيىق كۆكسىدەك ئىدى. پۈتۈن بەدىنىنى قويۇق تۈك باسقان ...» بۇ تەسۋىرلەردىن ئوغۇزنىڭ ئىلاھلاشتۇرۇلغانلىقىنى ئېنىق چىقىپ تۇرىدۇ. ئادەمنى ئىلاھلاشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا چوقۇنۇش ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، دىنىي چۈشەنچە بويىچە «ئەجدادلارغا چوقۇنۇش» دېيىلىدۇ. ئەجدادلارغا چوقۇنۇش تۇتېمغا چوقۇنۇشتىن كېيىن

① قەدىمقى ئۇيغۇرلار دەرەخنىڭ كاۋىكىدىن ئادەم بالىسى تۇغۇلىدۇ دېگەن قاراشتا بولغان.

شەكىللەنگەن بىر خىل ئىجتىمائىي ئېتىقات پورمىسىنىڭ تەركىۋىي قىسمى. ئىنسانلار ئىزاقىچە تۇتېمغا چوقۇنۇشتىن ئىبارەت ساددا ۋە گودەك ئىجتىمائىي ئېتىقات ھالىتىدە ياشاپ كەلگەن. تەكرار ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى ئىنسانلارغا مەلۇم قانۇنىيەتلەرنى تونۇتقان، ئىنسانلارنىڭ بىلىمىنى، تەجرىبىسىنى بېيىتىپ بارغان. تۆۋەن سەۋىيىلىك ئىنسان-لار تەبىئەتنىڭ سىرىنى ئاز - تولا چۈشىنىشكە، ئۇلار بىلەن ئۆزلىرىنىڭ پەرقىنى ئايرىشقا مۇۋەپپەق بولغاندىن كېيىن، ئاڭسىزلىق ۋە گودەكلىك دەۋرىدىكى ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانىنى چوقۇنۇش ئوبيېكتى قىلىدىغان تۇتېم ئېتىقادى ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادىغا چوقۇنۇشقا ئالماشتى. ئىنسانلار بۇ باسقۇچقا كەلگەندە ئۆزلىرىنى مەلۇم بىر تۇتېمدىن تۆرەلگەن دەپ قارىماستىن، بەلكى مەلۇم بىر قەدىمقى تۈپ ئەجدادتىن تۆرەلگەن دەپ قارايدىغان بولدى. تۇتېم ئېتىقادىنى ئىپتىدائىي جەمئىيەت ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق مەز-گىلىنىڭ مەھسۇلى دېسەك، ئەمدى ئەجدادلارغا چوقۇنۇش بولسا ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق باسقۇچىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ قالدى. مانا مۇشۇ چاغدىكى ئىنسانلار — ئۇرۇقداشلار ئۆز ئۇرۇغىنىڭ بىر قەدەر بۇرۇن بولغان ئەجدادىغا ئېسىلزادە دەپ چوقۇندى، شۇندىن كېيىن، ئۇرۇق ئىتتىپاقىنى قوغداش ئۈچۈن، يۇقىرىقىدەك تۆۋەن سەۋىيىلىك ئىنسانلارنىڭ تۇتېمغا چوقۇنۇشتىن ئىبارەت خىيالىي ئاڭ - سېزىمى بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ، ئىنسانىيەت تارىخى-نىڭ ھەقىقىي تەرەققىيات مۇساپىسى دەسلەپكى بوۋسىغا قاراپ يۈزلەندى. ئاتىلىق سىستېمىسىدىكى ئۇرۇق كوممۇنىسى ئانىلىق سىستېمىسىدىكى ئۇرۇق كوممۇنىسىنىڭ ناھايىتى تەرەققىي قىلغان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئاساسىغا قۇرۇلغان، بۇ چاغدا ئىنسانلار تەبىئەتتىن پەرقلەندۈرۈلدى، بۇ ئاڭ تارىخىدىكى ناھايىتى زور ئىلگىرىلەش. ئەجدادلارغا چوقۇنۇش باسقۇچىدا ھەر بىر ئۇرۇق ئارىسىدا راۋايەت قىلىنىدىغان دەسلەپكى چوڭ بوۋا بولغان. بۇ چوڭ بوۋا تۇتېم بىلەن ئوخشىمايدۇ، ئۇ ئىنسانلار بىلەن ئوخشاش قىياپەتلىك تەڭرى بولۇپ ( ياخشى نىيەتلىك )، باشتىن - ئاياق ئۆز ئۇرۇغىدىكى كىشىلەرنىڭ روناق تېپىشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاتىلىق سىستېمىسىدىكى باسقۇچتا ياشاپ تۇرغان كىشىلەر بوۋىلىرىغا دۇئا - تىلاۋەت، نەزىرە - چىراق قىلىش جەريانىدا دائىم دېگۈدەك قىياس قىلىپ، تەسەۋۋۇر يۈرگۈزۈپ، ئاتا - بوۋىسىنىڭ تۆھپىسىنى مۇبالىغە قىلىپ كۆرسىتىپ، ئۆزلىرى ئەمەلىيەتتە توپلىغان تەجرىبە - قابىلىيەتلىرىنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يۈكلەپ، ئۇلارنى ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى بوي سۇندۇرۇش جەريانىدىكى يېرىم ئادەم، يېرىم ئىلاھ قىلىپ تەسۋىرلەيدىغان قەھرىمانلىق داستانلىرىنى ياراتتى. بۇ داستانلاردا يارىتىلغان شەخسلەر ئىنسانلارغا مەنپەئەت يەتكۈزگۈچى، ئىختىراچى، سەركەردە، باتۇرلار ئىدى. ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئۇلارنىڭ نوپۇزىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش بىلەن ئۆز ئۇرۇغىنىڭ

ئورنىنى يۇقىرى كۆتەرگەن. «ئوغۇزنامە» دىكى ئوغۇزخان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىجتىمائى كۈرەشلىرىدە ياراتقان ئىلاھىي قەھرىمانى. ئۇ يېرىم ئادەملىك، يېرىم ئىلاھلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ئوغۇز ئاي قاغان (ئاي تەڭرىسى) دىن تۇغۇلغان. ئۇ ئادەتتىكى ئادەملەرگە ئوخشىمايدۇ. ھايۋانلارنىڭ تىلىنى بىلىدۇ، ھەر قانداق كۈچلۈك ھايۋاندىن قورقمايدۇ. پۈتۈن تاشقى قىياپىتى يىرتقۇچ ھايۋانغا ئوخشايدۇ. ئوغۇزخان ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى دەۋردىكى زور كۆپچىلىك ئۇرۇق، قەبىلىلىرىنى يېتەكلەپ ماڭالايدۇ. ئوغۇز ئۆيلەنگەن قىزلار ئىلاھ قىياپىتىدىكى قىزلاردۇر. بىرى «قىزلار كۈلسە تەڭرىمۇ كۈلىدۇ، يىغلىسا تەڭرىمۇ يىغلايدۇ؛ پۈتۈن يەر - جاھاندىكى كىشىلەر ئۇلارنى كۆرسە ئاھ! ئاھ! جاننى ئالىدىكەن. دەيدۇ». ئوغۇزخاننىڭ ئوغۇللىرىنى ئالىدىغان بولساقمۇ، ئوغۇزخان ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا پۈتۈن ئېلىنى ئوغۇللىرىغا بۆلۈپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئوغۇللىرى پۈتۈن ئۇيغۇر قەبىلىلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. ئوغۇزخان تەرىپىدىن ئۇيغۇر، قارلۇق، قىپچاق، قانقانلىق دەپ ئاتالغان ئەينى چاغدىكى كىشىلەرمۇ قەدىمقى ئەجداتلارغا چوقۇنۇش ئەقىدىسى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتلىك، چۈنكى مۇشۇ ئىسىمنى قوبۇل قىلغان ئادەمنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر كېيىنچە پۈتۈن - پۈتۈن قەبىلە ياكى مىللەتنى شەكىللەندۈردى. دېمەك «ئوغۇزنامە» دە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمقى دەۋرلەردىكى ئەجداتقا چوقۇنۇشتىن ئىبارەت دىنىي ئېتىقادى ئېنىق ئەكس ئەتكەن.

## تەبىئەتكە چوقۇنۇش

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىپتىدائى دىنىي ئېتىقادىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغان تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئەقىدىسى «ئوغۇزنامە» دە ئىنتايىن جانلىق ۋە بىر قەدەر ئەتراپلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائى دىنىي ئېتىقادىدا تەبىئەتكە چوقۇنۇش مۇھىم بىر جەرياننى ئىگىلەيدۇ. تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئىپتىدائى جەمئىيەتتە ئەجداتقا چوقۇنۇشتىن كېيىن شەكىللەنگەن بىر خىل ئىجتىمائى ئېتىقات. جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئائىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتى كېيىنچە قەبىلىلەر بىرلەشمىسىگە قاراپ راۋاجلاندى، قەبىلىلەر بىرلەشمىسى ھەربىي دېموكراتىيە تۈزۈمىنى يولغا قويياتتى. ئۇ ئىتتىپاقنىڭ باشلىقى ئىتتىپاققا قاتناشقان ھەر قايسى ئۇرۇق - قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقاللىرى تەرىپىدىن سايلىناتتى. قەبىلىلەر بىرلەشمىسى بىر نوپۇزلۇق تەشكىلگە ئىگە، بىرلەشمىنىڭ ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى ئەڭ يۇقىرى مەركىزىي دىنىي جەھەتتىكىمۇ ئەڭ يۇقىرى مۇتەۋەللىسىدۇر. بۇ، قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئىدىئولوگىيىسىنىڭ ئېھتىياجىغا مۇۋاپىق بولغان ئاسمان تەڭرىسىنى مەركەز

قىلغان تەبىئەتكە چوقۇنۇش سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈشكە شەرت ھازىرلاپ بەردى. تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ شەيئىلەرنى سەزگۈرلۈك بىلەن كۆزىتىشى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. كىشىلىك دۇنيادىكى خىلمۇ - خىل، ئۆز ئارا بەسلىداش ئۇرۇق - قەبىلىلەرنى يۇقۇرى نوپۇزغا ئىگە قەبىلىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئاقساقىلى بىرلىككە كەلتۈرگىنىگە ئوخشاش، تەبىئەت دۇنياسىدا ھەر خىل تەبىئەت ھادىسىلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان، ئۇلارنى بىرلىككە كەلتۈرىدىغان ئەڭ ئالىي تەڭرى بولۇشى كېرەك، شۇڭا ھەر خىل تەبىئەت كۈچلىرىگە باشچىلىق قىلىدىغان ئاسمان تەڭرىسى چۈشەنچىسىنىڭ مۇشۇ دەۋردە بارلىققا كەلگەنلىكى تەسادىپىي ئەمەس ئىدى. ئىنسانلارنىڭ ھاياتى تەبىئەت بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان، تەبىئەت ۋە تەبىئىي ھادىسىلەر ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا جىددىي تەسىر كۆرسىتىپ تۇراتتى. شامال، قار، يامغۇر، چاقماق، گۈلدۈرماما، كەلكۈن، ھاۋا تۇتۇلۇش، پەسىل ئالمىشىش قاتارلىقلار ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىدە ھالقىلىق مەسىلە ئىدى. قەدىمقى ئىنسانلار تەبىئەتنىڭ سىرىنى زادى بىلمىگەچكە، بىر قىسىم تەبىئىي ئاپەتلەرنى مەلۇم «بىر كۈچ» كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ دەپ قارايتتى. بۇ «كۈچ» زادى قەيەردە ؟ ھاۋانىڭ ئۆزگىرىشى، شامال، قار، يامغۇر، چاقماق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاسمان بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ خىل تەبىئىي ھادىسىلەر ۋاقىتلىق بولۇپ، ئۆتۈپ كېتىدۇ، بىراق كۆك - ئاسمان داۋاملىق ئىنسانلارنىڭ ھەمراسى بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، چەكسىز كەتكەن ئاسمان بوشلۇقىنىڭ كاتتىلىقى قەدىمقى كىشىلەرنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرگەن. مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا قەدىمقى ئىنسانلارنىڭ ئېڭىدا «غەيرى كۈچ» ئاسماندا دېگەن چۈشەنچە بارلىققا كەلدى. بۇنىڭ بىلەن ئاسماندىن مەدەت تىلەش، ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلىش ئەقىدىسى شەكىللىنىش نەتىجىسىدە ئاسمان كۆك تەڭرىسى چۈشەنچىسى پەيدا بولدى. «ئوغۇزنامە» دە «كۆك» سۆزى ئالاھىدە سۆزلەنگەن، قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا ئاسماننى «كۆك» دەيتتى. مەسىلەن، «كۆك تۈكلۈك، كۆك يايلىلىق ئەركەك بۆرە»، «ئوغۇزنىڭ چىرايى كۆك ئىدى» دېگەندەك. بۇ يەردىكى «كۆك» ئىنسانلار چوقۇنغان تەڭرىنىڭ ياكى تەڭرى تۇرىدىغان ماكانىنىڭ دەل ئۆزى. ئوغۇز خاننىڭ «ئاسمان قورغان بولسۇن» دېيىشى تەڭرىنىڭ ھامىلىقىنى تىلىگەنلىكى، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتكە چوقۇنۇشىدا ئاسمان تەڭرىسى مەركەز قىلىناتتى. ئاسمان تەڭرىسىگە چوقۇنۇش بىلەن بىرگە قەدىمقى ئىنسانلاردا ئاسماندا كۈنكرېت مەۋجۇت بولغان كۈن، ئاي قاتارلىقلارغا چوقۇنۇش چۈشەنچىسىمۇ پەيدا بولغان ئىدى. ئىنسانلار ناھايىتى قەدىمقى دەۋرلەردە بىر جايدا مۇقىم تۇرمۇش كەچۈرمىگەن. زېمىندىكى تەبىئىي مۇھىت ئۇلارنىڭ يۆتكىلىپ تۇرۇشىغا ئەگىشىپ، دائىم ئۆزگىرىپ تۇرغان.

ئەمما ئاسمانىدىكى كۈن، ئاي، يۇلتۇزلار ھەمىشە ئۇلارغا ھەمرا بولۇپ كەلگەن. قەدىمقى كىشىلەر ئاسمان بوشلۇقىغا نەزەر سالغاندا، ئالدى بىلەن دىققەت قىلىدىغىنى ئاسمانـ دىكى كۈن، ئاي، يۇلتۇز قاتارلىق ئوبېكتىپ شەيئىلەردۇر. ئاسمان بوشلۇقىغا كەلسەك، ئۇنىڭ ئۆزىنى قەدىمقى كىشىلەر ئىلاھ تۇرىدىغان دۇنيا دەپ قارىدى، ئەمما ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئاسمان بوشلۇقىدا كىشىلەر ئەڭ دىققەت قىلىدىغان نەرسە قۇياشتۇر، ئۇ تۇرمۇشقا جىددى تەسىر قىلىپ تۇرىدۇ، ھەر كۈنى ئاسمان بوشلۇقىدا شەرقتىن چىقىپ، غەربكە پېتىپ، چەكسىز نۇر چاچىدۇ، كۆزنى چاقنىتىدۇ، قاراڭغۇلاشتۇرىدۇ. سوغۇق كۈنلىرى ئادەمگە ئىسسىقلىق بېرىدۇ. ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈرۈپ، ھاياتنى كاپالەتلەندۈرىدۇ، ئەمما بەزىدە ناھايىتى قىزىق نۇر چېچىپ، ئادەمنى ئازابلايدۇ، دەريادىكى سۇنى قۇرۇتىۋېتىدۇ، يەرنى قۇرغاقچىلىققا ئۇچرىتىۋېتىدۇ، ئۆسۈملۈكلەرنى قۇرۇتۇپ، ئادەم ۋە ھايۋانلارغا زىيانكەشلىك قىلىدۇ. شۇڭا دۇنيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەردە كۈنگە چوقۇنۇش ئادىتى بولغان. ئوغۇز خاننىڭ «قۇياش تۇغ بولسۇن» دېيىشى كۈننى ئىلاھىي قىياپەتكە ئىگە قىلىپ كۆرسەتكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. «ئوغۇزنامە» نىڭ ئاخىرىدا ئوغۇز خاننىڭ ئەل - جاما ئەتنى يىغىپ، مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، بىر مەيداننىڭ ئىككى تەرىپىگە قىرىق غولاچلىق ئىككى خادا بېكىتىپ، ئۇنىڭ شەرق تەرەپتىكىسىنىڭ ئۇچىغا ئالتۇن توخۇ، غەرب تەرەپتىكىسىنىڭ ئۇچىغا كۈمۈش توخۇ قوندۇرۇشى كۈن ۋە ئايغا قىلىنغان ھۆرمەت (چوقۇنۇش) نىڭ كونكرېت ئىپادىسىدۇر. كۈن قىزىل بولۇپ، شەرقتىن چىقىدۇ، ئۇنىڭغا ئالتۇن توخۇ سىمۋول قىلىنغان. ئاي كۆكۈش رەڭ بولۇپ، يېڭى كۆرۈنگەندە غەربتە پەيدا بولىدۇ، ئۇنىڭغا كۈمۈش سىمۋول قىلىنغان. بىز «تىبىرخىن مەڭگۈ تېشى» (تەخمىنەن مىلادى 753 - يىللىرى تىكلەنگەن) دىكى «ئالدىمدا كۈن چىقىشتىكى خەلقلەر، ئارقامدا ئاي چىقىشتىكى خەلقلەر ماڭا (ئۆزلىرىنىڭ، كۈچىنى بېرۈر» دېگەن جۈملىلەر- دىن قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ كۈن ۋە ئاينى قايسى تەرەپتىن چىقىدۇ دەپ قارايدىغان چۈشەنچىسىنى ئېنىق ھېس قىلىمىز. «ئوغۇزنامە» نىڭ باش تەرىپىدىكى «بىر كۈنى ئاي قاغاننىڭ كۆزى يورىدى ...» دېگەن تەسۋىرنىڭ يۇقۇرقى قارىشىمىزنى ئىسپاتـ لاشقا ياردىمى بولىدۇ. «ئاي» غا «قاغان» سۆزىنىڭ قوشۇلۇشى «ئاي» نى ئىلاھلاشتۇر- غانلىقىنىڭ ئىپادىسى. چۈنكى قەدىمقى دەۋرلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى، يۇقۇرىدا قىستۇرۇپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۆز ئاق ساقاللىرىنى، خاقانلىرىنى تەڭرى ئورنىدا كۆرگەن ۋە ئۇلارغا چوقۇنۇش ھېسسىياتىدا بولغان. بۇ ئەجدادلارغا چوقۇنۇش ئەقىدىسىدۇر. ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادلار دەۋرىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن. شۇڭا كۈن،

ئاي، كۆك، قاغان دېگەن ئۇقۇملار ئوخشاش (تەڭ) مەنىدە قوللىنىلغان ياكى ھەممىسى «تەڭرى» ئۇقۇمىدا بولغان. ئاي كېچىنى يورۇتىدۇ. يۇقىرىقى مۇلاھىزە قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ قارىشىدا «كۈن ئىلاھى» بىلەن بىرگە «ئاي ئىلاھى» نىمۇ بولغانلىقىنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ. «ئوغۇزنامە» دە ئوغۇزنىڭ چوڭ خوتۇنى پېشانىسىدە چوغدەك پارقىراق مېڭى بولۇپ، خۇددى ئالتۇن قوزۇققا ئوخشايتتى.» دەپ تەسۋىرلەنگەن. مانا بۇ يۇلتۇزلارغا چوقۇنۇشنىڭ كونكرېت ئىپادىسى. يۇلتۇزلارغا چوقۇنۇش ئاسمان جىسىملىرىغا ياكى ئاسمان (تەبىئەت) تەڭرىسىگە چوقۇنۇشتىكى بىر خىل تارماق ئېتىقات. يۇلتۇز خۇددى كۈن، ئايغا ئوخشاش، ئاسمانغا جايلاشقان، بىپايان كېچە ئاسمىنىنى ئالتۇن بېزەكلەردەك رەڭگا-رەڭ زىننەتلەپ، قەدىمقى كىشىلەردە زور ھەۋەس ئويغاتقان. يۇلتۇزلارنىڭ ئاسمان بوشلۇقىدا خىلمۇ-خىل شەكىلدە جايلىشىشى، يۆتكىلىپ، ئالمىشىپ تۇرۇشى، سامان يولى، ھۆكەر، شىمالىي قۇتۇپ يۇلتۇزى، يەتتە تىمكەن يۇلتۇزى، ئوق يۇلتۇز، ئۈچ يۇلتۇز، باشقا يۇلتۇزلار ھەققىدە ئاجايىپ سىرلىق نەرسىلەردەك تۇيۇلىدۇ. قەدىمقى ئۇيغۇرلار شىمالىي قۇتۇپ يۇلتۇزىنى «ئالتۇن قوزۇق» دەپ ئاتايتتى. قوزۇق يەرگە قېقىپ نەرسىلەرنى باغلاپ قويىدىغان، تامغا قېقىپ نەرسىلەرنى ئېسىپ قويىدىغان، ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى مۇھىم تۇرمۇش ماتېرىيالى. قەدىمقى ئۇيغۇرلار چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغاندا دەل مانا مۇشۇ قوزۇقتىن كەڭ پايدىلانغان. ئاسماندىكى يۇلتۇزلار تۈركۈمى، سامان يولى پەسىل ئالمىشىشى بىلەن يەر شارىنىڭ مەلۇم دائىرىسىگە تىك كەلگەنلىرى يۆتكۈلۈپ تۇرىدۇ. ئەمما شىمالىي قۇتۇپ يۇلتۇزى بولسا تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە ئاسمانغا قېقىپ قويغان قوزۇقتەك شىمال ئاسمىنىدا تۇرىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا قەدىمقى كىشىلەرنىڭ ئۇنى يەر (زېمىن) نىڭ قوزۇغى بولۇشى مۇمكىن دېگەن چۈشەنچىدە بولۇشى تەبىئىي ئىش. «ئالتۇن» نىڭ قوزۇقنى ئېنىقلاپ كېلىشىمۇ ئىجتىمائىي ئېتىقات بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلە. ھەممىمىزگە مەلۇم، ئالتۇن تەبىئەت دۇنياسىدا ئىنسانلار تەرىپىدىن ئەڭ بۇرۇن پايدىلىنىلغان مېتالدۇر، قەدىمقى ئىنسانلاردا مەدەنلەرگە چوقۇنۇش ئەقىدىسىمۇ بولغان. ئالتۇن بۇرۇن ئىشلىتىلگەن مېتال بولۇش بىلەن بىرگە ئاز ئۇچرايدىغان قىممەتلىك نەرسە، شۇنداقلا زىننەت بۇيۇملىرىنى ياساشتا ئىشلىتىلىدىغان ئاساسلىق مەدەن. ئالتۇننىڭ قوزۇقنى سۈپەتلەپ كېلىشى بىر تەرەپتىن يۇلتۇز ئالتۇن رەڭلىك بولغانلىقتىن بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن مەدەنلەرگە چوقۇنۇش ئەقىدىسىنىڭ ئىنكاسى. ئەمدى «كۆك نۇر» (كۆك يارۇق) مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇمۇ ئەلۋەتتە كۈن، ئاي، يۇلتۇزلارغا چوقۇنۇشنىڭ تەركىۋى قىسمىغا كىرىدىغان مەسىلە. ناھايىتى چۈشىنىشلىككى، «نۇر» (yaruk)

ئەڭ بۇرۇن پەقەت كۈن، ئاي، يۇلتۇزلاردىلا بولاتتى. ئىنسانلار ئۇلاردىن نۇرۇن يورۇق ئالغاندىلا ھاياتى كاپالەتكە ئىگە بولاتتى. كۈننى ئالىدىغان بولساق، ئۇنىڭ تۈپ خۇسۇسىيىتى يورۇقلۇق (نۇر) تارقىتىش، ھاۋا بۇلۇتلۇق كۈنلەردە كۈن خىرە كۆرۈنۈپ، نۇرى دېگەندەك كۈچلۈك بولمايدۇ. شۇڭا كىشىلەر كۈننىڭ يورۇقى (نۇرى) نىڭلا بولۇشى گۈزەل ئىكەن دېگەن ھېسسىياتقا كېلىشى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس. نۇرغا چوقۇنۇش مانا مۇشۇ سەۋەبتىن بارلىققا كەلگەن چۈشەنچە ھېسابلىنىدۇ. ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئادىتى بويىچە، ئاسمان تەڭرىسى بولۇش بىلەن بىرگە زېمىن (يەر) تەڭرىسىمۇ بولغان. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى ئېتىقادىدىمۇ خۇددى شۇنداق. مەسىلەن، «كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى» (732 - يىلى) شەرق تەرىپى 1 - قۇردا: «ئۈستىدە كۆك ئاسمان، ئاستىدا قوڭۇر يەر، ئىككىسى ئارىسىدا ئىنسان بالىسى يارالغان» دېگەن جۈملىلەر بار. قەدىمقى كىشىلەر تاغ، دەريا، دېڭىز (سۇ)، يايلاق، ئۆڭكۈرلەر، ئورمان، دۆڭلەرنى سىرلىقلاشتۇرۇپ قارىغان، چۈنكى بۇ خىل شەيئىلەر ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتلىك. قەدىمقى ھونلارنىڭ جەسەتلەرنى ئېگىز تاغقا دەپنە قىلىشى، تۈركلەرنىڭ تاغلاردا بارگاھ قۇرۇشى، قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ تاغنى «تەڭرى تېغى» دەپ ئاتىشى، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ ئانا تۇپراقلىرىدىن بىرى بولغان سىبىرىيىنىڭ شىمالىدىكى چوڭ دەريانى «يېنىسەي - ئانا دەريا» دەپ ئاتىشى بۇنىڭ جانلىق پاكىتى. «ئوغۇزنامە» دە ئورمان، دەريا، ئېقىن، تاغ قاتارلىقلار مۇقەددەسلىك ھالدا، ئالاھىدە تەسۋىرلەنگەن.

«ئوغۇزنامە» دە ئاسمان تەڭرىسىنى زېمىن تەڭرىسىدىن ئۈستۈن قويۇش ياكى ئاسمان (جىسىملىرى) نى يەر (جىسىملىرى) دىن ئۈستۈن قويۇش چۈشەنچىسى ئالاھىدە گەۋدىلىك سۈرەتلەنگەن. مەسىلەن، كۆك تەڭرى چۈشەرگەن، كۆك نۇرنىڭ ئىچىدىن كۆرۈنگەن ئاجايىپ چىرايلىق قىز ئوغۇزنىڭ چوڭ خوتۇنى بولىدۇ، ئۇنىڭ پورترېتى ئاسمان جىسىملىرىغا خاس سۈپەتلەر بىلەن تەسۋىرلىنىدۇ. چوڭ خوتۇنىنىڭ پېشانىسىدىكى مەڭ ئالتۇن قوزۇق (تۆمۈر قوزۇق — قۇتۇپ يۇلتۇزى) قا ئوخشايدۇ. ئۇ شۇنداق گۈزەل ئىدىكى، كۈلسە تەڭرىمۇ كۈلىدۇ، يىغلىسا تەڭرىمۇ يىغلايدۇ. ئوغۇزنىڭ چوڭ خوتۇنىدىن بولغان بالىلىرىنىڭ ئىسمى ئاسمان ياكى باش تەڭرىگە خاس ئىسىملار بىلەن، مەسىلەن، كۈن، ئاي، يۇلتۇز قاتارلىقلار بىلەن ئاتىلىدۇ. ئۇ 3 ئوغۇل شەرققە سەپەر قىلىپ، بىر ئالتۇن يا (ئوقيانىڭ ئاساسلىق قىسمى) نى تېپىۋالىدۇ. ئوغۇز خان ئۆتكۈزگەن چوڭ مۇراسىمدا شەرق (كۈن تۇغار) تەرەپتە ئولتۇرىدۇ، ئوغۇز خان ئالتۇن يانى 3 پارچىغا بۆلۈپ، بۇ 3 چوڭ ئوغلىغا بېرىدۇ ۋە «سىلەر ياغا ئوخشاش ئوقنى كۆككىچە ئېتىڭلار» دەپ

ۋەسىيەت قىلىدۇ. ئوغۇزخاننىڭ بۇ ئوغۇللىرى «بۇز ئوقلار» دەپ ئاتىلاتتى. يەنى يانى بۇزۇپ 3 پارچە قىلىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن «بۇزۇلغان ئوق» (BuZoK) دەپ ئاتالغان. بۇ ئۈچ ئوغۇل ئوغۇز ئېلىنىڭ تۈۋرۈكى ياكى سىمۋولى قىلىنىپ، دۆلەتكە ھۆكۈمران بولىدۇ. تەنتەنىلىك مۇراسىمدا ئوڭ (شەرق) تەرەپتە ئولتۇرىدۇ، يەنى ئۇلار تەرەپتە قىرىق غۇلاچلىق ئۇزۇن بىر ياغاچ بولۇپ، ئۇچىغا ئالتۇن توخۇ قوندۇرۇلغان ئىدى. ئوغۇزخاننىڭ سۆزى بويىچە يائوقنى توغرىلايدۇ، ئوق بولسا ياغا مەنسۇپ. ئالتۇن يا كۈن چىقىشتىن كۈن پېتىشقىچە سوزۇلغان، ئۈچ كۈمۈش ئوقنىڭ ئۇچى شىمال (قۇتۇپ يۇلتۇزى) نى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ، ئوغۇزنىڭ شەرقىدىكى خانلىق ئالتۇن خانلىق ئىدى.

ئوغۇزنىڭ توقلى دەرەخ كاۋىكىدا تۆرەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ پورترېت تەسۋىرى يەر (جىسىملىرى) غا خاس بولغان سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن، چېچى سۇ ئېقىنىدەك، چىشى ئۈنچىدەك، ئۇنى تەڭرى ئەمەس، بەلكى كىشىلەر كۆرسە «ئاھ! ئاھ! جانىنى ئالىدىكەن» دەيدۇ. توقالنىڭ ئۈچ ئوغلى يەرگە خاس ئىسىملار بىلەن كۆك ①، تاغ، دېڭىز دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلار كۈن قاراڭغۇسى تەرەپكە بېرىپ ئۈچ تال كۈمۈش ئوق تېپىۋالىدۇ. ئوغۇزخان بۇ ئوقلارنى مۇراسىمدا يەنە مۇشۇ 3 ئوغلىغا بۆلۈپ بېرىدۇ، بۇلار ئوغۇزخان ئۆتكۈزگەن تەنتەنىلىك مۇراسىمدا غەرب تەرەپتە ئولتۇرىدۇ، بۇ تەرەپكە ئۈستىگە كۈمۈش توخۇ قوندۇرۇلغان قىرىق غۇلاچلىق خادا بېكىتىلگەن. بۇلار ئادەتتە «ئۈچ ئوقلار» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۈچ ئوقلار ياغا بويسۇنۇپ، ھۆكۈمرانلىق قىلىنىدۇ. ئوغۇزنىڭ غەربىدىكى خانلىق «ئۇرۇم خانلىق» ئىدى.

ئوغۇزخاننىڭ چوڭ خوتۇنى بىلەن توقىلىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنىڭ ئالاھىدە پەرقلەندۈرۈلىشىنى تۆۋەندىكى تەرەپلەردىن چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ: ئوغۇزنىڭ توقلى دەرەخنىڭ كاۋىكىدا تۇغۇلغان، بۇ ئېنىق ئوتېم بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ ئايالغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق نەرسىلەر ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈرۈلگەن.

① بۇ يەردىكى «كۆك» ئاسماننى كۆرسەتمەستىن، زېمىندىكى كۆكىچىلىك – يايلاق، ئورمانلىقنى كۆرسىتىدۇ. قەدىمقى ئىنسانلاردا ئاسمان (كۆك) كە چوقۇنۇش ئەقىدىسى كېيىنچە كۆك رەڭگە سۆيۈنۈش ھېسسىياتىنى قوزغىغان ئىدى. شۇنداقلا بىپايان يايلاقلار، بۈك-باراقسان كۆپ – كۆك ئورمانلارغىمۇ ئالاھىدە ھەۋەسلەنگەن. توقالنىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ تاغ، دېڭىز دەپ، بىرىنىڭ ئاسمان دەپ تەڭ دەرىجىلىك ئىسىم بىلەن ئاتالماسلىقى ئەقىلگە سىغمايدۇ، شۇڭا كۆكنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بويىچە «ئاسمان» دەپ ئېلىش مۇۋاپىق ئەمەس.

«ئوغۇزنامە» دە ئوغۇزنىڭ ئانىسى «ئاي قاغان» تىلغا ئېلىنغان. بەزىلەر ئوغۇزنىڭ دادىسى «كۈن قاغان» بولۇشى مۇمكىن دەپ قاراۋاتىدۇ. بۇنىڭمۇ مەلۇم ئاساسى بولۇشى مۇمكىن. بىزگە يېتىپ كەلگەن قەدىمقى ئۇيغۇرچە «ئوغۇزنامە» نىڭ باش - ئايىغى خېلىلا كەم. يۇقۇرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن بىر قاتار پاكىتلاردىن قارىغان-دا، رەسمى ئەرلەر ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى جەمئىيەتتە تاكامۇللاشقان «ئوغۇزنامە» دە ئوغۇزنىڭ ئانىسى ياكى ئايالىنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنىپ، دادىسى ياكى ئەرنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. يەنە بىر تەرەپتىن، «ئوغۇزنامە» دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، قەدىمقى ئۇيغۇرلاردا «كۈن» دەپ ئادەمگە ئىسىم قويۇش ئادىتى بولغان. شۇڭا ئوغۇزخان ئۆز ئوغلىغا دادىسىنىڭ ئىسمى بىلەن «كۈن» دىگەن ئىسمىنى قويغان بولۇشى مۇمكىن. دادىسىنىڭ ئىسمىنى نەۋرە، چەۋرىلەرگە، ھەتتا ئۆز ئوغلىغا ئىسىم قىلىپ قويىدىغان ئادەت ھېلىھەم ئۇيغۇرلار ئارىسىدا داۋاملاشماقتا. ئوغۇزنىڭ 6 ئوغلىغا كۈن، ئاي، يۇلتۇز، تاغ، دېڭىز، كۆك دەپ ئىسىم قويۇشىمۇ ئېنىق تەبىئەتكە سۆيۈنۈش ئەقىدىسىدىن كەلگەن.

«ئوغۇزنامە» دە ئوغۇزخاننىڭ ئوڭ (شەرق) تەرىپىدە ئالتۇن خانلىق، سول (غەرب) تەرىپىدە ئۆرۈم خانلىق بارلىقى ھەققىدە گەپ بار.

تىلشۇناس مەھمۇت قەشقىرى «ئۆرۈك» دىگەن سۆزنى «ئاق» دەپ ئىزاھلايدۇ ①. ھازىر ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مۇنداق بىر ئەنئەنە بار. ئائىلىدە بىراۋ (ئاساسەن ئۇششاق باللار) كېسەل بولۇپ قالسا، ئانا كىچىك بالىلىرىنى 7 ئۆيلۈك خوشنىسىدىن يۇرۇك (جانلىق تىلدا ژۇرۇك دېيىلىدۇ) تىلەپ كىرىشكە بۇيرۇيدۇ. باللار قول بارماق-لىرىنىڭ ئارىسىغا خوشنىلىرى بەرگەن يۇرۇك (ئاساسەن ئاق پاختا، ئاق رەخت پار-چىلىرى) نى قىستۇرۇپ كىرىدۇ. بۇنى ئانا ئېلىپ كېسەلنىڭ ئۈستىدىن ئەپسۇن ئوقۇغاچ ئايلاندۇرۇپ، ئۆرۈپ چىققاندىن كېيىن ئوچاققا تاشلاپ كۆيدۈرىۋېتىدۇ. قازاقلار بۇنى «ئاق تىلەش» دەپ ئاتايدۇ. قىسقىسى، ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق كېسەللىكنى كەتكۈزۈشكە ھەركەت قىلغان. خوتەندە «يۇرۇڭقاش» دىگەن دەريا نامى بولۇپ، «قارىقاش» دەرياسىنىڭ قارشىسىدا، «يۇرۇق تەرەپتىكى دەريا» دىگەن مەنىدە. «ئوغۇزنامە» دىكى «ئۆرۈم» دىگەن سۆز قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلى بولۇپ، «تېبرخىن مەڭگۈ تېشى» دا «ئۆرۈڭۈ»، «ئۇلۇغ ئۆرۈڭى» دەپ ئادەم ئىسمى سۈپىتىدە قوللىنىلغان.

① «تۈركى تىللار دىۋانى»، 1 - توم، 181 - بەت.

«ئۈرۈڭ» نى تىلشۇناس مەھمۇت قەشقەرى «ئاق» دەپ چۈشەندۈرگەن. «ئۈرۈڭ» دىگەن سۆز بىلەن «ئوغۇزنامە» دىكى «ئۈرۈم» سۆزى تاۋۇش جەھەتتە كۆپ پەرقلەنمەيدۇ، ياكى ئىككىسى بىر سۆز بولۇپ، مەنىسى «ئاق» دىگەنلىك. ئۇيغۇرلار مىلادىدىن بۇرۇنقى 8 - ئەسىرلەردە «ئاق دى»، «قىزىل دى» دىگەن قەۋملەرگە بۆلۈنگەن بولۇپ، «ئۈرۈم خانلىق» ئۇيغۇرلارنىڭ «ئاق دى» قەۋمىنى كۆرسىتىدۇ. «ئالتۇن خانلىق» تىكى «ئالتۇن» قىزغۇچ بولۇپ، بىر قاراشتا «قىزىل» رەڭدىمۇ كۆرۈنىدۇ. شۇڭا «ئالتۇن خانلىق» نى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى «قىزىل دى» قەۋمىنى كۆرسىتىدۇ دەپ پەرەز قىلىش مۇمكىن. ئەمدى بۇلارنىڭ نىمە ئۈچۈن بۇنداق ئاتىلىدىغانلىقىغا كەلسەك، بۇمۇ ئوخشاشلا كۈن، ئايغا چوقۇنۇش ئەقىدىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. كۈن — قىزغۇچ بولۇپ، بىر قارىغاندا قىزىل رەڭگە مايىل كۆرۈنىدۇ، قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ كۈنگە چوقۇنىدىغان قەۋملىرى قىزىل چاپان كىيىشىپ، كۈنگە بولغان سۆيۈنۈش ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن. ئاي — كۆكۈش بولۇپ، بىر قارىغاندا ئاقۇش ياكى ئاققا مايىلراق كۆرۈنىدۇ، قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئايغا چوقۇنىدىغان قەۋملىرى ئاق چاپان كىيىشىپ، ئايغا بولغان سۆيۈنۈش ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن. كۈن شەرقتىن چىققاچقا، ئالتۇن خانلىق ئوغۇزخاننىڭ شەرق تەرىپىگە، ئاي غەرپتىن چىققاچقا، ئۈرۈم خانلىق ئوغۇزخاننىڭ غەرپ تەرىپىگە ماكانلاشقان. تېخى يېقىنقى يىللارغىچە، ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى ئارىسىدا ئەرلەرنىڭ قىپ - قىزىل چاپان (تون) كىيىشىپ، ئاياللارنىڭ (ئەرلەرمۇ بار) ئاپپاق پەرەنجە، ئۇزۇن يەكتەك كىيىشىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگىلى بولاتتى. قىسقىسى، «ئوغۇزنامە» دە تەبىئەتكە چوقۇنۇش باشقا ئىجتىمائى ئېتىقاتلارغا قارىغاندا جانلىق ۋە ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

## شامانىزىمنىڭ تەسىرى

«ئوغۇزنامە» دىكى بەزى ئادەتلەرنى شامانىزىمنىڭ تەسىرىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ بۇرۇن، ئەڭ ئۇزاق ۋە كەڭ دائىرىدە ئىشەنگەن دىنى. شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائى ئىدىئولوگىيىسىگە چوڭقۇر سىڭگەن. شامان دىنى ئاسمان تەڭرىسىنى مەركەز قىلىپ، كۆپ خۇدالىق دىنغا ئېتىقات قىلىدىغان، شۇنداقلا ئىپتىدائى ئىستىخىيىلىك كۆپ خۇدالىق دىنىدىن سۈنئى بىر ئىلاھلىق دىنغا ئۆتكەن دىنىدۇر. خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەرگە قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجداتلىرى مىلادىدىن بۇرۇنقى 8 - ئەسىرلەردە «ئاق دى» (白狄)، «قىزىل دى» (赤狄) دەپ ئاتالغان. بۇلار ئاق ۋە قىزىل چاپان كىيىدىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق پەرقلىق ئاتىلىدىكەن. مانا بۇ ئېنىق

شامان دىنىنىڭ تەسىرى. شامان دىنىدا تۆت خىل رەڭ ئارقىلىق تەرەپلەر ئاجرىتىلغان. مەسىلەن، كۆك رەڭ شەرقنى، قىزىل رەڭ جەنۇبنى، ئاق رەڭ غەربنى، قارا رەڭ شىمالنى كۆرسەتكەن. شامان دىنى تەبىئەتكە چوقۇنىدىغان ئىپتىدائىي ئېتىقات بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن ياكى تەبىئەتكە چوقۇنىدىغان ئىپتىدائىي ئېتىقاتتىن پەيدا بولغان. شۇڭا ئۇلارنىڭ كۆپلىگەن ئېتىقات مەزمۇنى ۋە شەكلى، رەسمىيەتلىرى ئوخشىشىپ كېتىدۇ. «ئوغۇزنامە»دە ئوغۇزخاننىڭ تەنتەنىلىك مۇراسىمىدا قىرىق غۇلاچلىق بىر ياغاچنىڭ ئۇچىغا ئالتۇن توخۇ قوندۇرۇلۇشى جەنۇبنىڭ بەلگىسى، قىرىق غۇلاچلىق يەنە بىر ياغاچنىڭ ئۇچىغا كۈمۈش توخۇ قوندۇرۇلۇشى شەرقنىڭ بەلگىسى. ياغاچنىڭ تۆۋىنىگە باغلانغان ئاق قوينى غەربنىڭ، قارا قوينى شىمالنىڭ بەلگىسى دەپ پەرەز قىلىشقىمۇ بولىدۇ. رەڭلەرگە بولغان قىزىقىش ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى تۇرمۇشىنىڭ خىلى كۆپ تەرەپلىرىدە دائىم ئۇچرايدىغان ئەھۋال ئىدى. مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى بايراق-تۇغلىرى يىپەك رەختتىن بولغان بولسا، چېدىر، كىيىم-كېچەك، ئات جابدۇقلىرىنىڭ رەڭلىرىمۇ شۇ خىلدا بولغان. ھونلار قەدىمقى ئاتلىق قوشۇنلىرىنى رەڭ تەرتىۋى بويىچە تۈزۈشنى ئادەت قىلغان. ئۇلۇغ تارىخچى سىماچيەن بەرگەن مەلۇماتقا قارىغاندا، ھون تەڭرىقۇتى مودۇ (باتۇر) مىلادىدىن بۇرۇنقى 200-يىلىدا خەنگاۋزۇنى داتۇڭ شەھرى يېنىدا يەتتە كېچە-كۈندۈز قورشاۋغا ئالغاندا، بىر نەچچە يۈزمىڭ خەن قوشۇنلىرىنىڭ شەرقىنى كۆك ئاتلىق، غەربىنى ئاق بوز ئاتلىق، شىمالىنى قارا ئاتلىق، جەنۇبىنى قىزىل توروق ئاتلىق 400 مىڭ ھون قوشۇنى قورشىۋالغان ئىكەن. «ئوغۇزنامە»دە بايان قىلىنغان ھادىسىلەر سىبىرىيىدىكى ياقۇتلار ئارىسىدا يېقىنقى دەۋرلەرگىچە ساقلىنىپ قالغان. 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ياقۇتلار ئارىسىدا ئۇزۇن ۋاقىت تۇرغان تۈركشۇناس ئى. پېكارىسكي بۇ خىل ئەھۋالنى كۆرۈپ ئېنىق خاتىرە قالدۇرغان. مەسىلەن، ياقۇتلار دائىم بوشلۇققا ئىككى ياغاچ تىكلەپ، ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىغا ئارغامچا تارتىپ، ئاندىن كىيىن جىن-شەيتانلارغا سوغا قىلىنىدىغان ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا باغلاپ قويىدىكەن.

ئەنئەنىۋى قاراش ۋە ئۆرپ-ئادەت بىر مىللەتنىڭ باشقا بىر مىللەتتىن پەرقلىنىدىغان مۇھىم خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى ئىجتىمائىي ئەنئەنىۋى قاراش ۋە ئۆرپ-ئادەتتۇر. ئۇيغۇرلار ئۇزاق دەۋرلەردىن بېرى ئۆزىگە خاس ئىجتىمائىي قاراش ۋە ئۆرپ-ئادەتنى شەكىللەندۈرۈپ كەلگەن خەلقلەرنىڭ بىرى. ئۇيغۇرلار قەدىمقى چاغدىن باشلاپ «ئاق رەڭ»نى بەخت-سائادەت، خاسىيەت، تەلەي، گۈزەللىك، خۇشاللىق، سۆيۈنۈشنىڭ سىمۋولى، «قارا رەڭ»نى پالاكەت، قايغۇ-ئەلەم، ئاغرىق-سىلاق، ئۆلۈم-يېتىمنىڭ سىمۋولى قىلىپ كەلدى. ياخشى ئادەملەرنى «ئاق كۆڭۈل ئادەم» دېسە، ئەسكى ئادەمنى

«قارا نىيەت، قارا يۈز، كۆڭلى قارا» دەيدۇ. يىراق سەپەرگە چىققان كىشىلەرنى ياخشى كۆڭۈل بىلەن «ئاق يول بولسۇن» دەپ ئۇزىتىدۇ. ئاق ساقال ئادەم، ئاق چاچلىق مويسىپىت، مومايلار ئالاھىدە ھۆرمەتلىنىدۇ. دەريا ـ ئېقىنلاردا ئۇزۇن مۇددەت سۇ كەلمەي، قۇرغاقچىلىق يۈز بەرسە، دېھقانلار دەريا بېشىغا بېرىپ ئاق قوي سويۇپ تەڭرىدىن سۇ، بەرىكەت، مەدەت تىلەيدۇ. كىشىلەر ئاغرىپ يېتىپ قالغاندا، قارا قوي سويۇپ، قېنىنى كېسەل كىشىنىڭ بويىنىدىن ئېقىتىپ، تېرىسىنى ئۇچىسىغا يېپىپ، كېسەلنى ئۈچۈرغىدايدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق كېسەل ئازاۋى، غەم ـ قايغۇنى كەتكۈزۈشكە ھەرىكەت قىلىدۇ. كىشىلەر ئۆلۈم كۈنلىرى ئەرلەر قارا كىيىم كىيىپ، بېلىگە ئاق باغلاپ مۇسىبەت، غەم ـ قايغۇغا چۆككەنلىكىنى ئىپادىلىسە، ئاياللار بېشىغا ئاق رومال چىگىپ مۇسىبەت، دەرت ـ ئەلەمنى تۈگىتىش ياكى ئۇنىڭ قايغۇ كۈچىنى يېڭىش ئارزۇسىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق قەدىمكى ئەنئەنىۋى قاراش ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنىڭ بەزى بىر ئىزلىرى «ئوغۇزنامە» دە خېلىلا گەۋدىلىك ئەكس ئەتكەن. ئوغۇزخان ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا تەنتەنىلىك مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، مەملىكىتىنى ئوغۇللىرىغا بۆلۈپ بېرىش ۋاقتىدا، مەيداننىڭ ئىككى تەرىپىگە بېكىتىلگەن ئىككى ياغاچنىڭ تۈۋىنىگە بىر ئاق قوي، بىر قارا قوي باغلاتقۇزىدۇ. بۇ قويلارنى سويغانلىق ھەققىدە «ئوغۇزنامە» دە ئېنىق بىر نەرسە دېيىلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن سويۇلىدىغانلىقى چوقۇم. ئاق قوي سويۇلسا بەخت ـ خوشاللىق، تەنتەنىنىڭ، قارا قوي سويۇلسا غەم ـ قايغۇ، پالاكەتنى تۈگىتىشنىڭ سىمۋولى دەپ ئېيتىش تامامەن مۇمكىن.

«ئوغۇزنامە» نى يۇقىرىقىدەك تەھلىل قىلىش، تەبىئىكى، ئۇنى پۈتۈنلەي دىنىي ئەسەر ئىكەن دېگەن تونۇشنى پەيدا قىلىدۇ. قەدىمقى دەۋرلەردىكى ھەر خىل سەنئەت شەكىللىرى ھەم گۈزەل سەنئەت مۇئەييەن دەرىجىدە دىنىڭ ئەتراپىدا بولىدۇ، شۇنداقلا دىن بىر خىل سەنئەتنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇئەييەن تەسىر كۆرسىتىدۇ، چۈنكى «ئاممىغا تەسىر قىلالايدىغان بارلىق مەنىۋى ۋاستىلار ئىچىدە بىرىنچى ۋە ئەڭ مۇھىم ۋاستە يەنىلا دىندۇر». قەدىمقى چاغلاردا ئەدەبىيات بىلەن دىن چەمبەرچەس باغلانغان. ئەدەبىياتنىڭ مەزمۇنى دىن بولسا، دىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى ئەدەبىيات ئىدى. ئۇ چاغلاردا يارىتىلغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى دىنىي مەقسەتلەر ئۈچۈن يارىتىلاتتى. مەسىلەن، رەسساملىقنى ئالساق، ئەڭ بۇرۇن كىشىلەر ئۆزلىرى چوقۇنغان مەبۇتلارنىڭ رەسىمىنى سىزغان، ھەيكەلتاراشلىقتا كىشىلەر ئېتىقات قىلىدىغان مۇئەككەلنىڭ ھەيكىلىنى ياسىغان، ئۇسسۇل سەنئىتىدە بولسا، مەبۇتلارنى سېغىنىش، ھۆرمەتلەش، ئۇنىڭغا باش ئېگىش مەزمۇن قىلىنغان. ئەدەبىياتمۇ خۇددى شۇنداق، مەبۇتلارنى مەدھىيىلەش، سېغىنىش، ئۇلارغا مۇناجاتلار ئوقۇش قاتارلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدى. مەسىلەن، ھىندىستانلىقلار-

نىڭ «رىگۋېدا» سى، يۇنانلىقلارنىڭ «ئىلىيادا»، «ئودىسسىيا» سى، ئىرانلىقلارنىڭ «ئاۋېستا» سى مانا شۇنداق ئەسەرلەر. ئېنگېلس مۇنداق دېگەن ئىدى: «بارلىق دىنلار كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان تاشقى كۈچلەرنىڭ كىشىلەر كاللىسىدىكى خىيالىي ئىنكاسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، بۇنداق ئىنكاستا بۇ ئالەمدىكى كۈچلەر بۇ ئالەمدىن تاشقىرىقى كۈچلەر شەكلىنى ئالىدۇ. تارىخنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ئالدى بىلەن تەبىئەت كۈچلىرى مۇشۇنداق ئىنكاسقا ئىگە بولغان ئىدى ... ئەمما تەبىئەت كۈچلىرىدىن باشقا، كۆپ ئۆتمەيلا ئىجتىمائىي كۈچلەرمۇ رول ئوينايدۇ. بۇنداق كۈچلەر تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش، ئادەم ئۈچۈن يات بولىدۇ، دەسلەپتە چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ، ئۇ ئوخشاشلا كۆرۈنۈشتىكى تەبىئىي زۆرۈرىيەت بىلەن ئادەمگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. دەسلەپتە پەقەت تەبىئەت دۇنياسىنىڭ سىرلىق كۈچلىرىنىلا ئەكس ئەتتۈرگەن خىيالىي ئوبرازلار ئەمدى يەنە ئىجتىمائىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان، تارىخىي كۈچلەرنىڭ ۋەكىلى بولۇپ قالىدۇ» ①. ئېنگېلسنىڭ بۇ سۆزىنى «ئوغۇزنامە» گە تەتبىقلايدىغان بولساق، ئۇنىڭدىكى مەزمۇنلارنىڭ قانچىلىق سىرلىق، دىنىي تۈسىنىڭ قانچىلىك قويۇق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، تارىخنىڭ ئىنكاسى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭدىكى كۈچلەر تارىخىي كۈچلەرنىڭ ۋەكىلى ئىكەنلىكى، «ئوغۇزنامە» دىن دىنىي يوپۇقنى ئېلىۋەتسەك، رېيال مەزمۇنىنىڭ ئۆزىلا قالىدىغانلىقى ھېچقانداق مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان مەسىلىگە ئايلىنىدۇ.

دېمەك، «ئوغۇزنامە» ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمقى دەۋردىكى دىنىي ئېتىقادى، ئۆرپ-ئادىتى، ئەنئەنىسى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى، قىسقىسى، قەدىمقى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى ئۆگىنىشتە مۇھىم ماتېرىيال، ئىسىل ئەدەبىيات ۋە تارىخ خاتىرىسى.

ئاخىرىدا شۇ نەرسىنى قىستۇرۇپ ئۆتۈش زۆرۈركى، بەزىلەر «ئوغۇزنامە» نى 10 - ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدە شەكىللەنگەن، بۇ شۇ دەۋرنىڭ مەھسۇلى دەپ قاراۋاتىدۇ. بۇنداق دېيىش زادى پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. «ئوغۇزنامە» دە بۇددا، مانى، خرىستىيان، زورو ئاستېر، ئىسلام دىنىغا مۇناسىۋەتلىك ھېچقانداق تەسىر يوق. بۇددا دىنىنىڭ شىنجاڭغا كىرگىنىگە 2000 يىلدىن ئاشتى. مانى دىنى 762 - يىللىرى ئۇيغۇرلارنىڭ موڭغۇلىيىدە ياشايدىغان قىسمىغا كىرگەن. باشقىلار ھەققىدىمۇ شۇنداق ئېيتىش مۇمكىن. قىسقىسى، «ئوغۇزنامە» يىراق قەدىمقى دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەت باسقۇچىدا بىخلىنىشقا باشلاپ، سىنىپىي جەمئىيەتكە كەلگەندە تاكامۇللاشقان. «ئوغۇزنامە» نىڭ قەدىمقى ئۇيغۇرچە نۇسخىلىرىدىن باشقىلىرىغا كېيىنكى دەۋرلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى سىڭگەن بىلەن، ئۇيغۇرچە نۇسخىلىرىغا ئانچە سىڭمىگەن. شۇڭا، ئۇنى تەھلىل قىلغاندا ئىجتىمائىي مۇھىت، ئىجتىمائىي ئېتىقات بىلەن باغلاپ تەھلىل قىلىش مۇھىم.

① «دىيۇرىڭغا قارشى»، 608-، 609-بەتلەر، 1972 - يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى.

# دىكتورلۇق ھەققىدە بەزى چۈشەنچىلىرىم

تۇرسۇن تىلىۋالدى

بىز ھازىر گېزىت - ژورنال، رادىيولاردا قوللىنىلىۋاتقان دىكتور ( diktor ) ئاتالغۇسى لاتىن تىلى بولۇپ، سۆزلىگۈچى، نۇتۇق سۆزلىگۈچى مەنىسىنى بىلدۈرگەن. كېيىنرەك مىكرافون ئالدىدا، رادىيو ئىستانسىلىرىدا مىكرافون ئارقىلىق سۆزلىگۈچى شەخس مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئاتالغۇ بولۇپ ئومۇملاشقان. دەۋرىمىز تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، خەلق تۇرمۇشىدا رادىيو، تېلېۋىزىيە كەڭ ئومۇملاشقاندىن كېيىن، دىكتورلۇق ئالاھىدە بىر خىزمەت ساھەسى، كەسپىي ساھە بولۇپ شەكىللەندى.

ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدا مەركىزىي شەھەر ئورۇنلىرىدىن تاكى ناھىيە، گۇڭشې، دادۈي ۋە زاۋۇت. كان، كارخانا، مەكتەپلەرگىچە ھەممە ئورۇندا رادىيو ئىستانسىلىرى، رادىيو ئۇزېلىلىرى بار. بۇ ئورۇنلاردا ئون مىڭلىغان كىشىلەر دىكتورلۇق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھەر خىل تىللاردا پارتىيىمىزنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىدۇ . بۇنىڭدىن دىكتورلۇق خىزمىتىنىڭ نەقەدەر مۇھىم، شەرەپلىك خىزمەت ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ .

مەن يىگىرمە نەچچە يىلدىن بۇيان، پارتىيە تاپشۇرغان شەرەپلىك دىكتورلۇق خىزمىتىنى ئادا قىلىپ كېلىۋاتىمەن، نەتىجىسى زور بولمىغان خىزمىتىم جەريانىدا بەلگىلىك تەجرىبە - ساۋاق، چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇم. بۇ ماقالام ئارقىلىق كەسپداشلىرىمىزنىڭ پىكىر - مۇلاھىزىلىرى ئۈچۈن دەسلەپكى ھېس قىلغانلىرىمنى ئېيتىپ باقماقچىمەن .

جەمئىيەتتە ھەر قانداق بىر جامائەت پىكرى قورالى، مەسىلەن، گېزىت، ژورنال، رادىيو، تېلېۋىزىيە قاتارلىقلار مەلۇم سىنىپنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. بىز ئىشلەۋاتقان رادىيو، تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى جۇڭگو گۇڭچەنداڭى رەھبەرلىك قىلىدىغان، مەملىكىتىمىزدە تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا خىزمەت قىلىدىغان، پرولېتارىيات سىنىپىيلىكىغا ئىگە جامائەت پىكرى قورالى، شۇنداقلا كەڭ خەلق ئاممىسىغا تەشۋىق - تەربىيە ئېلىپ بارىدىغان ئەڭ ئۈنۈملۈك قورال.

دىكتور ئەنە شۇ ئۇنۇملۇك زامانىۋى قورال بولغان ماشىنا - ئاپاراتلار ۋاستىسى بىلەن پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئۆزىنىڭ تىل ماھارىتى، تىل سەنئىتى ئارقىلىق خەلق ئاممىسىغا ئۆز ۋاقتىدا، دەل يەتكۈزگۈچىدۇر.

تىل — سىنىپىيلىققا ئىگە ئەمەس، لېكىن ئۇ بەلگىلىك سەنئەت دەرىجىسىگە كۆتىرىلىپ مەلۇم بىر ئىدىيىنى بايان قىلىۋاتقاندا، سىنىپىلىققا ئىگە بولىدۇ. تىل سەنئىتى ئاساسەن يازما سەنئەت، لەۋزىي سەنئەت دەپ ئايرىلىدۇ. لەۋزىي سەنئەت بىرەر مەقسەت، بىرەر ئۇقۇمنى ئاڭلىتىشتا غايەت زور تەسىر كۈچىگە ئىگە بولۇپ، تاتلىق، مۇلايىم، ئاۋاز بىلەن ئېيتىلغان سۆز كىشىنىڭ قەلبىنى رام قىلىدۇ. ئاچچىق سۆز، قوپال ئاۋاز بىلەن ئېيتىلغان ئىبارە كىشىنىڭ غەزىۋىنى ئۆرلىتىدۇ. نۇتۇق سەنئىتىگە ئىستىتىك مەزمۇن قوشۇلسا، ھاياتىي كۈچ ھاسىل بولىدۇ. بىز بۇ يەردە ئېيتىۋاتقان تىل سەنئىتى سۆز-جۈملىنىڭ بەدىئىي شەكلى، لوگىكىلىق باغلىنىشى، ئىپادىلەش ماھارىتىدىن باشقا، تىل سەنئىتىنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرىدىغان يەنە بىر لەۋزىي سەنئەت—ئىنتوناتسىيەنىمۇ كۆرسىتىدۇ. تىل ھەر قانچە چىرايلىق، ئىخچام، مەزمۇنلۇق بولغان بىلەن، ئىپادىلەش سەنئىتى ياخشى بولمىسا، ئاڭلىغۇچىلارغا بەربىر چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ مەشھۇر ناتىقلىرى ئۆز نۇتقىنىڭ بەدىئىي تۈزۈلۈشى ۋە مەنتىقىي كۈچى بىلەنلا ئەمەس، يەنە قاتتىق، يۇمشاق، يۇقۇرى تۆۋەن، ئۇزۇن، قىسقا ئاۋاز شەكلى، ئىنتوناتسىيە ئۇسۇلى بىلەن ئۇن مىڭ، يۈز مىڭلىغان كىشىلەرنى ئۆز پىكرىگە مايىل قىلغان، يا غەزەپكە كەلتۈرگەن، يا مۇھەببەتكە مايىل قىلغان. بۇ ھال بىزنىڭ خىزمەت، تۇرمۇشىمىزدىمۇ كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، بىر پارچە ماقالىنى ئوقۇغۇچى دىكتورنىڭ ئاڭلىتىش سەنئىتى ياخشى، ئىنتوناتسىيىسى توغرا، ماھارىتى يۇقۇرى بولسا، ئۇ ئەسەر كىشىلەردە چوڭقۇرراق تەسىر قالدۇرىدۇ. ئوقۇش سەنئىتى ياخشى، ئىنتوناتسىيىسى توغرا بولمىسا، ئاڭلىغۇچىلاردا بەلگىلىك تەسىر قالدۇرالمايدۇ.

جۇڭگو خەلقىنىڭ بۈگۈنكى نىشانى 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئارقىلىق جۇڭگونى باي - قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت. تەشۋىقات ئورۇنلىرىمىز ۋە جامائەت پىكرى قوراللىرىمىزنىڭ ھازىرقى ۋەزىپىسى پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى خەلققە تەشۋىق قىلىپ، خەلقنى 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىش، يېتەكلەش، تولۇپ - تاشقان ئىشەنچ بىلەن ئالغا بېسىشقا ئىلھاملاندۇرۇشتىن ئىبارەت.

زامانىمىزدىكى تەشۋىقاتچىلىقنىڭ يۇقۇرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، نەشرىياتچىلىق، گېزىت، ژۇرنال، رەسىم، تىياتىر، رادىيو، تېلېۋىزىيە قاتارلىق شەكىللىرى بار. بۇنىڭ ئىچىدە

رادىيو تەشۋىقاتى تەسىرى بىر قەدەر كەڭ، مەزمۇنى، شەكلى بىر قەدەر كۆپ ساھە. رادىيو تەشۋىقاتى ئاساسەن خەۋەر، تۇڭشۈن، تەكشۈرۈش دوكلادى، ئوبزور، ماقالا، باشماقالا، ئىلمىي ماقالا، تەھرىر سۆزى، زىيارەت خاتىرىلىرى، ئوچېرك، زاۋېن، تەنقىدىي ماقالىلارنى، شېئىر، ھېكايە، پوۋېست، رومان، تۈرلۈك سەھنە ئەسەرلىرى، پەننىي ساۋات قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ خىل تەشۋىقاتلار رادىيودا دىكتورلۇق سەنئىتى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئۇنداق بولسا، دىكتورلۇق سەنئىتى دېگەن نېمە؟ دىكتورنىڭ ئاڭلاتماقچى بولغان ئاخبارات ئەسەرلىرى تۈرلۈك ئاپتورلار تەرىپىدىن يېزىلغان بەدىئىي ئىجادىيەت. دىكتورنىڭ ئاڭلىتىش سەنئىتى بولسا، ئەنە شۇ ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىغا قوشۇلىدىغان يېڭى ئىجادىيەتتۇر، بۇنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى دىكتورنىڭ ئىدىيىۋى ھەسسىياتى، سىياسىي چۈشەنچىسى، مەسئۇلىيەتچانلىقى، قىزغىنلىقى، چۈشىنىش قابىلىيىتى، ئىپادىلەش ماھارەتلىرىدىن ئىبارەت. ئەگەر دىكتورنىڭ ئۆگىنىشى ياخشى بولمىسا، يۇقۇرىدىكى خۇسۇسىيەتلەرنى ئۆزىدە يېتىلدۈرمىسە، دىكتورلۇق سەنئىتىنى يېڭى ئىجادىيەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، سۆزلىنىۋاتقان مەزمۇننى جانلىق ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ. ھەر قانداق ئەسەرنىڭ مەزمۇنى مەلۇم بەدىئىي شەكىل ۋە ئۇسلۇب بىلەن ئىپادىلىنىدۇ، ھەر خىل مەزمۇن ۋە بەدىئىي ئۇسلۇبتىكى ئەسەرلەر ئۆزىگە مۇناسىپ ئاھاڭدارلىق، ئىنتوناتسىيە سەنئىتى ئارقىلىق بايان قىلىنسا، ئۇ ئەسەرنىڭ كۆركەملىك قىممىتى ئاشىدۇ، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ تېگىشلىك باھاسىغا ئېرىشىدۇ. بەزى دىكتورلار نەپەسى ئىسسىق، ئاڭلىتىش ماھارىتى يۇقۇرى، تىلى ئېنىق، تۇررۇغلۇقمۇ، ئاڭلىغۇچىلارنى دېگەندەك جەلپ قىلالمايدۇ، ھەتتا زېرىكتۈرۈپ قويىدۇ، بۇنىڭ تۈپ سەۋەپلىرىدىن بىرى، دىكتورنىڭ شۇ ئەسەرنىڭ مەزمۇنىغا بولغان چۈشەنچىسىنىڭ كەملىكى، تەسىراتىنىڭ ئۆزەلىكى، شەخسىي قىزغىنلىقىنىڭ قوزغالمىغانلىقىدىن كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا ھەر قانداق بىر ئەدەبىي ئەسەر، سىياسىي ماقالا ۋە ئاخبارات خەۋەرلىرىنى مىكروفوندا ئوقۇغاندا ياكى ئاڭلاتقاندا، دىكتور ئەلۋەتتە شۇ ئەسەرنىڭ مەزمۇنىغا سىڭىپ كىرىشى، ھاياجانلىق ئىبارىلەرنى جانلاندۇرۇش ئاۋازى بىلەن، ھەمداشلىق بىلدۈرۈلگەن ئىبارىلارنى سەممىي ئاۋاز بىلەن، غەزەپلىك ئىبارىلەرنى نەپرەتنى قوزغايدىغان ئاۋاز بىلەن ئاڭلىتىشى لازىم.

يۇقۇرىدىكىلەردىن باشقا، دىكتورلۇق سەنئىتىدە يەنە تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە شەرت ھازىر بولۇشى لازىم، دەپ قارايمەن:

1. رادىيو، تېلېۋىزىيە مىكروفونى ئالدىدا سۆزلەۋاتقان دىكتورنىڭ تەلەپپۇزى چوقۇم شۇ مىللەتنىڭ خەلق ئاممىسى چۈشىنىدىغان، مەتبۇئاتتا قوللىنىلىدىغان ئورتاق

تەلەپپۇزدا سۆزلىشى كېرەك. دىكتورلار ئۆزىنىڭ قايسى جاي، قايسى رايونغا مەنسۇپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، شەرتسىز ھالدا مەركىزىي دىئالېكتنى ئاساس قىلغان ئورتاق تەلەپپۇزدا سۆزلىشى لازىم.

2. دىكتورلار ئۆز مىللىتىنىڭ تىلى، گىراممانىكىسىنى پىششىق بىلىشى لازىم. ئۇيغۇر تىلىدىكى جۈملىلەر ئاددىي جۈملە، قوشما جۈملە، بۇيرۇق جۈملە، شەرت جۈملە، سوئال جۈملە، خەۋەر جۈملە، شوئار، چاقىرىق، مۇراجىئەت جۈملىلەرگە بۆلۈنىدۇ. ھەر قايسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئۈندەش، سوئال، توختاش، تىنىش بەلگىلىرى ۋە يۇقىرى، تۆۋەن، ئۇزۇن، قىسقا، ئايرىما، ياندۇرما، سوكۇتتە تۇرۇۋېلىش قاتارلىق ھېسسىياتلارنى بىلدۈرىدىغان ئاۋازلىرى بار. ئۇلارنى پەرقلەندۈرمەي تەسۋىگە تىزىلغان مارجاندەك بىر قېلىپتا ئوقۇۋېرىشكە بولمايدۇ. گىراممانىكىنى پۇختا بىلمىگەن دىكتور خەۋەر جۈملىنىڭ ئاخىرىنى سوئال جۈملىنىڭ ئاھاڭى بىلەن چۈشۈرۈپ كۈلكىگە قالىدۇ.

3. دىكتور خۇددى ناخشىچى ئارتىستلارنىڭ ئاۋاز پەردىسىنى ۋە دىماغ ئاۋازلىرىنى تەربىيىلىگىنىگە، ئاسرىغىنىغا ئوخشاش، ئۆزىنىڭ ئاۋاز پەردىسىنىڭ نازۇك، زىل، كۆركەم، چىرايلىق بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىشى، ئاۋاز پەردىسىنىڭ بىر نەچچە يىلدىلا كونىراپ كېتىشىدىن ساقلىنىشى لازىم.

4. دىكتورلارنىڭ ھېكايە، رومان، شېئىر، ئەدەبىي پارچىلارنى ئوقۇش سەنئىتىمۇ ئالاھىدە مۇھىم. ئەگەر بىرەر رومان ياكى ھېكايىنى ئوقۇغاندا، پېرسوناژلارنىڭ قايسى ئەر، قايسى ئايال، قايسى ئىجابىي، قايسى سەلبىي، قايسىسىنىڭ خۇي - پەيلى قانداق، ئۆزىگە لايىق ئاھاڭ، تەلەپپۇز بىلەن پەرقلەندۈرۈپ ئوقۇماي، سالام خەت ئوقۇغاندەك ئوقۇسا ئاڭلىغۇچىلارغا تەسىرى كۈچلۈك بولمايدۇ. ھازىر شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسىنىڭ دىكتورلىرى بۇ مەسىلىگە خېلى ئېتىبار بېرىپ، رومان ئوقۇش سەنئىتىنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرمەكتە.

يۇقۇرىدىكىلەر مېنىڭ دىكتورلۇق سەنئىتى ۋە ماھارىتى ھەققىدە دەسلەپكى تەسىراتلىرىم. ئەمدى ئۆزەمنىڭ 20 نەچچە يىللىق دىكتورلۇق خىزمىتىدىكى نەتىجىگە كەلسەم، ئېغىزغا ئالغىدەك نەرسە يوق. پەقەت 20 نەچچە يىل جەريانىدا پارتىيە تاپشۇرغان بۇ شەرەپلىك خىزمەتنى ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزمەي بىر قەدەر پاكىز، ئەستايىدىل ئادا قىلدىم دېسەملا بولىدۇ.

# تۇغلۇق تۆمۈرخان ھەققىدە قىسقىچە بايان

## (مۇشتەرىلەر خېتىگە جاۋاپ)

**ماخمۇت يۈسۈپ**

قورغاس ناھىيە بازىرىنىڭ 30 نەچچە كىلومېتىر غەربى - شىمالىدىكى ئەزەن دۆڭ دۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىگە جايلاشقان قورغاس مازار دېگەن جاي بار. بۇ جايدا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مۇندىن 7 ئەسىر بۇرۇنقى گۈزەل سەنئىتى، كاھىشچىلىقى ۋە بىناكارلىقىنىڭ داڭلىق نەمۇنىسىنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇرغان ھەيۋەتلىك گۈمبەز قەد كۆتىرىپ تۇرىدۇ. ئىشىكى شەرققە قاراپ تۇرغان بۇ گۈمبەزنىڭ، ئىگىزلىكى 3 قەۋەت بىناچىلىك بار، گۈمبەزنىڭ تاملىرى خىشتىن ياسالغان بولۇپ، ئالدى تەرىپىگە ئاجايىپ گۈزەل نەقىش ئىشلەنگەن جانان كاھىشلىرى ئورنىتىلغان. بۇ جانان كاھىشلار ھەر خىل رەڭلەر بىلەن زىننەتلەنگەن بولۇپ، بۇ رەڭلەر 700 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بىرى ئۆڭمەي جۇلالىنىپ تۇرماقتا. بۇنداق گۈزەل سەنئەت، كاھىشچىلىق، بىناكارلىق ۋە بوياقچىلىق جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ جۈملىدىن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ غۇرۇرىدۇر. بۇ گۈمبەز 14 - ئەسىردە ياسالغان بولۇپ، تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ قەۋرىسىدۇر.

تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ تارىخى ھەققىدە خەلق ئىچىدە نۇرغۇن راۋايەت بار. بەزىلەر تۇغلۇق تۆمۈرخان ھەزرىتى شامەشرەپنىڭ ئوغلى قۇنتەيجىنىڭ قىزىدىن تۇغۇلغان دېيىشىدۇ.

تارىختا قۇنتەيجى دېگەن كىشى بولغان، خەلق ئاغزىدىكى قونتاجى دېگەن كىشى مۇشۇ كىشىدۇر. قۇنتەيجى 17 - ئەسىردە ئۆتكەن، تۇغلۇق تۆمۈرخان 14 - ئەسىردە ئۆتكەن، ھەزرىتى شامەشرەپمۇ 17 - ئەسىردە ئۆتكەن. تۇغلۇق تۆمۈرخان بىلەن قۇنتەيجى، شامەشرەپلەر بىر دەۋرنىڭ كىشىلىرى ئەمەس، بۇ تارىخي پاكىتقا ئاساسەن، تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ شامەشرەپنىڭ ئوغلى ئەمەسلىكىنى ئېنىق. ئۇنداق بولسا، تۇغلۇق تۆمۈرخان زادى كىمنىڭ ئەۋلادى؟

«شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «ئۆزبەك تارىخى» دېگەن كىتابلاردىكى ماتېرىياللار ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، تۇغلۇق تۆمۈرخان

چىڭگىزخاننىڭ 7 - ئەۋرىسىدۇر. چىڭگىزخاننىڭ ئاتىسى يەسۇتاي باتۇر 12- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۇرۇغۇ ئىللىغان موڭغۇل كىنەزلىكلىرىنى ئۇرۇش بىلەن بويسۇندۇرۇپ، 13 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۆلىدۇ. يەنى 1201 — 1206 - يىللىرى موڭغۇللار بىرلەشتۈرۈلۈپ بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن ئۆلىدۇ. يەسۇتاي باتۇر ئۆلگەندىن كېيىن، 1206 - يىلى چىڭگىز خان ئونون دەرياسى بويىدا ئۆتكۈزۈلگەن ھەربىي فېئودالار يىغىلىشىدا چىڭگىز خان ( خۇدانىڭ ئەركىسى ) نامىنى ئېلىپ، ھەربىي ھاكىمىيەتنى رەسمىي ئورنىتىدۇ.

چىڭگىز خان 1211 - يىلدىن 1215 - يىلغىچە شىمالىي جۇڭگونى ئىگىلەيدۇ، 1221 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئوتتۇرا ئاسىيانى پۈتۈنلەي ئىگىلەپ بولىدۇ، 1223 - يىللىرىغىچە ئەرمەنىستان ۋە گرۇزىيىنى ئالىدۇ، كالكا دەرياسى بويىدا سلا-ۋەنلەر بىلەن پولوۋتسىلارنىڭ بىرلەشمە ئارمىيىسىنى يېڭىپ يۇرتىغا قايتىدۇ، 1227- يىلى چىڭگىزخان تاڭغۇتلار ( تۇبۇتلارغا ) ھۇجۇم قىلغان ۋاقىتتا ئۆلىدۇ.

چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى باتۇخان 1236 - يىلدىن 1240 - يىللارغىچە ياۋروپاغا ھۇجۇم قىلىپ، چېخلاردىن زەربە يەپ قايتىپ ۋولگا دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدا ساراي شەھرىنى پايتەخت قىلىپ، ئالتۇن ئوردا خانلىقىنى قۇرىدۇ. مانا مۇشۇ ۋاقىتتا كەلگەندە، موڭغۇل خانلىقى، ئالتۇن ئوردا خانلىقى، چاغاتاي خانلىقى، يۈەن خانلىقىدىن ئىبارەت 3 خانلىققا بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. چاغاتاي خانلىقىغا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كۆپ قىسمى، شىنجاڭ قارايتتى. تۇغلۇق تۆمۈرخان ئەنە شۇ چىڭگىز-خاننىڭ 7 - نەۋرىسى چاغاتاي نەسلىدىن بولغان، مىڭلى دېگەن خوتۇندىن 1328 - يىلى قورغاس مازىرىنىڭ جەنۇبىدىكى ( 20 كىلومېتىرچە كېلىدۇ ) تاجى دېگەن موڭغۇل قەلئەسى تەۋەسىدە تۇغۇلغان موڭغۇل ئەۋلادى.

تۇغلۇق تۆمۈرخان تۇغۇلۇشتىن سەل بۇرۇن، چاغاتاي خانلىقىدا بۆلۈنۈش يۈز بەرگەن ئىدى، بۇنداق بۆلۈنۈپ كېتىشكە ئىگىلىكنىڭ، دېھقانچىلىق ئىگىلىكى، چارۋىچىلىق ئىگىلىكى دەپ ئىككى خىل ئىگىلىككە بۆلۈنگەنلىكى مىللى، دىنىي مۇناسىۋەتلەردە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەر ۋە يۈەن سۇلالىسىنىڭ چىرىكلەشكەنلىكى سەۋەب بولدى.

« شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى » دېگەن كىتابتا. « موڭغۇللارنىڭ بىر قىسمى دېھقانچىلىق رايونلىرىغا كىرگەندىن كېيىن، تېز شۇ جايلارنىڭ تۇرمۇشىغا لايىقلىشىپ، تەدرىجى ھالدا يەرلىك ئاھالە تەرىپىدىن ئاسسىمىلاتسىيە قىلىنىپ كەتتى، بۇنىڭدا، ئاساسەن، ئۇلارنىڭ چارۋىچىلىقتىن دېھقانچىلىققا، كۆچمەنلىكتىن ئولتۇراقلىشىشقا ئۆتكەنلىكى، يەرلىك ئاھالە بىلەن قودىلاشقانلىقى، يەرلىك ئاھالىنىڭ تىلىنى قوللانغانلىقى ۋە يەرلىك

خەلقىنىڭ دىنى بولغان ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلغانلىقى ... چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ شەرقىي قىسمىدا ئەسەن بۇقا باشچىلىقىدىكى موڭغۇل خان جەمەتلىرى چارۋىچىلىق ئەنئەنىسىنى مەھكەم ساقلاپ، شەھەرگە ۋە دېھقانچىلىق رايونلىرىغا كىرىپ ئولتۇراقلىشىشنى زادى خالىمىغانلىقى ئۈچۈن، چاغاتاي ئۇلۇسى يەنە بۆلۈنۈشكە باشلىدى» دەپ كۆرسىتىلگەن (شۇ كىتاپنىڭ 302 - بېتىدىن). تۇغلۇق تۆمۈرخان مانا مۇشۇنداق شارائىتتا، چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ ئەسەن بۇقاخان باشقۇرغان شەرقىي قىسمىدا تۇغۇلدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان تۇغۇلۇپ 2 ياشقا كىرگەندە، ئەسەن بۇقاخان ئۆلدى، ئەسەن بۇقا ئۆلگەندىن كېيىن، خانلىق ۋارىسى بولمىغانلىقتىن، ئەسەن بۇقاخان دائىرىسىدىكى ھەر قايسى بۆلەكلەر 16 يىلغىچە ھەر قايسىسى ئۆزئالدىغا ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى. 1346-يىلى تۇغلۇق تۆمۈرخان 18 ياشقا كىرگەندە، ئاقسۇدىكى موڭغۇل دۇغلات قەبىلىسىنىڭ باشلىقى تۇغلۇق تۆمۈرنى ئىلىدىن ئاقسۇغا ئاپىرىپ، ئەسەن بۇقاخاننىڭ ئوغلى دەپ ئېلان قىلىش بىلەن خانلىققا ئولتۇرغۇزدى.

تۇغلۇق تۆمۈرخان باتۇر، ئۇقۇمۇشلۇق ئادەم ئىدى، بۇ ۋاقىتتا يۈەن سۇلالىسى زەئىپلىشىپ، غەربىي رايونغا قارىيالمىدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، چاغاتاي خانلىقىنىڭ بۇرۇنقى دائىرىسىنى قايتا بىرلىككە كەلتۈرۈش ھەركىتىنى باشلىدى. 1360 - يىلدىن 1361 - يىلغىچە بولغان 2 يىل ئىچىدە، ماۋارائۇننەھر، سەمەرقەنتنى ئۇرۇش ئارقىلىق بويسۇندۇرۇپ، چاغاتاي خانلىقىنىڭ بۇرۇنقى دائىرىسىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

تۇغلۇق تۆمۈرخان موڭغۇل خانلىقى ئىچىدە ئىسلام دىنىغا بىرىنچى بولۇپ ئېتىقات قىلغان خان. 1340 - يىللار ئىچىدە تۇغلۇق تۆمۈرخان شەيخ سەئىد راشىدىننىڭ تەشەببۇسىنى قوبۇل قىلىپ، ئىسلام دىنىغا كىردى ۋە ئۇنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن موڭ-غۇللاردىن 160 مىڭ كىشى ئىسلام دىنىغا كىردى، تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشى تاسادىپى ئەھۋال بولماستىن، بەلكى تارىخنىڭ يۈزلىنىشى ئىدى، يەنى شۇ ۋاقىتتا چاغاتاي خانلىقى دائىرىسىدىكى ئاھالىلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئىسلام دىنىدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈرك قەبىلىلىرى ئىدى، بۇنىڭدىن باشقا، جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە ماۋارائۇننەھردىكى موڭغۇل ئاھالىلىرى خېلى بۇرۇنلا ئاساسىي جەھەتتە ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلغان ئىدى. شۇڭا تۇغلۇق تۆمۈرخان چاغاتاي خانلىقىنىڭ بۇرۇنقى دائىرىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، خەلقنىڭ كۆپچىلىكى ئېتىقات قىلىدىغان ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت بۇ ئىجتىمائىي ئاڭنى ھاكىمىيەت باشقۇرۇشتا يېتەكچى ئىدىيە قىلماي بولمايتتى، مانا بۇ تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشىدىكى ئاساسىي سەۋەپ.

تۇغلۇق تۆمۈرخان چاغاتاي خانلىقىنىڭ بۆرۈنقى دائىرىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزى ئائىلە تەۋەلىرى بىلەن قورغاس ناھىيىسىدىكى قەلئەدە تۇردى ۋە شۇ يەردە 1363 - يىلى 35 يېشىدا ئۆلدى. ئۇنىڭ جەسىدى ھازىرقى قورغاس مازاردىكى تۇغلۇق تۆمۈرخان قەۋرىسىگە قويۇلۇپ، گۈمبەز ياسالدى. قورغاس مازاردىكى تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى ئەنە شۇ چىڭگىز خان ئەۋلادى بولغان تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ قەۋرىسىدۇر.

1941 - 1942 - يىللىرى تۇغلۇق تۆمۈرخان قەۋرىسى شىڭ شىسەي تەرىپىدىن ئاچقۇزۇلدى. قەۋرە گۈمبەزنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى ھۇلىدىن ئېچىلغان ئىدى، قەۋرە ئېچىلغاندىن كېيىن ئىچىدىن كۈمۈش بىلەن چەمبەرلەنگەن گۆەنەي (ئۆلۈك قاچىلانغان ساندۇق) چىقتى. دېمەك، تۇغلۇق تۆمۈرخان گۆەنەيگە سېلىپ كۆمۈلگەن ئىكەن. بۇنى كۆرگەن قورغاس ناھىيىسىدىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا: بۇ مازار يات دىنغا ئېتىقات قىلىدىغان ئادەمنىڭ قەۋرىسى ئىكەن، دېگەن غۇلغۇلا كېلىپ چىقتى. بۇ ئۇقۇشماسلىقنى بىزنىڭ شائىرىمىز تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ دادىسى زاكىر خەلپەم ھەل قىلدى، مەرھۇم زاكىر خەلپەم دىنىي پەيلاسوپ بولۇش بىلەن بىللە يەنە تارىخچى ئىدى. مەرھۇم زاكىر خەلپەم: تۇغلۇق تۆمۈرخان موڭغۇل مىللىتى بولۇپ، چىڭگىز خاننىڭ ئەۋلادى ئىدى. بىراق ئۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىپ، مۇسۇلمان بولغان، تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋاپات بولغاندا، لامادىنىدىكى موڭغۇللار بىلەن ئىسلام دىنىدىكىلەر ئارىسىدا دەپنە قىلىش توغرىسىدا تالاش يۈز بەرگەن، ئەڭ ئاخىرىدا، تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ جەسىدىنى يۇيۇپ، نامىزىنى چۈشۈرگەندىن كېيىن، لامادىنىدىكى موڭغۇللار گۆەنەيگە سېلىپ كۆمۈشكە كېلىشكەن، شۇڭا ئۇ گۆەنەيگە سېلىپ كۆمۈلگەن، دەپ نۇتۇق سۆزلەپ، خەلق ئىچىدىكى غۇلغۇلىنى ھەل قىلغان ئىدى.

تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرىنىڭ قىسقىچە بايانى مانا مۇشۇلاردىن ئىبارەت.



رەسىم: تۇغلۇق تۆمۈرخان مازارى

# شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى

# 新疆社会科学


تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى تەھرىر بۆلۈمى

(ئۈرۈمچى بېيجىڭ كوچىسى، تېلېفون نومۇرى 37937)

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ.

(مەملىكەت ئىچىدە ئوچۇق تارقىتىلىدۇ)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ

قەرەللىك ژۇرناللارنى تىزىملاش نومۇرى №302

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى 81 — 58.

باھاسى: 0.60 يۈەن